4

دۇ يىڭنەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ

# ئاخىرقى كۈنلىرى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

دۆ يىڭتەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زوڭتوڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

# (4)

تەرجىمە قىلغۇچى:  ئالىمجان ئازات

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林人民出版社 1999 年 9 月第 1 版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مەسئۇت خالىت
ئىلغارجان سادىق

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى (4)

ئاپتورى: دۇ يىڭتەي
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

*


شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.125
2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4320 — X/I • 2009
سانى: 1—2000
باھاسى: 9.50 يۈەن



بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاساسىي مەزمۇنى

ئامېرىكا \\ ئەسىردىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور دۆلەت، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى دۇنيادىكى داڭدار ئەربابلار، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇلار-نىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىن ھەممە كىشى خەۋەردار ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارلامېنت ئەزاسى، بەزى-لىرى ئادۋوكات، بەزىلىرى قورۇق ئىگىسى، بەزىلىرى ئەركىن ماقالە يازغۇچى، بەزىلىرى كىتاب تارقىتىش سودىگىرى، يەنە بەزىلىرى قەلەندەر بولۇپ كېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلا-ملىرىدا ئاددىي كىشىلەردەك ياشىغان.

تەختتىن چۈشكەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئا-مېرىكىلىقلارنىڭ كەسكىن رىقابەت مۇھىتىدا ياشاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگو نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن رىقابەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلىدىكى ئادەم ئىش-لىتىش تۈزۈمى بۇزۇپ تاشلاندى، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھەربىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. قولىڭىزدى-كى بۇ كىتاب پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئوقۇشلۇق بولۇپ كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ.

# مۇندەرىجە

**يىگىرمە سەككىزىنچى باب سان فرانسىسكودا يۈز بەر-
گەن پاجىئە**
— يىگىرمە سەككىزىنچى زۇڭتۇڭ ۋاررېن گامالىيېل
خاردىنگ ........................................... 1
**يىگىرمە توققۇزىنچى باب يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپ قازا
قىلغان**
— يىگىرمە توققۇزىنچى زۇڭتۇڭ كالۋېن كوئولىج ...... 32
**ئوتتۇزىنچى باب قان تۇكۇرگەنلىكتىن، نيۇيوركتىكى
ھەشەمەتلىك ئۆيدە ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزگەن**
— ئوتتۇزىنچى زۇڭتۇڭ خېربېرت كلاك خوئوۋېر ... 54
**ئوتتۇز بىرىنچى باب جورجىيە ئارىشاڭ ساناتورىيىسى-
دىكى ئەڭ ئاخىرقى توققۇز كۈن**
— ئوتتۇز بىرىنچى زۇڭتۇڭ فرانكلىن دېلانو روزېۋېلت
76 ...........................................
**ئوتتۇز ئىككىنچى باب «مۇستەقىللىق شەھىرى»دە كې-
سەل
بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتوم بومبا ئاتىسى**
— ئوتتۇز ئىككىنچى زۇڭتۇڭ خاررى S ترومىن ... 106
**ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى
داڭلىق گېنېرال**
— ئوتتۇز ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ دۋايت دەۋىد ئېيسېنخوۋېر

132 ..................................................
ئوتتۇز تۆتىنچى باب كېننېدىنىڭ قەستكە ئۇچرىشىنىڭ سىرى
— ئوتتۇز تۆتىنچى زۇڭتۇڭ جون فېتزگېرالد كېننېدى
163 ..................................................
ئوتتۇز بەشىنچى باب نادامەت ئىچىدە ئۆمرىنى ئاخىر-لاشتۇردى
— ئوتتۇز بەشىنچى زۇڭتۇڭ لىندېن باينېس جونسون
195 ..................................................
ئوتتۇز ئالتىنچى باب كىشىلىك ھاياتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش
— ئوتتۇز ئالتىنچى زۇڭتۇڭ رىچارد مېلخوۋس نېكسون
221 ..................................................

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## سان فرانسىسكودا يۈز بەرگەن پاجىئە

### — يىگىرمە سەككىزىنچى زۇڭتۇڭ ۋاررېن گامالىيېل خاردىنگ



ۋاررېن گامالىيېل خاردىنگ 1865 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئوخىئو شتاتىدىكى بلۇمىن گرووۋ بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. بوۋىسى شوتلاندىيىلىك، دادىسى دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان. خاردىنگ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق بولۇپ، يەللىك سازلارغا ھەۋەس قىلغان، كېيىن باسمىخانىغا شاگىرت بولۇپ كىرگەن؛

1879 - يىلى ئوخىئو شتاتىدىكى مەركىزىي ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا كىرگەن؛

1883 - يىلى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھەپتىلىك گېزىتى «ئەينەك»تە مۇھەررىر ھەم تارقىتىش خادىمى بولغان؛

1895 - يىلى ئوخىئو شتاتىدىكى مارىئون ناھىيىسىدە مۇپەتتىش بولغان؛

1899 - يىلدىن 1903 - يىلغىچە ئوخىئو شتاتىنىڭ پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان؛

1904 - يىلدىن 1905 - يىلغىچە ئوخىئو شتاتىنىڭ مۇئاۋىن شتات باشلىقى بولغان؛

1915 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛

1920 ـ يىل 11 ـ ئايدىكى چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلغان، 1921 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاقسارايغا كىرگەن؛

1923 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى ئالياسكا شەھىرىگە زىيارەتكە كېتىۋېتىپ، سان فرانسىسكودا ئەللىك يەتتە يېشىدا ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزگەن.

## زۇڭتۇڭ تىنچىق چۈشتە سان فرانسىسكوغا يېتىپ كەلدى

1923 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئامېرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى مۇھىم شەھەر سان فرانسىسكودا هاۋا بەكلا ئىسسىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈزۈن بىر ماشىنا ئەترىتى شىمال تەرەپتىن كەلمەكتە ئىدى. سان فرانسىسكودىكى گولدېن گات كۆۋرۈكى ۋە دېڭىز بويىدىكى بۇ تاغلىق شەھەرگە تۇتىشىدىغان ئاساسلىق يوللارنى نەچچە يۈزلىگەن يەرلىك ساقچىلار پۈتۈنلەي قامال قىلىپ بولغانىدى.

ئەنگلىيىنىڭ ئوق ئۆتمەس پىكاپىنى مەركەز قىلغان، مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن لىق تولغان ئون نەچچە ماشىنىدىن تەشكىللەنگەن بۇ ئەترەت سان فرانسىسكوغا هەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا، شەھەرلىك هۆكۈمەت زۇڭتۇڭ خاردىڭنىڭ بۇ يەردە قىسقىغىنا توختاپ ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا، زۇڭتۇڭنىڭ بۇ يەردىكى ئامانلىقىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ماشىنا ئەترىتى ئۆتىدىغانلىكى يوللارنىڭ هەممىسىنى قاتتىق مۇهاپىزەت ئاستىغا ئېلىپ تۇرغانىدى.

زۇڭتۇڭ خاردىنگ ئايالى فلورېنس كلىن دېۋال خانىم

بىلەن ماشىنا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان ھېلىقى ئوق ئۆتمەس پىكاپتا ئولتۇراتتى. خاردىنگ بۇ يىل ئەللىك يەتتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئاپئاق تېرىسى ۋە رەتلىك كىيىنىشى، شۇنداقلا ئۆزگىچە سالاپىتى ئۇنى خېلىلا ياش كۆرسىتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېگىز ھەم قاۋۇل بەستى، يارىشىملىق كاستۇم-بۇرۇلكىسى، چىلان رەڭگىدىكى گالىستۇكى خاردىنگقا ئالاھىدە بىر خىل سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغانىدى.

بىراق، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايالى فلورېنىس قېرى ھەم تەرسا مىجەز كۆرۈنەتتى. خاردىنگدىن بەش ياش چوڭ بۇ ئايال دوغىلاق ھەم سېمىز، گۆش يۇزلۇك بولۇپ، تۇرقىدىن ئاياللاردا بولىدىغان ئىللىقلىق ۋە نازاكەتنى ئازراقمۇ تاپقىلى بولمايتتى. بىراق، ئۇ زوڭتۇڭنىڭ قېشىدا ئۆز ئىختىيارىچە بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان ئايال ئىدى. خاردىنگ ئاقسارايدا بىرەر چوڭ ئىشنى قارار قىلماقچى بولسا، ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئۆكتەم ئايالىغا مەسلىھەت سالماي قالمايتتى. ئۇنداق قىلمىسا، فلورېنىس خاردىنگنىڭ يۈزىنى ئاياپ ئولتۇرماي، ئاقسارايدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشاتتى.

بۈگۈنكىدەك ئىسسىق كۈندە، خاردىنگنىڭ ۋاشىنگتوندىن سان فرانسىسكوغا كېلىشى، شۇنداقلا نەچچە كۈن ئىلگىرى ئالياسكىغا ساياھەتكە بېرىشىمۇ پۈتۈنلەي يېنىدا ئولتۇرغان مۇشۇ ئايالنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولۇۋاتاتتى. خاردىنگ يول بويى قىزىق ئاپتاپتا كۆيۈپ، جاپا تارتقان بولسىمۇ، بۇ مۇز تەلەت ئايالنىڭ ئالدىدا چىشىنى چىشلەپ، ئاچچىق ئۆھسىنىپ قويۇشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى.

«ھەي، نېمە ئامال! بۇ قېرى جادىدىن بالدۇرراق قۇتۇلسام بولاتتى!» زوڭتۇڭ خاردىنگ ئىچىدە ئۇنى شۇنداق دەپ قارغايتتى. لېكىن ئۇ بۇ ھېسسىياتىنى چىرايىغا چىقىرىشقا پېتىنالماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

ئۇنىڭ فلورېنسىنىڭ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالماي مۇشۇنداق ئۆ-
تۈۋاتقىنىغا نەچچە ئون يىل بولۇپ قالغانىدى. ئەينى چاغدا،
ئوخىئو شتاتىنىڭ مارىئون ناھىيىسىدە «چولپان» گېزىتىنىڭ
تارقىتىش خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقان خاردىنگ ناھايىتى سالماق،
كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئەتراپىدا چىرايلىق قىزلار پەرۋانىدەك
چۆرگىلەپ يۈرەتتى، شۇڭا، شەيتان ئازدۇرغاندەكلا ئۆزىدىن بەش
ياش چوڭ، يەنە كېلىپ چىرايىنىڭ قىلچە تايىنى يوق فلورېنىس
بىلەن توي قىلىپ قالغانلىقى ئۇنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى.
لېكىن، ئەينى چاغدا ئۇ ھەقىقەتەن ئامالسىز قالغانىدى. ھېچقانـ
داق بىر يىگىتنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدىغان فلورېنسىنىڭ كېـ
لىشكەن خاردىنگدا مۇھەببەت ئويغىتالىشى مۇمكىنمىدى؟
دۇنيادىكى بەزى ئىشلار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كاللىسىدىن
ئۆتمەيدۇ. قېرى قىز فلورېنىس ئۆزى سەت بولغان بىلەن،
ئۇنىڭ دادىسى ئىنتايىن باي ئىدى. فلورېنسىنىڭ كەينىدە ئەنە
شۇنداق كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بولغاچقىلا، ئۇ مارىئون بازىرىدا
كۆزلىگە ياققان راۋۇرۇس يىگىتلەرنى تاللاپ دوست تۇتالايتتى.
خاردىنگ ئۇ قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلىگە پۈككەن ئەڭ ئاساسلىق
نىشان ئىدى! ئىقتىدارلىق ھەم كېلىشكەن خاردىنگ دەسلىپىدە
ئۆزىگە تۇشمۇ تۇش سۈركىلىپ يۈرگەن بۇ كۆرۈمسىز قېرى
قىزغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. كېيىن خاردىنگنىڭ
نامىنى چىقارغان «چولپان» گېزىتى ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىـ
لىققا دۇچ كەلدى. ئاشۇنداق قىيىن شارائىتتا، گېزىتنىڭ باش
مۇھەررىرى ھەم تارقىتىش خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقان خاردىنگ
ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا فلورېنىستىن پۇل قەرز ئېلىشقا
مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا يىـ
گىت بىلىپ ـ بىلمەيلا فلورېنسىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالدى.
ئۇ پۇل قەرز ئېلىۋەرگەچكە، ئاخىر بىر كۈنى قەرزنى قايتۇرالماي
قېلىشىدىن قورقۇپ قالدى، بىراق ئۇ كېچىككەنىدى.

— ئەگەر مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلمىسىڭىز، قەرز ئالغان پۇللارنى دەرھال قايتۇرۇڭ. بولمىسا، ئۇستىڭىزدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن!

فلۇرېنىس بۇ قوشقاچنى مىڭ تەسلىكتە تۇزاققا چۈشۈرگەن، قوشقاچ ئۇنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇچۇپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇ بىراقلا يۈزىنى ئۆرۈگەنىدى.

خاردىنگنىڭ قەرزلەرنى قايتۇرۇشقا ماجالى يوق ئىدى. ئۇ فلۇرېنىستىن قەرز ئالغان بىرمۇنچە پۇلنىڭ بىر قىسمىنى «چولپان» گېزىتىنىڭ نەشر ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن، يەنە بىر قىسمىنى خەجلەپ تۈگىتىۋەتكەنىدى. ياشلىق دەۋرىدىكى خاردىنگ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا تانسخانا ۋە قاۋاقلارغا بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆزىنى پىرقىراپ يۈرگەن ساھىبجامال قىزلارغىمۇ ئانچە ـ مۇنچە پۇل خەجلەپ بەرمىسە بولمايتتى. ئەمدىلىكتە، فلۇرېنىس يۈزىنى ئۆرۈپ، قەرزنى سۈيلىۋىدى، خاردىنگ ئۆزىنىڭ چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ قەرزنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ بولالمايتتى. بىراق، قەرزنى قايتۇرالمىغانلىقى سەۋەبلىك سوتقا تارتىلىپ قالسا، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بېرەتتى. ئاق كۆڭۈل ھەم كەيپ ـ ساپاغا ھېرىسمەن خاردىنگ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنداق دىشۋارچىلىقتا قالارىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى!

«ھەي، شۇنچىۋالا چىرايلىق قىزلار ئەتراپىمدا پىرقىراپ يۈرسە، ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرىنى تاللىيالماي، مۇشۇ سەت بىرنېمە بىلەن بىللە ياشارمەنمۇ؟» فلۇرېنىسنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، خاردىنگ بىر مەزگىل ناھايىتى ئازابلاندى بولدى ھەمدە ئۆزىمۇ خالىمىغان ئەھۋالدا، سەت بولسىمۇ پۇلى بار فلۇرېنىس بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەقىللىق ھەم ئىرادىلىك بۇ يىگىت سوتقا تارتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپلا، ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا مارئون بازىرىدىكى بۇ سەت قىز بىلەن توي قىلغان بولماس-

تىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كېيىنكى سىياسىي ئىستىقبالىنى چىرايلىق قىزلاردىنمۇ ئەلا بىلگەچكە، گۈزەللەر بىلەن سۆرىدى-
غان ياشلىق پەيزىدىن ۋاز كېچىپ، فلۇرېنس بىلەن زورمۇ زور تويى قىلغان؛ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشنى قارار قىلىدىغان
چاغدا، فلۇرېنسنىڭ قولىدىكى پۇل ۋە ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىج-
تىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنىڭ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان «چولپان» گېزىتىگە تېخىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىپلا قالماي، يەنە
كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىغىمۇ ياردىمى تېگىپ قېلىش ئېھتىمالى
بارلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. مۇبادا راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ كارىۋىتىمدا بىر سەت خوتۇن ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ يۈرەم-
تى؟! ئۇ توغرا پەرەز قىلغانىدى!

خاردىنگ فلۇرېنس بىلەن توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاياللىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشى ئاستىدا تېخىمۇ كەڭ
ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنىغا ئېرىشتى. ئۇ دەسلەپتە تەسىرى كۈچلۈك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە ئەزا بولدى، كېيىن،
فلۇرېنس ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ساھەگە كىرىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ئۇ ئوخىئو شتاتىنىڭ پالاتا
ئەزاسى بولغاندىن كېيىن، فلۇرېنس قولىدىكى پۇلغا تايىنىپ، ئەمەلدارلارنىڭ گېلىنى توختىماي ياغلاپ تۇردى. ئېرى ئوخىئو
شتاتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق سايلىمىغا قاتنىشىۋاتقان كۈنلەردە، فلۇرېنس ئۆيىدە كۈندە دېگۈدەك ھەر خىل ھاراق زىياپىتى،
تانسا كېچىلىكى ۋە ئولتۇرۇشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئې-
رىنى ئاخىر سىياسىي سەھنىگە يۆلەپ چىقاردى.

خاردىنگنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى شۇنىڭ بىلەن قانائەت تاپ-
تى. ئۇ گۈزەل قىزلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، يېنىدىكى بۇ سېمىز ھەم سەت ئايال
ئارقىلىق خەجلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان پۇلغا ۋە ئەمەلگە ئېرى-

شەلەيتتى، بۇمۇ خاردىنگنىڭ ئارزۇسى ئىدى، ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى يېقىنلىرىغا پات - پات مۇنداق دەپ قوياتتى:
«چىرايلىق ئايال ئالالمىغىنىمغا پۇشايمىنىم بار، لېكىن، مەن فلورېنىس ئارقىلىق باشقىلار ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمەن، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خۇشاللىنارلىق ئىش!»
فلورېنىس ئۆزى سەت، مىجەزى قوپال، ئاياللارغا خاس ئىللىقلىقى يوق ئايال بولسىمۇ، خاردىنگ ئۇنىڭ ئىرادە جەھەتتە ئەرلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا سەزدى. ئۇ ھەمىشە خاردىنگقا:
— سىز پالاتا ئەزاسى، شتات باشلىقى بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسىڭىز بولمايدۇ. مەن سىزنى ھامان بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئورۇنغا چىقىرىمەن! — دەيتتى.
خاردىنگ:
— مەن زۇڭتۇڭ بولالامدىم؟ — دەپ سورىغىنىدى، فلورېنىس:
— نېمىشقا زۇڭتۇڭ بولالمىغۇدەكسىز؟ پۇل بولسىلا كىشىلەر سىزنى ھىمايە قىلىدۇ. ئادەم بولسىلا نۇرغۇن ئاۋازغا ئېرىشەلەيسىز. مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسام، زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقالماسلىقتىن نېمە غەم قىلىسىز؟ — دېدى. لېكىن، خاردىنگ ئۇنىڭ گېپىگە كۆڭلىدە تولۇق ئىشىنىپ كېتەلمىدى. چۈنكى ئۇ شۇ چاغدا ئوخىئو شتاتىدىكى ئادەتتىكى بىر پالاتا ئەزاسى بولغاچقا، ھەيۋەتلىك ئاقساراينىڭ خوجايىنلىق ئورنىدا ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تۇيۇلاتتى! شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئۈمىد باغلىغانلىقىغا ئىچىدە تەشەككۈر ئېيتاتتى. فلورېنىس بىر كۈنى ئېرىگە مۇنداق دېدى:
— خاردىنگ، زۇڭتۇڭ بولۇپ قالسىڭىز، بۇ نەس باسقان مارىئوندىن دەرھال كېتەيلى جۇمۇ!

— نەگە بارىمىز؟
— ۋاشىنگتونغا!
خاردىنگ ئايالىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداق پىلانلارنى سوقۇۋاتقانلىقىنى دەماللىققا ھېس قىلالمىدى، ئۇ ئۆزىدەك ئوخشىمايدىغان شتاتىدىكى بىر پالاتا ئەزاسىنىڭ ۋاشىنگتونغا بېرىپ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمىدى.
1912 - يىل 6 - ئايدا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى چىكاگو شەھىرىدە قۇرۇلتاي ئاچقاندا، يىراقنى كۆرەر فلورېنس ئېرىنىڭ نامىنى چىقىرىدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ دەسلەپكى سايلامدا فوراكېرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاندىن خاردىنگنىڭ فېدېراتسىيە پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پۇل خەجلەپ بىر تۈركۈم پالاتا ئەزالىرىنى سېتىۋالدى. دەسلەپتە، خاردىنگ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق بۇرادىرى فوراكېرنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشتىن ئەندىشە قىلغانىدى. لېكىن فلورېنس ئۇنىڭغا:
— بۇنداق ئالاھىدە پۇرسەت كەلگەن چاغدا، فوراكېر ھېلىغۇ دوستىڭىز ئىكەن، دادىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشىڭىز كېرەك! — دېدى. دەرۋەقە، چىكاگودىكى قۇرۇلتايدا ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئايالىنىڭ دېگىنىدەك بولدى، فوراكېر سايلامدىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، خاردىنگ تەبىئىي ھالدا ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى. 1914 - يىل كۈزدە، خاردىنگ بىلەن ئايالى فلورېنس مارىئون بازىرىدىن ئايرىلىپ، ۋاشىنگتوندىكى كاتتا بىر داچىغا كۆچۈپ كەلدى!...
— ۋاررېن، نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسىز؟ ماشىنىدىن چۈشمىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى فلورېنس پىكاپتا كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلىگىنىچە بىئارام بولۇپ ئولتۇرغان خاردىنگقا. خاردىنگ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا كۆز يۈگۈرتۈپ،

ماشىنا ئەترىتىنىڭ خېلى كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ھېلىقى داڭلىق پۇل مۇئامىلە كوچىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايقىدى. بۇ يەردە تۇرۇپ، يىراقتىكى تېلېگرامما ئۇچۇر مۇنارىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، ئۇ 1906 - يىلى كالىفورنىيىدە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن قۇرۇلغان ئۇچۇر بەلگىسى، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى سان فرانسىسكودىن ئىبارەت بۇ تاغلىق شەھەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك سىمۋولى ئىدى.

زۇڭتۇڭنىڭ سىرتقا چىققاندا گارفېيلدقا ئوخشاش قەستكە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەرلىك ئەمەلدارلار زۇڭتۇڭ خاردىنگ ئۆتىدىغان بارلىق يوللارغا قاراۋۇل قويۇۋەتكەنىدى. خاردىنگ چۈشىدىغان پۇل مۇئامىلە كوچىسىدىكى «ئالتۇن تاغ مېھمانسارىيى»غا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئون قەدەمدە بىر پوست، بەش قەدەمدە بىر قاراۋۇل تۇراتتى. ئەتراپ قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى. خاردىنگ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەردىن ئېسىگە كەلگەن چاغدا، مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا تەق بولۇپ تۇرغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەدەپ بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىقىنى كۆردى.

— زۇڭتۇڭ ئالىيلىرى، قېنى مەرھەمەت! — دېدى شەھەر باشلىقى خاردىنگقا ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن.

بىراق، ئاقسارايدا ھەممىلا ئىشقا بىر قوللۇق رىياسەتچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان فلورېنس پىكاپىنىڭ ئىچىدىكى دىمىقچىلىققا چىدىيالماي قالغاچقا، خاردىنگدىن بۇرۇن پىكاپتىن چۈشۈۋالدى. ئەدەپ - قائىدىگە بەك دىققەت قىلىدىغان خاردىنگنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، تەرسا ۋە يولسىز ئايالىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى.

# بىر نىيەتتە بولمىغان ئەر - خوتۇن

مېھمانسارايىنىڭ ئون ئالتىنچى قەۋىتى زۇڭتۇڭنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇسى قىلىندى.

بارلىق ياتاقلار ئاقسارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. يەرلىك ساقچىلار بۇ مېھمانسارايىنىڭ ھەممىلا يېرىنى كونترول قىلغانىدى. ئون ئالتىنچى قەۋەتنىڭ تۆۋىنىدىكى مېھمانلار لىفتكە چىققان چاغدا ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتەتتى. ئون ئالتىنچى قەۋەتتىكى لىفتكە پەقەت زۇڭتۇڭنىڭ ھەمراھلىرىلا چىقىپ - چۈشەلەيتتى، قالغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ لىفت ياكى پەلەمپەي ئارقىلىق خاردىنگ ۋە ئۇنىڭ ئايالى تۇرۇۋاتقان ئون ئالتىنچى قەۋەتكە چىقىشىغا يول قويۇلمايتتى.

خاردىنگ قېنىپ بىر ئۇخلىۋالدى. ئۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئالياسكىغا زىيارەتكە كەلگەن چىشى يولۋاس فلۇرېنىسنى چۈشىدىمۇ تىللاۋاتاتتى: «بۇ ئالۋاستىنى ھامان بىر كۈنى تاشلىۋېتىمەن! مەڭگۈلۈك تاشلىۋېتىمەن! ...»

خاردىنگ فلۇرېنىس بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپلا كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشتە ئايالى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. چۈنكى، مىجەزى ئوسال ھەم پۇلدار بۇ ئايال بولمىغان بولسا، خاردىنگ ھازىرمۇ ئوخىئو شتاتىدىكى مارىئون بازىرىدا ھېلىقى «چولپان» ناملىق گېزىتنىڭ ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن بولاتتى. مۇشۇ باي ھەم تەدبىرلىك ئايال بىلەن توي قىلغاچقىلا، ئۇ ۋاشىنگتونغا كېلىپ ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىكى داڭدار شەخسكە ئايلىنالىغانىدى.

دېمىسىمۇ، خاردىنگنىڭ ھېچقانداق قابىلىيىتى يوق ئىدى. ئۇ ئايالىنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ پارلامېنت ئەزاسى بولۇۋالغان بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتە ھېچقانداق

قابىلىيىتىنى ئىپادىلىيەلمىگەنىدى. ئۇ كۈندە دېگۈدەك ۋا-
شىنگتوندىكى داچىسىدا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن هاراق ئىچەتتى، تانسا
ئوينايتتى، مۇناسىۋەت ئورنىتاتتى، گولف توپ ئوينايتتى. خار-
دىنگ ئۇچىغا چىققان شەهۋەتپەرەس بولۇپ، فلورېنس بىلەن توي
قىلىشتىن ئىلگىرى ئوچۇق - ئاشكارا هالدا ئاياللار بىلەن قويۇق
ئارىلىشىپ، سەتەڭلەر بىلەن ئىشق پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەنىدى!
لېكىن، فلورېنس بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، خاردىنگ بۇ
جەهەتتە يوشۇرۇن ئىش تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئايالى ئۇنى
كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆز يېنىدا تۇتاتتى. خاردىنگمۇ فلورېنسنىڭ
كۆڭلىنى ئالىدىغان بىر يۈرۈش ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بىر
مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، فلورېنس خاردىنگنى بۇرۇنقى شال-
لاقلىقىنى تاشلىغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ قالدى. لېكىن،
خاردىنگ خىلۋەت جايلاردا يەنىلا سەتەڭلەر بىلەن كۆڭلىنى خۇش
قىلىش ئارقىلىق، فلورېنس بىلەن بولغان سىياسىي نىكاه-
نىڭ ئۆز كۆڭلىدە قالدۇرۇۋاتقان بوشلۇقلىرىنى تولۇقلاپ
كېتىۋەردى.

1920 - يىلى چوڭ سايلام يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغدا خار-
دىنگ ئۆزىنىڭ پارتىيە ستاژى ۋە ياكى ئىقتىدارى جەهەتتىن
بولسۇن، هەرگىزمۇ جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ
نامزاتى بولالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى. شۇڭا «مېنىڭ بۇ
سايلام بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق» دەپ قاراپ، بۇرۇنقى-
دەكلا قاۋاقخانا، تانسىخانىلاردا ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرۈ-
ۋەردى. سايلامنىڭ ئىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى.

بىراق، فلورېنس جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن كىمنىڭ
زۇڭتۇڭ نامزاتى بولىدىغانلىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىپ، شۇ
هەقتىكى ئۇچۇرلارنى تىڭتىڭلاپ يۈرەتتى. بۇ پۇلدار ئايالنىڭ
ئەتراپىدا خەۋەرچىلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى گاستون
ئىسىملىك ئادەم فلورېنسقا بەكرەك يېقىن ئىدى. ئۇ فلورېنس-

نىڭ ۋاشىنگتوندىكى تۇرالغۇسىغا دائىم دېگۈدەك كېلىپ، جۇمـ.
ھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نامزات تاللاشقا
دائىر ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېقىتماي ـ تېمىتماي دوكلات قىلىپ
تۇراتتى.

فلۇرېنس تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭ ۋوئودرووۋ ۋە لودۋىن
(ئېللىنوئىس شتاتىنىڭ باشلىقى) قاتارلىقلارنىڭ نەچچە قېتىمـ.
لىق نامزات سايلىمىدا ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، بىر ـ بىرىگە
زادىلا يول بەرمەيۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇردى. ئۇ ھەقىـ.
قەتەن تەدبىرلىك ئايال بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. بارلىق ئەھۋالـ.
لارنى جىمجىت تۇرۇپ كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇ جۇمھۇرىيەتچىـ.
لەر پارتىيىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۇركۇم ئادەمنى مەخپىي سېتىـ.
ۋېلىپ، يۇقىرىقى ئادەملەر پۇت تېپىشىۋېرىپ چارچىغان چاغدا،
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خاردىنگنى مەيدانغا چىقارماقچى، ئۇنى
رىقابەت مەيدانىدىكى «قارا تۇلپار»غا ئايلاندۇرماقچى بولدى.
فلۇرېنسنىڭ پەرىزىچە، ئېرىنىڭ مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا كۇتۇلـ.
مىگەن ئامەتكە ئېرىشىپ، بىراقلا ھوقۇقنىڭ پەللىسىگە چىقىپ
قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى!

دەرۋەقە، ئونىنچى قېتىملىق ئاۋاز بېرىشنىڭ ئالدىدا، رىقاـ.
بەتكە چۈشكەن ھەرقايسى تەرەپلەر ئېرىشكەن ئاۋاز سانى بەلگىلەنـ.
گەن چەككە يەتمەي قالدى، فلۇرېنسنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىـ.
نى، بارلىق رىقابەتچىلەرنىڭ بىراقلا يېلى چىقىپ، داۋاملىق
رىقابەتلىشىش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ —
خاردىنگ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن، ئاستىرتىن پۇختا تەييارلىق قىلىۋاتقان فلۇرېنس خانىم
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، خاردىنگقا:

— ئەمدى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىدىغان ۋاقتىڭىز كەلـ.
دى! — دېدى. خاردىنگنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ بۇنداق
گۈزەل خىيالنى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغانىدى. شۇنداقلا ئۆزىدە

زۇڭتۇڭ بولغۇدەك، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇدەك قابىلىيەتنىڭ يوق-لۇقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ سىياسىي ساھەدىكى ئاشۇ زېرەك ھەم تەجرىبىلىك سىياسەتچىلەر بىلەن رىقابەتكە چۈشەلىشى مۇمكىنمۇ؟ فلۇرېنس ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن جېكىلىدى:

— خاتىرجەم ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىۋېرىڭ، سىز چوقۇم كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ بولالايسىز!...

خاردىنگ مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەيلا مەيدانغا چىقتى. شۇ چاغدا، ئونىنچى قېتىملىق ئاۋاز بېرىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. فلۇرېنس ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى گاستون قاتارلىق ئىشەنچلىك كىشىلىرىنى بۇيرۇپ، خاردىنگ ئۈچۈن ئالدىنئالا بىر سايلام نۇتقى تەييارلىتىپ قويغان؛ ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەر خىل مەسىلىلەرنى تىلغا ئالغان بولغاچقا، ئىشنىڭ تەرەققىياتى دەل فلۇرېنسنىڭ ئويلى-غىنىدەك بولۇپ چىقتى: خاردىنگ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يۇقى-رى ئاۋازغا ئېرىشىپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى!

«ئاناڭنى، جاھىل خوتۇن! ئۇ يېنىمدىلا بولىدىكەن، ماڭا بىر كۈنمۇ ئارامچىلىق يوق!»

1921 - يىلى قۇياش پارلاپ تۇرغان مارت ئېيىدا، خاردىنگ ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسى-مى ئۆتكۈزدى. گۈمبۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان ھۆرمەت توپى ساداسى ئىچىدە خاردىنگ چەكسىز شادلىق قايىنىمىغا غەرق بولدى. قائىدە بويىچە بولغاندا، ئۇ پۇلدار ھەم تەدبىرلىك ئايالىغا چىن كۆڭلى-دىن رەھمەت ئېيتىشى كېرەك ئىدى. مۇبادا فلۇرېنس بولمىغان بولسا، خاردىنگ ئۆمرىدە ئاقسارايغا قەدەم باسالمىغان بولاتتى. بىراق، خاردىنگ تەختكە چىققاندىن كېيىن، يېنىدىكى بۇ ئۆكتەم ئايال ئۇنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكىنى ھەددىدىن زىيادە چەكلىمىگە ئۇچراتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېقىنى گاستوننى زۇڭتۇڭنىڭ كۈندى-

لىك پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىشكە قويدى. مۇشۇ ئىشلار سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. خاردىنگ ئاقسارايغا كىرگەن دەسلەپكى چاغدا، ئايالى فلۇرېنىس ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

«بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشىشىڭىز پۈتۈنلەي مېنىڭ تىرىشچانلىقىمدىن بولدى. سىز زۇڭتۇڭ بولغاندىكىن، شۇنىڭغا لايىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىڭىز كېرەك. بولمىسا، خەلق هامان بىر كۈنى سىزنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ!»

خاردىنگدا ھېچقانداق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تاكتىكىسى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭدا نام چىقىرىش قارا نىيىتى بولغاچقا، ئايالىنىڭ قۇترىتىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن، ئۇ بەزى چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولدى. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا كاللىسى قۇيقۇرۇق خاردىنگنىڭ شەك ـ شۈبھىسىزكى چامى يەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم مەسلىھەتچىلىرىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، ۋاشىنگتوندا بىر قېتىملىق «توققۇز دۆلەت يىغىنى» چاقىرىپ، ئالدى بىلەن دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۆز نامىنى چىقارماقچى بولدى ھەمدە 1922 ـ يىلى ئەتىيازدا جۇڭگو، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، بېلگىيە، فرانسىيە، پورتۇگالىيە ۋە گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى ئاقسارايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يۇمىلاق شىرە يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ «ھەربىي تەييارلىقلىرىنى قىسقارتىش»نى مۇزاكىرە قىلغان ئاساستا «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى»نى ئېلان قىلدى.

خاردىنگنىڭ تەسىرى ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەسىنى لەرزىگە كەلتۈردى، ئەگەر ئۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىۋەرگەن بولسا، چوقۇم تەسىرى بار بىر سىياسەتچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كىم بىلسۇن، ئەھۋال ئۇنداق بولماي قالدى، خاردىنگ ئايالى فلۇرېنىس ئۆزى ئۇچۇن مىڭ بىر جاپادا تەييار قىلغان

رىلىستىن پەسكە سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ ئايىغى تۈگىمەيدىغان يىغىنلاردىن سەسكەندى، ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇۋېرىشتىن بىزار بولدى، ئايالىنىڭ خىلمۇ خىل چەكلىمىلىرىدىن دىمى سىقىلىپ كەتتى.

ئۇ بۇ بېشەم ئايالىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈۋەردى. ئاقساراي تارىختىن بۇيان ئامېرىكا خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، فلورېنىستىن قىلچە ئاياللىق ھۆزۈرىنى كۆرەلمەي كەلگەن خاردىنگ ئاياللار بىلەن مەخپىي كۆڭۈل ئېچىش ئىستىكىدىن بىر مىنۇتمۇ ۋاز كەچمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇشۇنداق يۈكسەك سىياسىي پەللىگە چىقىشىغا يار-يۆلەك بولغان ئايالى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت پەيدا بولدى. ئېرىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى كونترول قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن، فلورېنىس ئۇنىڭ يېنىدىن كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ئايرىلمايدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭدىن نېرۋىسى قاتتىق ئۆرلىگەن خاردىنگنىڭ بۇ جادۇگەر خوتۇننى بىر تېپىپلا ئاقسارايدىن چىقىرىۋەتكۈسى كېلەتتى!

خاردىنگ ئاستىرتىن ئاياللار بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاقسارايغا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. خاردىنگ ۋەزىپىگە قويغان ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھاراقكەش ۋە ئىشقۋاز ئادەملەر ياكى قولىدا مالىيە ھوقۇقى بار ماگناتلار بولۇپ، ئۇلار روكفېللېر ۋە خېنكلېردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مالىيە گۇرۇھى ئارقىلىق خاردىنگنى يېتەرلىك پائالىيەت راسخوتى بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. مۇشۇنداق مول مالىيە مەنبەسىگە ئېرىشكەن خاردىنگ فلورېنىستىن تەپ تارتماي ئاشنىسى بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈردى. بەزىدە ئاقسارايدا تاڭ ئاتقۇچە قىمار ئويناپ كۆڭلىنى ئاچاتتى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا فلۇرېنس پەقەتلا ئامال قىلالمىدى. ھازىر ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولغان خاردىنگ بۇرۇنقى ئوخشئو شتاتىدىكى رايىش پاقلان ئەمەس ئىدى، قولىدا ھوقۇقى ھەم پۇلى بار خاردىنگ فلۇرېنسنى كۆزگە پەقەتلا ئىلمايۋاتاتتى!

بۇ ئىشلار فلۇرېنسنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆكتەم مىجەزى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى خار-دىنگنىڭ ئاقسارايدەك مۇقەددەس جايغا كىرىشىگە باشتىن - ئاخىر بار - يۆلەكتە بولغان دەپ ھېسابلايتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئىلگىرىكى قۇلىقى يۇمشاق ئېرىنىڭ توساتتىنلا گەپ ئاڭلىماس بولۇۋالغىنىغا بوپتۇ دەپ تۇرالامدۇ؟!

خاردىنگ ئۆزى تەختكە چىققاندىن بۇيان يۈز بەرگەن كۆڭۈل-سىز ئىشلارنى ئويلاپ يېتىۋېتىپ، بىردىنلا كۆپتەك سېمىز ئايا-لى فلۇرېنسنىڭ ياتاق ئۆيگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى، فلۇرېنس:

— يەرلىك ئەمەلدارلار پەستىكى زىياپەت زالىدا تەييارلىغان ھاراق زىياپىتى باشلىناي دەپ قالدى! — دېدى. خاردىنگنىڭ يەنە بىردەم ئۇخلىغۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئايالى يېنىدا قاراپ تۇرغاچقا، نائىلاج كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەسكە چۈشتى.

## زۇڭتۇڭ تاڭ سەھەردە ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزدى

زىياپەتتە، خاردىنگ ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ قالدى. زىيا-پەتتىن كېيىن، شەھەر باشلىقى زۇڭتۇڭ خاردىنگقا ئاتاپ ھەيۋەت-لىك تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بەردى. سان فرانسىسكونىڭ شەھەر باشلىقى زۇڭتۇڭنىڭ تانسا ئويناشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇش ئۇ-

چۈن، ئالايتەن چىرايلىق قىزلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، خاردىنگنىڭ ئالدىغا تىزىۋەتكەنىدى. ھەيۋەتلىك جاز مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە، فلۇرېنس زالىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا سېرىق چاچلىق بىر قىز بىلەن بېرىلىپ تانسا ئويناۋاتقان ئېرى خاردىنگقا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. قارىغانسېرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلداپ ياندى، لېكىن، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. ئۇ ئاقسارايدا ھەممىنى دىر - دىر تىترىتىدىغان بېشەم ئايال بولسىمۇ، سان فرانسىسكودىكى بۇ ئاشكارا سورۇندا بېشەملىكىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ يىغىشتۇرۇۋېلىپ، چىرايلىق قىزنى قۇچاقلىغىنىچە خۇشال ھالدا تانسا ئويناۋاتقان ئېرىگە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئىچىدە بولسا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئېرىنى توختىماي تىللاۋاتاتتى.

تانسا ئويناش جەريانىدا خاردىنگنىڭ روھى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ تانسا مەيدانىدىكى تۇرقى بىر چەتتە ئولتۇرغان ئايالى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ قىزلار بىلەن ئاۋۋال رومبا، ئاندىن تانگو ئوينىدى. زۇڭتۇڭ پۈتكۈل زالدا بارلىق تانسىكەش ئاياللارنىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپ قالدى، ئىلگىرى ئاقسارايدا خامۇش ھالەتتە يۈرگەن خاردىنگ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى!

خاردىنگ راسا بىر ئويناپ، كۆڭلىنى ئېچىش نىيىتىگە كەلگەنىدى! شۇڭا ئۇ سورۇننىڭ بىر چېتىدە ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان بىر جۈپ مۇدھىش كۆزگە ئېرەنمۇ قىلماي، ئۆزى خالىغان پەدىدە كەينى - كەينىدىن تانسا ئويناۋەردى، ئوينىغانسېرى كىرىشىپ كەتتى. ھالبۇكى بىرقانچە مۇزىكىغا ئۇدا ئوينىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتلىرى نېمە ئۈچۈندۇر ئېغىرلىشىشقا باشلىدى، پىرقىراشلىرىمۇ قالايمىقانلاشتى، بېشى سەل - پەل قايغاندەك بولدى، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۇ

ئەمدى ئەللىك يەتتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېنى ئىنتايىن ساغلام ئىدى؛ سەپەرگە ئاتلىنىدىغان چېغىدىمۇ، ئاقسارايدىكى دوختۇر- لار ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ھېچقانداق چاتاق يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ فلورىنىس بىلەن بىللە ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئايلىنىپ كېلىشىگە قوشۇل- غانىدى. لېكىن، نېمە سەۋەبتىندۇر، خاردىنگ ئالياسكىغا زىيا- رەتكە بارغان مەزگىلدىمۇ، تانسا ئويناۋېتىپ مۇشۇنداق بېشى قېيىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا «ئاقسارايدا تانسا ئوينىغان چاغلىرىمدا بېشىم بۇنداق قايماپتىتىغۇ؟ ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا زىيان قىلدىمۇ - يە؟» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ بېشى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرىنى باشقۇرالماي قالدى - دە، بىرلا تېيىلىپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى… زالنىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

ئون ئالتىنچى قەۋەتتىكى ھۇجرا ۋاقىتلىق دوختۇرخانىغا ئايلاندى. سان فرانسىسكودىكى بىرقانچە دوختۇرخانىدىن چاقىر- تىپ كېلىنگەن داڭلىق دوختۇرلار بۇ ياتاققا توپلىشىپ، بىھوش ياتقان زۇڭتۇڭنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا «زۇڭتۇڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتۇ» دېگەن ئورتاق تونۇشقا كەل- دى! بۇنداق كېسەلنىڭ ئۆلۈم خەۋپى يوقلۇقىنى دوختۇرلار بى- لەتتى. لېكىن، بۇ كېسەلگە دۇچار بولغىنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغاچقا، سان فرانسىسكونىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ئولتۇرالماي قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېھمانسارايىنىڭ ئون ئالتىنچى قەۋە- تىگە توپلىشىپ، زۇڭتۇڭنى داۋالاشقا مەسئۇل بولغان دوختۇر- لاردىن ئازراقمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى ھەمدە زۇڭتۇڭنىڭ سالامەتلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان ئالاھىدە ئۇنۇملۇك دورىلارنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى كەچتە، خاردىنگنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئاستا -

ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئىسسىقنى قايتۇرىدىغان دورىلار
ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەچكە، ئۇ كەچ سائەت ئوندا تەدرىجىي
ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ، دوختۇرلار
بىلەن پاراڭلىشالىغۇدەك ھالەتكە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلى-
كىنىڭ ئەسلىدە بىر ئوبدان ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن،
ئالياسكىدىن باشلانغان باش قېيىش ئەھۋالىنىڭ زادى قانداق ئىش
ئىكەنلىكىنى سورىدى. لېكىن، ئەينى چاغدىكى داۋالاش سەۋىيە-
سى خېلىلا چەكلىك بولغاچقا، دوختۇرلار ئۇنىڭغا «غەربىي رايون-
نىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولغاچقا، سىزگە ئىسسىق
ئۆتۈپ قاپتۇ» دېگەندىن باشقىنى دەپ بېرەلمىدى. ئۇلارنىڭ دى-
ئاگنوزىغا خاردىنگمۇ قوشۇلدى. كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر تۈگۈن
بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشتىن دوختۇرلارنىڭ ئويلى-
شىپ كۆرۈشىگە ئەرزىگۈدەك بىرەر ئالامەتنى ئوتتۇرىغا قويالمى-
دى. ئۇ كەچ سائەت ئون بىردىن ئاشقاندا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا
كەتتى.

ئۇ چۈشىدە فلورېنسنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنى بىر ئۆ-
مۈر ئازابلىغان بۇ سۆرۈن تەلەت ئايال ئۇ كېسەل بولۇپ ياتقان
چاغدىمۇ ئۇنىڭ روھىنى ئازابلاشنى ئەستىن چىقىرىپ قويمىغانى-
دى. خاردىنگ فلورېنستىن بىزار بولغاچقا، ئاقسارايدىكى چې-
غىدىلا بۇ دىقماق، كۆرۈمسىز خوتۇن بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم
ياتىدىغان بولۇۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، فلورېنس ئۇنىڭغا ئارام-
لىق بەرمەي، بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىدە خۇددى ئەرۋاھتەك
ئۇنىڭ ياتىقىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالاتتى. خاردىنگ ئۇيقۇدىن چۆ-
چۈپ ئويغىنىپ، ئالدىدا تۇرغان بۇ كۆرۈمسىز خوتۇننى كۆرگى-
نىدە ئەرۋاھى ئۇچۇپ كېتەتتى. ئۇنى كارىۋىتىدىن تېپىپ چۈشۈ-
رۈۋېتىش نىيىتىگە كېلەتتىيۇ يەنىلا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ
نائىلاج تېخىمۇ بەكرەك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقاندەك قىياپەتكە
كىرىۋېلىپ، فلورېنسنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى.

بۇگۇن كەچ، فلورېنس ئۇنىڭغا يەنە نېمىدەپ چاپلىشىۋالـ
دىغاندۇر؟

خاردىنگ بىهوش هالەتتە يېتىپ تۇرۇپ، بىرىنىڭ ئاستا كىرىپ كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى، پەقەت ئۇنىڭ ناھايىتى تونۇش بىر ئايال ئىكەنلىكىنىلا ھېس قىلدى. ئۇ ئايال قولىدا بىر ئەينەك ئىستاكاننى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— ۋاررېن، ۋاررېن، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!...

ئايالنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىندىن ئاڭلىنىۋاتاتتى، تەلەپپۇزى شۇنداق يېقىملىق ئىدى. ئۇ سېمىز قوللىرى بىلەن بىهوش هالەتتە ياتقان خاردىنگنى تەۋرىتىپ ئويغاتماقچى بولدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، خاردىنگ كۆزىنى پەقەتلا ئاچالمىدى...

ئەتىسى — 1923 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سان فرانسىسكونىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر سائەت ئون بىردە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر قايغۇلۇق خەۋەرنى ئېلان قىلدى: ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋاررېن گامالىيېل خاردىنگ شۇ كۈنى سەھەردە ئۆزى ياتقان مېھمانسارايدا كېسەل بىلەن ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزگەنىدى!......

بۇ دەھشەتلىك خەۋەر بىردەمدىلا سان فرانسىسكودىن ۋاشىنگتونغا يېتىپ باردى. ئارقىدىنلا، ئاقساراي زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ سان فرانسىسكودا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەردىن ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرى زىلزىلىگە كەلدى! تېنى ئىنتايىن ساغلام، ئاقسارايدىن سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدىمۇ ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى بايقالمىغان زۇڭتۇڭنىڭ سەپەر داۋامىدا سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. زۇڭتۇڭغا راستىنلا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنمىدۇر؟ ئىسسىق ئۆتۈپ قالغانغىلا ئادەم ئۆلۈپ

قالامدۇ؟ ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى سان فرانسىسكودىن كەلگەن بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى كەينى - كەينىدىن ھەر خىل تەھلىللەر بىلەن ئېلان قىلدى.

## خاردىنگ ئۆلگەندىن كېيىن تۇغۇلغان گۇمانلار

زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرىلا، سان فرانسىسكو ساقچى دائىرىلىرى ھېلىقى مېھمانسارايىنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قامال قىلىپ بولغانىدى. ئون ئالتىنچى قەۋەت تېخىمۇ قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى.

خاردىنگنىڭ جەسىتى ھۇجرا ئۆيدىكى لۆم - لۆم كارىۋاتتا قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا فلۇرېنس خانىم رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاخشامدىن تارتىپلا، بۇ ئۆكتەم ئايال دوختۇر، سېستىرا ۋە مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئېرى ياتقان ھۇجرىغا يېقىنلىشىشىغا قاتتىق چەك قويدى. سان فرانسىسكونىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى زۇڭتۇڭنى كۆرۈپ چىقماقچى بولسىمۇ، ئالدى بىلەن فلۇرېنس خانىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئاندىن كىرەلەيتتى. ئاخشام سائەت ئون بولغاندا، دوختۇرلار زۇڭتۇڭغا ئىسسىقنى ياندۇرىدىغان ئاخىرقى ئوكۇلنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن، فلۇرېنس خانىم خاردىنگنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇنىڭغا قاراپ قالغانىدى. دېمەك، ئاخشام كېچىدىن بۇگۈن ئەتىگەن خاردىنگنىڭ سىرلىق ھالدا جان ئۈزگەنلىكى سېزىلگەنگە قەدەر بولغان ئون سائەت ۋاقىت ئىچىدە ھەرقانداق بىر يات ئادەمنىڭ بۇ ھۇجرىغا كىرىپ زۇڭتۇڭغا يېقىنلىشالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنداقتا، خاردىنگ زادى قانداق ئۆلۈپ قالغاندۇر؟

سان فرانسىسكونىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغان زۇڭتۇڭ-

نىڭ جەسىتىنى يېرىپ تەكشۈرمەكچى بولدى.

— ياق، جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈشىڭلارغا قوشۇلمايمەن!

بىر تۈركۈم تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بۇيرۇققا بىنائەن خاردىنگ جان ئۈزگەن نەق مەيدانغا كېلىپ، زۇڭتۇڭنىڭ جەسىتىنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە تەمشىلىۋاتقاندا، چىرايىدا قىلچە قايغۇ ئىپادىسى يوق فلورېنىس خانىم ئويلىمىغان يەردىن ئۆكتەملەرچە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇلارنى توسۇۋالدى.

— ئادەم ئۆلۈپ بولغان تۇرسا، ئۇنى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا چۈۋۈپ يولغا سالماقچىمۇ سىلەر؟ — ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋالدى. يەرلىك ئەمەلدارلار زۇڭتۇڭنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈۋېدى، ئۇ ئاقسارايدىكى بېشەم تۇرقىنى ئاشكارىلاپ، ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈردى:

— مەن دېگەن زۇڭتۇڭنىڭ رەپىقىسى، خاردىنگنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى پەقەت مەنلا قارار قىلالايمەن، بىزنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىمىزغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارىلىشىدىغانغا ھەققى يوق!

يەرلىك ئەمەلدار نائىلاج نىيىتىدىن ياندى. خاردىنگنىڭ جەسىتى سان فرانسىسكودا مېيىت ساندۇققا قاچىلانغاندىن كېيىن ۋاشىنگتونغا يۆتكەپ كېلىندى!

خاردىنگنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولمىغاچقا، ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللار ئارقا - ئارقىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ، خاردىنگنىڭ سان فرانسىسكودا ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزگەنلىكىگە قارىتا خىلمۇخىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك «خاردىنگ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان» دېگەن قاراشتا بولدى ھەمدە بۇنى خاردىنگنىڭ ئىچكى كابىنىتىكى تۈرلۈك سەتچىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى.

خاردىنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى بىر قىسىم پارىخور ئەمەلدارلار بىلەن دائىم ئاقسارايدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قارتا ئوينىغاچ-قا، كىشىلەر ئىچكى كابىنېتنى «قارتا كابىنېتى» دەپ ئاتىشىۋال-غانىدى. خاردىنىڭ ئايالى فلورېنىس بىلەن يازلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى غەربتە ئۆتكۈزۈپ كېلىشكە مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ «قارتا كابىنېتى» توغرىسىدا نۇرغۇن سەتچىلىكلەر ئاشكارىلانغان، بۇ پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى خاردىنىڭ بىلەن زىچ مۇنا-سىۋەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى سەتچىلىك ئاش-كارىلىنىشتىن ئىلگىرىلا زۇڭتۇڭ خاردىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىپ قوغداپ قالغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىملىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇلار:

ئاقساراي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى باشقۇرۇش ئىدا-رىسىنىڭ باشلىقى فوربېسنىڭ ئىككى يۈز مىليون ئامېرىكا دول-لىرىغا خىيانەت قىلغانلىق دېلوسى؛

ئەدلىيە مىنىستىرى داۋېرتىنىڭ زور مىقداردىكى ھۆكۈمەت پۇلىنى يۇتۇۋالغانلىق دېلوسى؛

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى فوئېلنىڭ پانئامېرىكا نېفىت شىركىتىدىن زور مىقداردا پارا ئالغانلىق دېلوسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئاقسارايدىن ئاشكارىلىنىپ چىققان جىنايى دېلولار ئىچىدە، زۇڭتۇڭ خاردىنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىچكى ئىشلار مى-نىستىرى فوئېلنىڭ پارا ئالغانلىق دېلوسى كىشىلەرنىڭ دىققىتى-نى ھەممىدىن بەكرەك تارتتى. بۇ كالۋا مىنىستىر دېڭىز ئارمى-يىسىگە قاراشلىق نېفىتلىكنى پانئامېرىكا نېفىت شىركىتىگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دۆلەتنى قاراپ تۇرۇپلا نەچچە يۈز مىڭ دوللار زىيانغا ئۇچراتقان، ئۆزى بولسا نېفىت سودىگەرلىرىدىن ئۈچ يۈز مىڭ دوللاردىن ئارتۇق پارا ئېلىپ جىمجىت باستۇرۇۋالغانىدى. سوت مەھكىمىسى خاردىنىڭ تەرىپى-

دىن ئىلاجسىز ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بۇ سابىق مىنىستىرنى جازالىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، مۇشۇ ئىشقا چېتىشلىقى بار دەپ قارىلىۋاتقان خاردىنگ قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، فۇئېلنى قاچۇرۇۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئەنگلىيىگە بېرىپ پاناھلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

زۇڭتۇڭ خاردىنگ دەل ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى بىر تۇركۇم يېقىن بۇرادىرى سوتقا تارتىلىش ئالدىدا غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى سان فرانسىسكودا ئۆلۈپ قالدى. بۇ ھالدا ئاقسارايدىكى «قارتا كابېنتى» نىڭ سەتچىلىكلىرىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئاخبارات ساھەسى ۋە خەلق ئاممىسىدا ھەر خىل گۇمان ۋە پەرەزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇمانىي نەزىرى خاردىنگقا مەركەزلەشتى. بەزىلەر ھەتتا گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا: «خاردىنگ ھەر خىل پارىخورلۇق دېلولىرىنىڭ ئۆزىگە چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان!» دەپ كۆرسەتتى.

خاردىنگ سان فرانسىسكودا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان چاغدا، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ كوئولىج ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋېرمونت شتاتىدىكى پلىمۇس شەھىرىدە ئىدى. زۇڭتۇڭنىڭ ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز يۇرتىدا قانۇن بويىچە قەسەم بېرىپ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە ئەتىسىلا ۋاشىنگتونغا قايتتى.

بۇ يېڭى زۇڭتۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن مەرھۇم زۇڭتۇڭ خاردىنگنى ئوخىئو شتاتىدىكى مارىئون ئاممىۋى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىش ئىشىغا تۇتۇندى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ رايى بويىچە تەجرىبىلىك رازۋېدكىچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر رازۋېدكا گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئاشكارىلانغان ۋە تېخى ئاش-

كارىلانمىغان بىرقانچە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلوسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلىماقچى بولدى.

خاردىنگنىڭ تۇل قالغان ئايالى فلورېنس تەبىئىي ھالدا ئاقسارايى رازۋېدكىچىلىرىنىڭ دىققەت ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. خاردىنگنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشىدىكى سىرنى يېشىش ئۈچۈن، كۇئولىج خاردىنگتىن قالغان بارلىق دەلىل - ئىسپاتلارنى، ئۇنىڭ خۇسۇسىي خەت - چەكلىرىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر، فلورېنس خانىم سان فرانسىسكو ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئېرىنىڭ جەسىتىنى يېرىپ تەكشۈرۈشىگە قارشى تۇرۇۋېلا قالماي، يەنە ئاقسارايىنىڭ تەكشۈرگۈچى خادىملىرىنىڭ خاردىنگ ھايات ۋاقتىدا بارلىق ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى بىلەن يېزىشقان خۇسۇسىي خەت - چەكلىرىنى تەكشۈرۈشىگىمۇ قوشۇلمىدى. قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلەندى، لېكىن بۇ بېشەم ئايال ئۇلارغا قەتئىي يول قويمىدى. كېيىن، تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا مەجبۇرىي ئۇسۇپ كىرىپ، خاردىنگنىڭ خەت - چەكلىرىنى قانۇنبويىچە ئاختۇرۇپ تەكشۈرمەكچى بولۇشتى. شۇندىلا ئۇلار فلورېنس خانىمنىڭ زوڭتۇڭنىڭ بارلىق خەت - ئالاقە ۋە باشقا ماتېرىياللىرىنى ئاللىبۇرۇن كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتكىنىنى بىلدى! دەل مۇشۇ فلورېنس خانىمنىڭ تۈپەيلىدىن، سەۋەبى ئېنىقلىنىش ئېھتىمالى بولغان «خاردىنگنىڭ ئۆلۈمى» تېگى - تەكتى مۇجمەل بىر سىرلىق دېلوغا ئايلىنىپ قالدى!

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان زوڭتۇڭ كۇئولىج ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بۇ دېلونى جىممىدە يىغىشتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. خاردىنگ ۋە ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ سەتچىلىكى تۈپەيلىدىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىناۋىتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغاچقا، يېڭى

زۇڭتۇڭ ۋە يېڭى ھۆكۈمەت بۇ دېلونى يەنىمۇ زىغىرلاپ تەكشۈ-
رۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى.
ئاقساراي تارقاتقان خاردىنگنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ئۇق-
تۇرۇشتا، ئۇنى يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىش
سەۋەبىدىن ئۆلگەن دەپ ئېلان قىلىنغانىدى، لېكىن يەتتە يىلدىن
كېيىن يەنى 1930 ـ يىل 3 ـ ئايدا، سابىق زۇڭتۇڭ خاردىنگ-
نىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب ئاخىر
ئاشكارىلاندى!
خاردىنگ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ يەتتە يىللىق خاتىرە كۈ-
نىدە نيۇيوركتىكى بىر كىتاب سودىگىرى «زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ
غەلىتە ئۆلۈمى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابتا خار-
دىنگنىڭ كاتىپى، فلورېنس خانىمنىڭ يېقىنى گاستون يازغان
«ئاقساراي خاتىرىلىرى» تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىندى.
ئاقسارايىنىڭ گاستون ئىسىملىك بۇ كاتىپى قولغا ئېلىنغاند-
دىن كېيىن تاپشۇرغان «كۈندىلىك خاتىرىسى»دە يېزىشچە:
خاردىنگ ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئاقسارايغا كىرگەن تۇنجى
يىلى — يەنى: 1921 ـ يىل كۈزنىڭ بىر كۈنى ئەتىگىنى،
فلورېنس خانىم تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى دەر-
ھال ئاقسارايغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر خالتا كوچىغا بېرىشقا
بۇيرۇغان. گاستون ئۇ يەردىكى جىمجىت، ئەمما كاتتا بېزەلگەن
بىر تۇرالغۇغا كىرىپ، بۇنىڭ ئەسلىدە زۇڭتۇڭ مەخپىي سېتىد-
ۋالغان بىر خۇسۇسىي ئۆي ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ ئىچكىرىلەپ
كىرىپ، ئۆي ئىچىنىڭ ئىنتايىن قالايمىقان ئىكەنلىكىنى، كارد-
ۋات ۋە ئورۇندۇقتا ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىملىرىنىڭ تاشلىنىپ
تۇرغانلىقىنى، غەرق مەست بىرنەچچە قىزنىڭ تاغدىن ـ باغدىن
سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنى، چېقىلغان ھاراق بوتۇلكىسى سۇنۇقلىرد-
نىڭ يەردە چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەمدە ئاخشام ياكى
بۈگۈن ئەتىگەندە بۇ يەردە بىر مەيدان كەسكىن جەڭ بولغانلىقىنى
قىياس قىلغان!

گاستون «كۆندىلىك خاتىرە» سىدە ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا
زۇڭتۇڭ خاردىنگنى كۆرگەن ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق ياز-
غان: «مەن زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ تام مەشىنىڭ يېنىدا ئىنتايىن
ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېنىدا ئاقسارايدىكى بىر
مۇھاپىزەتچىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ قېشىغا
بېرىپ، زۇڭتۇڭنى بۇ مەينەت جايدىن تېزرەك ئەكېتىڭ دېدىم.
لېكىن، ئۇ مۇھاپىزەتچى گېپىمگە پىسەنت قىلمىدى ھەمدە زۇڭ-
تۇڭ خاردىنگنى بىر كرېسلوغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا
سىگارتتىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى. مەن غەزەپلەنگەن ھالدا
ئۇ مۇھاپىزەتچىگە: ‹سەن زۇڭتۇڭنىڭ ئاياللار بىلەن بىللە بول-
غىنىغا قاراپ بېرىشتىن باشقىنى بىلمەمسەن؟ › دېدىم. بىر ئاز-
دىن كېيىن، زۇڭتۇڭ مېنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى… مەن
ئاقسارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، فلورېنسقا ئۆزۈم كۆرگەن
ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردىم ھەمدە ئۇنىڭدىن زۇڭ-
تۇڭنى خىجالەتچىلىكتە قويماسلىقنى ئۆتۈندۈم. خانىم يىغلامسى-
راپ تۇرۇپ ماڭا مۇنداق دېدى: ‹ۋاررېن (زۇڭتۇڭ خاردىنگنى
دېمەكچى) نىڭ بىر ئايال بىلەن خۇپىيانە بۇزۇقچىلىق قىلىپ
يۈرگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولدى. بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان
ئادەم ئاشۇنداق پەسكەش ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە، دۆلەتنى قانداق
ئىدارە قىلالايدۇ؟ › مەن خانىمغا: ‹زۇڭتۇڭ بوش ۋاقىتلىرىدا
ئاياللار بىلەن ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىكەن شۇ › دېيىدىم.
ئۇ يەنە يىغلاپ تۇرۇپ ماڭا دەردىنى ئېيتتى: ‹ئۇنىڭ ياخشى
كۆرىدىغىنى ئايالالار بىلەن بىللە ھاراق ئىچىشلا ئەمەس، مەن
ئۇنىڭ نانبورىتون ئىسىملىك بىر بۇزۇق بىلەن تېپىشىپ قالغان-
لىقىنى، ئىككىسىنىڭ تېخى بىر قىزى بارلىقىنىمۇ بىلىمەن.
دەسلىپىدە مەن ۋاررېننى ئۇنداق پەسكەش ئىشلارنى قىلىپ يۈر-
مەس دەپ ئويلاپتىكەنمەن، كېيىن ئۇنى خۇپىيانە پايلاپ يۈرۈپ.
ئۇ ھېلىقى ئايال بىلەن ئۇچرىشىدىغان داچىنى تاپتىم. بۇگۈن

ئەتىگەن مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇ خوتۇننىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ قويدۇم! ...»

گاستوننىڭ «كۆندىلىك خاتىرە»سىدە، فلۇرېنس خانىم بىلەن خاردىنگنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل - ماجىرانىڭ باش - ئاخىرى ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەنىدى: «فلۇرېنس خانىم ئېرىنىڭ ساداقەتسىزلىكىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەچكە، گاستوننى ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىنى مەخپىي كۆزىتىپ تۇرۇشقا ھەمدە زۇڭتۇڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرگەن نانبورىتون ئىسىملىك ھېلىقى ئايالنىمۇ تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى. فلۇرېنس خانىمدىن ئۈلگۈدەك قورقىدىغان گاستون ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى ھەمدە خاردىنگ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ مەخپىي ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا دائىر دەلىل - ئىسپاتلارنى ناھايىتى تېزلا قولغا چۈشۈردى؛ ئىككىسىنىڭ ھەقىقەتەن بىر قىزى بار ئىكەنلىكىنى، زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ ئۇ ئايالغا نۇرغۇن پۇل ۋە ھەر خىل قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا سۈپىتىدە بەرگەنلىكىنى، قىزىغىمۇ ھەمىشە ئېسىل سوۋغاتلارنى بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. گاستون ئۆزى ئىگىلىگەن بۇ ئاخباراتلارنى ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنى فلۇرېنس خانىمغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، فلۇرېنس خانىم رەشىك ئوتىدا پۇچىلىنىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، زۇڭتۇڭ خاردىنگ ئۆزىنىڭ كاتىپى گاستوننىڭ خېلى بۇرۇنلا ئايالى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغانلىقىنى بايقاپ قالدى ھەمدە بىر كۈنى گاستوننى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، قەھرى بىلەن سورىدى: ‹ساڭا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنى نازارەت قىلغۇدەك ھوقۇقنى كىم بەردى؟ مەن ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە سېنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتتىم!›، ئەمما گاستون قىلچە قورقمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ فلۇرېنستەك مەزمۇت يۆلەنچۈكى بار ئىدى، ئۇ خاردىنگقا: ‹مەن زۇڭتۇڭنى نازارەت قىلغىنىم يوق، بىراق مەن خانىمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن نانبورىتون خېنىمنى نازارەت قىلدى-

ۋاتىمەن! › دەپ گەپ ياندۇردى. دەل شۇ چاغدا، فلۇرېنىس خانىم ئىشخانىغا ئۇسۇپ كىردى. زۇڭتۇڭ خاردىنگ چۆچۈگەن هالدا كەينىگە ئىككى قەدەم داجىپ، بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. كەينىدىنلا يەنە قايتىپ كېلىپ، فلۇرېنىس خانىمغا ئېتىلدى ھەمدە مۇشتۇمىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: ‹ مېنى بۇزغان سەن! مېنى بۇزغان سەن! سەن ساراڭ خوتۇننى ھامان بىر كۈنى كۆزۈمدىن يوقىتىمەن! › دەپ ۋارقىراپ كەتتى... »

گاستون ئۆزىنىڭ «كۆندىلىك خاتىرە» سىدە خاردىنگ سان فرانسىسكودا جان ئۈزۈشتىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار ئۈستىدە توختال- غاندا، فلۇرېنىس خانىمنىڭ ئۆزىگە ئېيىلەرنى دېگەنلىكىنىمۇ ئېنىق خاتىرىلەپ قويغانىدى: «زۇڭتۇڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. ئاشنىسى توغرىسىدىكى ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغىنىمنى ئۇمۇ بىلدى. مەن ئۇنىڭ كوكۇ- لىسىدىن تۇتۇۋالدىم، ئەمدى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيمەن!» فلۇرېنىس خانىم گاستونغا يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ زۇڭتۇڭغا بولغان مۇھەببىتىم ھازىر نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن نەپرەتلىنىمەن. ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان بۇ ئەبلەخ ئۆلۈشكە لايىق، مەنلا بولىدىكەنمەن، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاشقىمۇ شەرتى توشمايدۇ!»

گاستوننىڭ «كۆندىلىك خاتىرە» سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلىد- كىدىن زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «زۇڭتۇڭنىڭ ماشىنا ئەتر- تى ئالياسكىدىن سان فرانسىسكوغا كېلىۋاتقان يول ئۈستىدىلا، فلۇرېنىس خانىم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە باش- لىغان. ئىككىسى پىكاپتا ئولتۇرۇپمۇ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن قىزىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ كېتەتتى. سان فرانسىسكودىكى تانسا كېچىلىكىدىن بۇرۇنلا، خاردىنگ فلۇرېنىس زەھەر سېلىۋەتكەن

قەھۋەنى ئىچكەن. شۇڭا، ئۇ تانسا ئويناۋاتقاندا بېشى قېيىپ،
ئاغزىدىن كۆپۈك يانغان، يۈرەك سوقۇشى تېزلاپ كەتكەن. شۇ
چاغدا، فلۇرېنس خانىم «زۇڭتۇڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان»
ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكچى بولغانىدى. كېيىن، دوختۇرلار
تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا يۈرەك كېسىلى باردەك قىلىدۇ دېگەن قاراشـ
تا بولدى. چۈنكى، زۇڭتۇڭنىڭ يۈرەك سوقۇشى بەكلا تېزلەپ،
يۈرىكى زەئىپلىشىپ كەتكەندەك ئالامەتلەر كۆرۈلگەنىدى. لېـ
كىن، شۇ كۈنى كەچتە جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق، خاردىنگـ
نىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى. فلۇرېنس خانىم
بۇنىڭدىن بەكلا ئۈمىدسىزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇر ۋە
سېسترالارنىڭ زۇڭتۇڭ ياتقان ھۇجرىغا كىرىشىنى بىراقلا چەكـ
لىدى. تاڭ سۈزۈلەي دېگەن چاغدا، ئۇ يەنە زەھەر سېلىنغان
قەھۋەنى ئېلىپ زۇڭتۇڭنىڭ قېشىغا كىردى ھەمدە ئۇنىڭغا قەھـ
ۋەنى ئىچىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئەينى چاغدا بىھوش ياتقان زۇڭـ
تۇڭ خاردىنگدا ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك كۈچ بولمىغاچـ
قا، ئايالى تەڭلىگەن قەھۋەنى ئىچىۋەتتى. نەچچە مىنۇتتىن كېـ
يىنلا جان ئۈزدى.»

«كۈندىلىك خاتىرە»دە، خاردىنگ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشـ
لارمۇ يېزىلغانىدى: «فلۇرېنس خاردىنگنىڭ ئۆلگەنلىكىنى
جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرغان كاتىپ
گاستونغا ئېھتىيات بىلەن: «گاستون بەزى ئىشلارنى خەققە دېگىـ
لى بولمايدۇ جۇمۇ!» دەپ تاپىلىدى. گاستون دەرھال چۈشەندى
ھەمدە كۈلۈپ تۇرۇپ: «خاردىنگ خانىم، خاتىرجەم بولۇڭ،
بەزى ئىشلارنى خەققە دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن!» دېـ
دى.

ئاقسارايىنىڭ تەكشۈرۈش خادىملىرى گاستوننىڭ «كۈندىلىك
خاتىرە»سىدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى
دەرھال قولغا ئالدى. بىراق، فلۇرېنس خانىم گاستون تەمىنلىـ

گەن دەلىل ـ ئىسپاتلارغا پەرۋامۇ قىلمىدى. ئۇ ئېرى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا زەھەر ئىچۈرۈۋەتكەنلىكىنى قەتئىي بويىنىغا ئالـ ماي، خاردىنگنىڭ ئۆلۈمىنى يەنە سىرلىق تۇسكە كىرگۈزۈپ قويدى. خاردىنگنىڭ ئۆلۈمى تا بۈگۈنگە قەدەر يېشىلمىگەن بىر سىر پېتى تۇرماقتا.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپ قازا قىلغان

## —— يىگىرمە توققۇزىنچى زۇڭتۇڭ كالۋىن كوئولىج



كالۋىن كوئولىج 1872 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋېرمونت شتاتىدىكى پلىمۇس كەنتىدە تۇغۇلغان. ئەجدادى ئەنگلىيىلىك، ئائىلىسى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە تەۋە ئىدى. دادىسى ئادەتتىكى زىيالىي بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋە شتات پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولغان. كوئولىج كىچىكىدىنلا قاتتىق ئائىلە تەربىيىسىدە چوڭ بولغاچقا، جىمغۇر مىجەزلىك بالا بولۇپ يېتىلگەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا تىرىشىپ ئوقۇغان؛

1891 ـ يىلى ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى ئامخېس ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن؛

1895 ـ يىلى شىمالىي ئامپتون ئادۋوكاتلىق ئورنىدا پراكتىكانت ئادۋوكات بولغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئۆزى مۇستەقىل بىر ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچقان. ئۇ قوبۇل قىلغان دېلولارنىڭ كۆپىنچىسى كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بىلەن ئاياغلاشقان؛

1899 ـ يىلى ماسساچۇسېتس شتاتى شىمالىي ئامپتون شەھەر مەمۇ- رىيىتى كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛
1900 ـ يىلدىن 1901 ـ يىلغىچە شىمالىي ئامپتون شەھىرىنىڭ قانۇن ئىشلىرى ئەمەلدارى بولغان؛
1903 ـ يىلدىن 1904 ـ يىلغىچە ماسساچۇسېتس شتاتى خامپشىر ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە پۈتۈكچى بولغان؛
1907 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولغان؛
1910 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە شىمالىي ئامپتون شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى بولغان؛
1912 ـ يىلى ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بول- غان؛
1916 ـ يىلى ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ مۇئاۋىن شتات باشلىقى بولغان؛
1921 ـ يىلى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان؛
1923 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە زۇڭتۇڭ بولغان؛
1930 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، نيۇيورك ئۆمۈر سۇغۇر- تىسى شىركىتىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقلىقىغا سايلانغان؛
1933 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاتمىش يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئېغىر ـ بېسىق مىجەزى ئادۋوكات بولۇشىغا ماس كەلمەي قالدى

شىمالىي ئامپتون شەھىرى بۇرۇنقىدەكلا تىپتىنچ بولۇپ، كوئولىجقا تونۇش بولغان ۋاشىنگتونغا پەقەتلا ئوخشاشمايتتى. تەختتىن چۈشكەن كوئولىج ئۆيىدىكىلەرنى باشلاپ بۇ يەرگە قايتىپ كەلدى.

شىمالىي ئامپتون كوئولىجنىڭ ئۆز يۇرتى بولمىسىمۇ، ئۇ بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى ئولتۇراقلى-

شىش جايى قىلىپ تاللىۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇ ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، نەچچە ئون يىل ئىلگىرى كوئولىج يۇرتى ۋېرمونت شتاتىدىكى پلىمۇستىن ئىلىم تەھسىل قىلغىلى چىققاندا، كوچىلىرى رەتلىك، ئادەملىرى شالاڭ، ئەتىيازدا شامال گۇرۇلدەپ چىقىپ تۇرىدىغان مۇشۇ شەھەر ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئالغانىدى. 1895 - يىلى كوئولىج جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يىگىت بولۇپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى شەھەر ئاھالىسى ئەنگلىيىلىكنىڭ تاغدىن چۈشكەن بۇ ئەۋلادىنى تېخى تونۇمايتتى، ئۇ ئۆزىدىكى مۇشۇ قۇمساڭغۇ تۇپراققا بولغان ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادۋوكاتلىق ھاياتىنى بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن باشلىغانىدى.

كوئولىج جىمغۇر ئادەم بولسىمۇ، شىمالىي ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاددىي - ساددا تۇرمۇش ئادىتىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئەينى يىلى بۇ يەرگە كەلگەندە ئامخېس ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئادەتتىكى بىر ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى يەنىلا قىزغىنلىق بىلەن ئارىسىغا ئالدى.

ئۇ قاتىرىسىغا تىزىلىپ كەتكەن ئاددىي ئۆيلەر قورشاپ تۇرغان بۇ كىچىك شەھەردىن داغلىق بىر ئادۋوكاتلىق ئورنىنى ئىزدەپ تاپتى ھەمدە ئۇ يەردىكى كانتون ئىسىملىك چوڭ ئادۋوكاتقا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شاگىرت بولۇپ ئىشلىدى. كوئولىج نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، كانتونغا جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كانتون ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ بېقىشىغا قوشۇلدى ھەمدە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. كوئولىج ئىلگىرى قانۇن بىلىملىرى بويىچە سىستېمىلىق تەربىيىلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ، چېچەن ھەم تىرىشچان بولغاچقا، 1897 - يىل ئەتىيازدا ئاخىر ئادۋوكاتلىق كەسپى بويىچە تىجارەت ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كوچىسىدىن بىر

ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئادۋوكاتلىق ئورنىنى ئاچتى.

ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەينى چاغدا شىمالىي ئامپتونغا كېلىپ ئىگىلىك تىكلىگەن ياش ئادۋوكات كوئولىجنىڭ ئەمدىلىكتە ئىككى چېكىسىگە ئاق كىرگەنىدى. ئۇ ئايالى گېخرىس گوئودخېۋ خانىم بىلەن ئۆزى بۇرۇن ئىشلىگەن جايلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى. ئۇ ئىجارىگە ئالغان ھېلىقى ئادۋوكاتلىق ئورنى ھېلىھەم بار بولۇپ، بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

كوئولىجنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى ھېچقانداق تەسىر قوزغىمىدى. كوچىدىكى كىشىلەر ئاقسارايدىن يېڭىلا يېنىپ چىققان بۇ سابىق زۇڭتۇڭنى تونۇمىغاندەك قىلاتتى. كوئولىج دەل مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. غۇرۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك بۇ ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە غەلىتە نەزەرلەر بىلەن قارىشىنى خالىمايتتى. ئۇ شىمالىي ئامپتوننىڭ كوچىلىرىغا قارىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «بۇ يەر نېمىلا دېگەنبىلەن مەن دەسلەپ قانات چىقارغان يەر، ئەگەر بۇرۇن ئادۋوكات بولمىغان بولسام، كېيىن شەھەر پارلامېنتىغا ئەزا بولالمىغان بولاتتىم، شتات پالاتا ئەزاسى، پالاتا باشلىقى ۋە شتات باشلىقى بولالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى! شۇڭا، بۇ يەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن!»

گوئودخېۋ خانىمنىڭ بىر جۈپ نۇرانە كۆزلىرىدىن ئۆزگىچە تېتىكلىك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كوئولىج بىلەنمۇ مۇشۇ يەردە تونۇشۇپ توي قىلغان بولغاچقا، بۇ كىچىك شەھەرگە ئۇنىڭ مېھرى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئېرى تەختتىن چۈشۈپ نەگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى ئويلىشىۋاتقان چاغدا، ئۇ ئۇنىڭ شىمالىي ئامپتونغا كېلىش خىيالىنى چىن كۆڭلىدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنىدى.

كوئولىج ئايالى ۋە باللىرىنى پاتقاق بىر كوچىغا باشلاپ كىردى. بۇ يەردە ئۇ 1899 - يىلى تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى بار بولۇپ، ئاردىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سوت مەھكىمىسى بۇ كوچىدىن يۆتكەلمىگەنىدى. كوئولىج ئۆتكەنكى نۇرغۇن ئىشلارنى يادىغا ئالدى، ئۇ ئايالىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— گوئودخېۋ، ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىز توي قىلغان چاغدا، مەن مۇشۇ سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيتتىم، — دېدى. گوئودخېۋ خانىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى ئىرغىتىپ:

— ئۇ ئىشلار ماڭا تېخى تۈنۈگۈنلا بولغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ! — دېدى.

كوئولىج:

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن، سىز ماڭا سوتچىلىقنى تاشلاپ، ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلەڭ دەپ تۇرۇۋالغانتىڭىز - ھە؟ — دەپ سورىدى. گوئودخېۋ خانىم قوشۇلغاندەك قىلدىيۇ، بېشىنى چايقىدى:

— توغرا، لېكىن سىزنىڭ سىياسىي ساھەدە بالداقمۇ بالداق يۇقىرى ئۆرلىشىڭىزگىمۇ مەن نۇرغۇن قېتىم قارشى تۇرغانىدىم-غۇ!

كوئولىج جىمىپ قالدى. ئەينى چاغدا ئايالى ئۇنىڭ قانۇن ساھەسىدىكى ئاساسى بىلەن سىياسىي ساھەدە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلغان؛ بىراق، ئېرىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن ناھايىتى تېز ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقى-نى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئەمدى ياخشى بولدى، كوئولىج سىياسىي سەھ-نىدە گاھ ئۆرلەپ - گاھ پەسلەپ، بەش يېرىم يىللىق زوڭتۇڭ-لۇق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە تويۇقسىزلا ئاددىي پۇقرالار ئارىسىغا قايتىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۇ ئايالى گوئودخېۋ

بىلەن ئۆزىدە ئىلگىرى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان شىمالىي ئامپتون شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئازادىلىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئايالىدىن تۇيۇقسىز سورىدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن ...قانداق تۇرمۇش كەچۈرىمىز؟

— ئەلۋەتتە باشتىن باشلايمىز. ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلارمۇ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاساسەن دېگۈدەك كونا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپتىكەن.

— مېنى ئادۋوكاتلىق قىلىڭ دېمەكچىمۇسىز؟

— ھەئە، ئەگەر شۇنداق قىلىش نىيىتىڭىز بولسا، مەن سىزگە ياردەمچى بولىمەن!

— بولىدۇ! يەنە ئادۋوكاتلىق قىلاي! — كوئولىج بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. شۇ تاپتا، يېڭىلا تەختتىن چۈشۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ تۇرغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭغا كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر خىزمەتكە ئېرىشىشتىن بۇرۇن، كونا كەسپى بولغان ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى.

كوئولىج ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ شەھەردىن مۇۋاپىق تۇرالغۇ تېپىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئايالى گوئودخېۋ خانىم ئۆزى يول مېڭىپ يۈرۈپ، شەھەر مەركىزىدىكى ئادۋوكاتلار بىناسىدىن بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. سابىق زۇڭتۇڭ كوئولىج شىمالىي ئامپتوندا قايتىدىن ئادۋوكاتلىق ئورنى ئېچىپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تىجارىتى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. بىراق، بۇ خىل قىزغىن كەيپىيات ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. كوئولىج دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىچىكىدىن يېتىلىپ قالغان جىمغۇر ۋە سوغۇق قان مىجەزى كىشىلەرنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويىدى.

ئۇ زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭدىن بەكلا ئەيمىنەتتى. بىراق، ئۇ ئادۋوكاتلىق ئورنىغا قايتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۇتامغا چىقمايدىغان ئۇششاق - چۇششەك دەۋالارنى بىر- جىرىش داۋامىدا بىر ئاز ھالسىراپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. كوئولىج ئاقسارايدا ھوقۇق تۇتۇۋاتقان مەزگىلدىمۇ ئاشۇ جىمغۇر ۋە سوغۇق قان مىجەزى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەردە ياخشى تەسىر قالدۇرمىغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ مىجەزىنى غەلىتە ئىكەن دېگەن تەسىراتقا كېلىپ قالاتتى. ئاقسارايغا كىرىپ كوئولىجنى زىيارەت قىلغان بىر مۇخبىر كېيىن مۇنداق دەپ يازغانىدى: «كوئولىج ئېلىلىپس شەكىللىك ئىشخانىسىدا زىيارەتكە كەلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋالغان چاغدا، باشتىن - ئاخىر جىممىدە ئولتۇرۇۋالدى. گەپنى ناھايىتى ئاز قىلدى. باشقىلار بىرمۇنچە گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا قىلىپ ‹ھەئە› ياكى ‹ياق› لا دەپ قوياتتى، ھەتتا شۇنىمۇ ئېغىزىدىن بەك تەستە چىقىراتتى. شۇڭا، ئۇنى زىيارەت قىلغىلى بارغانلار يىگىرمە مىنۇتنى ناھايىتى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدۇق!...»

بۇ غەلىتە مىجەزىدىن كوئولىج ئۆزىمۇ بەزىدە ئەپسۇسلىنىپ قالاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كەم - كۈتىسىز كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئاقسارايدا ھوقۇق يۈرگۈز- گەن بەش يېرىم يىل ئىچىدە، ئۇ ھېلىقى مۇخبىر تەسۋىرلىگەنى- دەك ئۇنچىۋالا سۈرۈن تەلەتمۇ بولۇپ كەتمىگەنىدى. ئۇ «مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا جىمغۇر مىجەزلىك بولۇپ قالغان، بىراق بۇ مېنىڭ ھاكاۋۇرلۇقۇمدىن دېرەك بەرمەيدۇ» دەپ قارايتتى.

كوئولىجنى ئەپسۇسلاندۇرغىنى شۇكى، ئۆزى بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن ھېلىقى مۇخبىر كىشىلەرگە ئۇنىڭ سىرتـ- قى قىياپىتىنىلا تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ھەقىقىي كوئولىجنى چۈشەنمەيتتى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلال-

مايتتى. كوئولىج جىمىغۇر، كەم سۆز بولغىنى بىلەن، نامرات
ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئادەم ئەمەلىيەتتە ئاقسارايدا ھوقۇق
تۇتقان زۇڭتۇڭلار ئىچىدىكى ئەڭ چىقىشقاق زۇڭتۇڭ ئىدى. ئۇ
زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە، ئاقسارايىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ
قىلىدىغان ئاددىي پۇقرالارنىڭ قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنـ
غان زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنى ھەر شەنبە كۈنى ئىختىيارى ئايلىـ
نىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنغانىدى. كوئولىجتىن بۇرۇن، ھەرـ
قانداق پۇقرانىڭ پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى ئىنتايىن زىچ ئورۇنـ
لاشتۇرۇلغان پوستلاردىن ئۆتۈپ، ئىتالىيە ئارختېكتورلىرى
1792 ـ يىلى لايىھەلەنگەن بۇ ئاق رەڭلىك بىنانىڭ ئىچىگە
كىرەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كوئولىج تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاقسارايىنى ئېچىۋېتىشـ
نى، خەلقنىڭ بۇ سىرلىق بىنانى كۆرۈپ بېقىشىغا شارائىت
يارىتىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرـ
سىتىشى بىلەن، سىرتتىكىلەر قەتئىي كۆرەلمەيدىغان دۆلەت زىـ
ياپىتى زالى، قىزىل، يېشىل ۋە كۆك زالىنىڭ ھەممىسى پۇقـ
رالارغا ئاشكارا ئېچىۋېتىلدى. كېيىن، ئاقسارايىنى زىيارەت قىلـ
غىلى كەلگەن پۇقرالار ئۆچىرەت بويىچە ئىككىنچى قەۋەتكە چىـ
قىپ، كوئولىج ئىش بېجىرىۋاتقان ئېللىپس شەكىللىك ئىشخانىـ
نىمۇ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ھەر قېتىم چۈش سائەت
ئون ئىككىلەر ئەتراپىدا، جىمىغۇر زۇڭتۇڭ كوئولىج كاتىپلىرىـ
نىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىشخانىسىدىن چىقىپ، مەرمەر تاش
ياتقۇزۇلغان كارىدوردا زىيارەتكە كەلگەن پۇقرالار بىلەن بىر ـ
بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. ئۇ ناھايىتى ئاز گەپ قىلسىـ
مۇ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش شەكلى بىلەن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ
خەلققە بولغان قىزغىن كۆڭلىنى ئىپادىلەيتتى! شۇنداق تۇرۇقـ
لۇق، ئۇ ئاۋامغا يەنىلا سوغۇق قان تەسىرات بېرىپ قويغانىدى.

شىمالىي ئامپتونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ نۇقتا

تېخىمۇ بەكرەك ئىسپاتلاندى: كوئولىج ئۆزىنىڭ ئاشۇ جىمغۇر مىجەزى بىلەن خەلقتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغانمۇ، قانداق، خەلق ئارىسىدىكى ئۇششاق - چۈششەك جېدەل - ماجىرالار ئۇنىڭغا بارغانسېرى يات تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى، كوئولىج ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، روھى چۈشكەن ھالدا ئايالىغا:

— گوئودخېۋ، ئادۋوكاتلىق قىلىۋېرىشتىن بەكلا بىزار بولدۇم! چۈنكى قاراپ باقسام، ئادۋوكات ئىزدەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنى ياقتۇرمايدىكەن! — دېدى.

گوئودخېۋ خانىم ئېرىنىڭ قەلبىنى چۈشەندى. ئۇ كوئولىجنىڭ ئەرز ئېيتقۇچىلارنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئادۋوكاتلىق بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللانمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ كەسىپتىن بىزار بولۇپ قالغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ كوئولىجنىڭ ئادۋوكاتلار بىناسىغا ئەمدى دېلو بېجىرگىلى بارمايمەن دېگىنىگە قىلچە نارازى بولمىدى، كوئولىجنىڭ ئورنىدا ئاشۇ كىچىك ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇ ئاللىبۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش راسخوتىنى ھەل قىلماقچى بولغانىدى. گوئودخېۋ خانىم ئادۋوكاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، كۈندىن - كۈنگە شۈكلىنىپ كېتىۋاتقان ئېرىگە قاراپ خاتىرجەم بولالمىدى. بىر كۈنى، ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا كوئولىجقا مۇنداق دېدى:

— مۇشۇنداق يۈرۈۋېرەرسىزمۇ؟ مەن سىزنى سىرتتا بىرەر ئىش قىلىپ پۇل تاپسىكەن دېمەيمەن، بىراق، كۈن بويى ئۆيدە مۇشۇنداق بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرۇۋېرىپ، كېسەل بولۇپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانسىڭىز ئوبدان بولاتتى!

كوئولىج ئايالىنىڭ گېپىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ھېس قىل-
دى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، بىرەر ئىش بىلەن ئۆزىنى مەلىكە
قىلىشى كېرەك ئىدى. بولمىسا، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇۋەرگەن-
سېرى تېخىمۇ بۇرۇقتۇرما بولۇپ، تېزلا قېرىپ كېتەتتى.
«مەن ئەسلىمە يازاي!» ئاخىر بىر كۈنى كوئولىج ۋاقىت
ئۆتكۈزۈشنىڭ ئوبدان چارىسىنى ئويلاپ تاپتى. ئۇ جىمىغۇر، كەم
سۆز بولغىنى بىلەن، ئۇزۇن يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش داۋامى-
دا ئالاھىدە يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ شۇ
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى تولۇق ئىپادىلىيەلەيتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن، 1929 - يىل ياز كىرىشى بىلەنلا، كوئولىج جىمە-
جىت ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ «ئەسلىمە»سىنى يېزىشقا
كىرىشىپ كەتتى!
ئەللىك بەش ياشقا كىرگەن بۇ سابىق زۇڭتۇڭ نۇرغۇن
ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇڭا، قولىغا قەلەمنى ئې-
لىپ يېزىقچىلىققا كىرىشىشى بىلەنلا، ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن
ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نەرسىگە ئايلاندى.

## قەلەم ھەققىگە كاتتا بىر تۇرالغۇ سېتىۋالدى

«ئەسلىمە»نى يېزىۋاتقان مەزگىل ئىچىدە، كوئولىج ۋاقىت
چىقىرىپ تۇغۇلغان يۇرتىغا بېرىپ كەلدى. ۋېرمونت شتاتىدىكى
پلىمۇستا ئۇنىڭ كونا تۇرالغۇسى چۆلدەرەپ قالغانىدى.
كوئولىج ئۆزىنىڭ «ئەسلىمە»سىنى تېخىمۇ تولۇق ھەم تەپ-
سىلىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن يۇرتىغا كەلگەنىدى. كونا
تۇرالغۇسى ئۇنى چەكسىز ئەسلىمىلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىردى،
ئۇ ئون ئۈچ ياش ۋاقتىدا بۇ ئۆيدىن ئايرىلغان، 1923 - يىل
يازدا ئاندىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى.
ئۇ چاغدا، كوئولىج مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان

بولۇپ، زۇڭتۇڭ خاردىنگ ئامېرىكىنىڭ غەربىي رايونىغا ئايالى
بىلەن بىللە ساياھەتكە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزۇن
يىل كۆرۇشمىگەن دادىسى بىلەن كۆرۇشۇۋېلىش ئۇچۇن ئۆزى
يالغۇز كەلگەنىدى. شۇ چاغدا، قېرى كوئولىج ئېغىر كېسەلگە
گىرىپتار بولغانىدى، كوئولىجنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغىنىغا
ئىككى يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خاردىنگ بارلىق ھوقۇقنى
ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىرى تازا ئىلگە-
ىرى باسمايۋاتاتتى.
«زۇڭتۇڭ خاردىنگ سان فرانسىسكودا كېسەل بىلەن ئالەم-
دىن ئۆتۇپتۇ!»
ئاشۇ كۇنى يېرىم كېچىدە، ياشىنىپ قالغان دادىسى قولىدا
ئاقسارايدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىنى كۆتۇرگىنىچە كى-
رىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى ئويغاتتى. خاردىنگنىڭ ئۆل-
گەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كوئولىج گويا يۇرىكىنى بېسىپ تۇر-
غان غايەت زور تاشنى بىرى ئىتتىرىپ چۇشۇرۇۋەتكەندەك تۇيغۇغا
كېلىپ قالدى. ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. ئاق كۆڭۇل
كوئولىجنىڭ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتى بولمىسى-
مۇ، زۇڭتۇڭ خاردىنگ ۋە ئۇنىڭ ئىچكى كابېنتىنىڭ چىرىكلى-
كىگە ئۇ كۆڭلىدە ئۆزۇندىن بۇيان نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان،
ئۆزىنىڭ ھەتتا ئىچكى كابېنت يىغىنىغىمۇ قاتنىشالمايدىغان،
دۆلەتنى قۇتقۇزۇشقا قىلچە كۇچى يەتمەيدىغان ئىسمى بار، جىسى-
مى يوق مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولۇپ قالغىنىغا قورسىقى كۆپۇپ
يۇرگەنىدى.
دادىسى ئۇنىڭدىنمۇ بەك خۇش بولۇپ كەتكەن ھەمدە كىر-
سىن چىراغلارنى ياندۇرۇپ، ئوغلىنى دەرھال قەسەم بېرىپ
ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشقا ئالدىراتقانىدى. كوئولىج قۇياش نۇرى
ئاستىدا ئۆزى تۇغۇلغان بۇ كونا ئۆيگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى
كۇنى تاڭ سەھەردە مۇشۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇزىنچى زۇڭ-

تۆخلۇقىغا تەيىنلەنگەن ۋاقتىنى ئېسىگە ئالدى. شۇ چاغدا ھېچ-
قانداق تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلمىگەن، ھۆرمەت توپلىرىمۇ
ئېتىلمىغان، ھېچقانداق مۇزىكىمۇ چېلىنمىغان بولۇپ، پەقەت
ياشىنىپ قالغان دادىسىلا ئۇنىڭ قەسەم سۆزىنى بىر چەتتە ئاڭلاپ
تۇرغانىدى. كوئولىج ئەينى يىلى پىلىمۇستىكى ئاشۇ كىچىككىنە
ئۆيدىن سىرتقى دۇنياغا قەدەم تاشلىغان، مەكتەپتە ئوقۇپ، ئاد-
ۋوكات بولغان؛ كېيىن يەنە ئاشۇ ئۆيدە قەسەم بېرىپ، ئامېرىكى-
نىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئالىي ئورۇن — ئاقسارايىنىڭ خو-
جايىنىغا ئايلانغانىدى! تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، پىلىمۇسقا
قايتىپ كەلگەن چاغدا، نۇرغۇن ئىشلار قايتىدىن ئۇنىڭ يادىغا
كېلىۋاتاتتى.
شىمالىي ئامپتونغا قايتقاندىن كېيىن، كوئولىج ئۆيىگە
مەھكەم بېكىنىۋېلىپ، ھېچقانداق مېھمان بىلەن كۆرۈشمىدى.
ئۈچ ئاي قېتىرقىنىپ ماتېرىيال ئاختۇرۇش ۋە ئەستايىدىل يې-
زىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن
ئەگرى - توقاي تۇرمۇش مۇساپىسىنى ۋە قىزىقارلىق كەچۈرمىش-
لىرىنى جانلىق بايان قىلىپ چىقتى.
1930 - يىلى 1 - ئايدا، كوئولىجنىڭ «ئەسلىمە» سى ئاخىر
پۈتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ھايات ئەسلىمىسىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى-
دە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. لېكىن، كوئولىج ئىلگىرى
ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولغاچقا، ئۇنىڭ «ئەسلىمە» سىدىكى مەز-
مۇنلار ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئەسلىمىسى بولماستىن،
مۇقەررەر ھالدا كوئولىج 1923 - يىلىدىن 1929 - يىلىغىچە
ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلارنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، كوئولىج
ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بەش يېرىم يىل ئىچىدە ئۇ زور خىزمەت
كۆرسەتمىگەن ياكى زور خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمىگەن بولسىمۇ،
لېكىن، بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە كىشىلەرگە ئىلگى-

رى ھېچكىم بىلمەيدىغان بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ھەقىقىي تەپسىلاتىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، كو- ئولىجنىڭ خاردىنگنىڭ ئىچكى كابىنېتىدىكى چىرىك ئەمەلدارلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، كوئولىجنىڭ 1924 ـ 1926 ـ ۋە 1927 ـ يىللىرى ئۇدا ئۈچ قېتىم دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، جۇڭگونىڭ شاڭخەي، خەنكۇ، جيۇجياڭ قاتارلىق جايلىرىغا تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى، شۇنداقلا نەنجىڭنى توپقا تۇتقانلىقىغا دائىر رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ ھەقىقىي تەپسىلاتىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، كوئولىج شەخسەن ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ يازغان بۇ ئەسلىمە ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە ئىدى!

كوئولىجنىڭ «ئەسلىمە» سىنىڭ پۈتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭ- لىغاندىن كېيىن، بىرنەچچە نەشرىيات سودىگىرى خۇددى ئالدىن دېيىشىپ قويغاندەكلا ۋاشىنگتون، نيۇيورك ۋە چىكاگودىن شىما- لىي ئامپتونغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ پۇلدار سودىگەرلەر شىمالىي ئامپتونغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىكەنلىكىنى، سابىق زۇڭتۇڭ كوئولىجنىڭمۇ سوغۇق ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

دەسلەپتە، ئۇلار كوئولىجنىڭ «ئەسلىمە» سىنى ناھايىتى تۆۋەن باھادا ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇندى. كوئولىج ئىلگىرى زۇڭتۇڭ بولغىنى بىلەن، باھا تالىشىشنى ئۇقمىغاچقا، ئۇلار چوقۇم بازار تېپىپ كېتىدىغان بۇ كىتابنى ئەڭ تۆۋەن باھا بىلەن قولغا كىر- گۈزۈۋالماقچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ نەشرىيات سودىگەر- لىرى بىر ـ بىرى بىلەن جىددىي باھا تالىشىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە يول قويماي، باھانى ئۆستۈرۈۋەر- گەچكە، كوئولىج ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئەينى چاغدا ئۇ بۇ ئەسلىمىسىنى يېزىشقا كىرىشكەندە پەقەت ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلىغان، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ پۇلغا ياراپ قالىدىغانلىقىنى

پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى! ئىككى نۆۋەت زۇكتۇك بولغان كوئولىجقا نىسبەتەن، بۇنچىۋالا كۆپ قەلەم ھەققى ئۇنىڭ ئاقسا- رايدا ئالغان بارلىق مائاشىنىڭ يىغىندىسىدىن كۆپ بولۇپ، ھەتتا ئايالى بىلەن ئىككىسىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈ- شىگىمۇ يېتەتتى!

نەشرىيات سودىگەرلىرى ئۆزئارا باھا تالىشىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن چاغدا، كوئولىج ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، ئۆزى- نىڭ ئەسلىمىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باھا بىلەن نيۇيوركتىن كەلگەن نەشرىيات سودىگىرىگە سېتىپ بەردى!

«ئەسلىمە» دىن كىرگەن قەلەم ھەققى قىيىن شارائىتتا ئۆ- تۈۋاتقان كوئولىجقا بەكمۇ ئەسقاتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى- لەر «ئەسلىمە» نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى زىلزىلە ۋە غايەت زور قەلەم ھەققىنىڭ پايدىسىدىن تەڭ ھۇزۇرلاندى. كوئولىج ئايالىدىن:

— بىز ھوقۇقتىن ئايرىلغان بولساقمۇ، پۇلغا ئېرىشتۇق، بۇ پۇلنى قانداق ئىشلەتسەك بولار؟ —دەپ سورىدى. گوئودخېۋ خانىم:

— ئەلۋەتتە ئىككىمىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىمىزغا ئىشلى- تىمىز - دە! — دېدى. كوئولىج ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە تازا قوشۇلۇپ كەتمىدى. ئۇ «ئەسلىمە» يېزىش ئارقىلىق ئېرىشكەن قەلەم ھەققىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتكەن، ئادەمنىڭ كالل- سىدا قىزىپ تۇگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن بايلىقنىڭ بار ئىكەن- لىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ كاللىسىدىكى نەرسىلەرنى يېزىقا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى- نى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىدە تېخىمۇ كۆپ پۇلغا يارايدىغان ئەقلىي بايلىقنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ قالغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قەلەم ھەققىگە قاتتا بىر تۇرالغۇ سېتى- ۋېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش

مۇھەتتىنى ياخشىلاش قارارىغا كەلدى. كېيىنكى تۇرمۇش توغرۇ-
لۇق توختالغاندا، ئۇ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، گوئودخېۋ، قولۇمدا قەلەملا بولىدى-
كەن، پۇلغا يارايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپ چىقالايمەن!
چۈنكى، مېنىڭ كاللامدا بايلىق ناھايىتى كۆپ! — دېدى.

كوئولىج ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېڭى داچىغا كۆچۈپ
كىرىشى بىلەنلا، ۋاشىنگتون، نيۇيورك قاتارلىق جايلاردىن كەل-
گەن مۇھەررىر، مۇخبىرلار ئالاھىدە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگە
ئىگە بۇ سابىق زۇڭتۇڭدىن ئۆزلىرىگە ئەسەر يېزىپ بېرىشنى
بەس - بەس بىلەن تەلەپ قىلىشتى.

## يۇرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىپ جان ئۈزدى

ماقالە تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، كوئولىج
ئويلىمىغان يەردىن يازغۇچى بولۇپ قالدى.

ۋاشىنگتون ۋە نيۇيورك قاتارلىق جايلاردىكى گېزىت -
ژۇرناللار كوئولىجنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن پەخىر-
لىنىدىغان بولدى. تەسىرى بار بەزى چوڭ گېزىتلەر كوئولىج
ئۈچۈن مەخسۇس ستون تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ پاساھەتلىك يې-
زىلغان ئوبزور، فېلىيەتون ۋەئەدەبىي خاتىرىلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي
ئېلان قىلدى. كوئولىجنىڭ سالاھىيىتى، ئالاھىدە كەچۈرمىشلى-
رىمۇ قىزىقارلىق ھەم ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، يازغان
ماقالىلىرىمۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە دەۋر سۈردى.

كوئولىج ئۆزىنى توساتتىنلا ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قى-
لىپ قالدى. ئۇ ھوقۇقتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى چۈشكۈن ھا-
لەتتىن بىراقلا روھلىنىپ، ئۆزىنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرالايدى-
غان يېپيېڭى بىر بوشلۇقنى تاپقاندى. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق قابى-

لىيتى ئۇ ھوقۇق تۇتۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئانچە بەك ئېتىبارغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئاددىي خەلق ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاشۇ قابىلىيىتى ئارقىلىق ئۆز قىزغىنلىقىنى قايتىدىن تېپىۋالغانىدى.

ئاقسارايدا تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئۇ قولىدا زور ھوقۇق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ئېپى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. كلاۋىد ئىسىملىك بىر مۇخبىر ئۇنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باھا بېرىپ «ئۇ بىر شوپۇرغىلا ئوخشايدىكەن» دېگەن ھەم مۇنداق دەپ يازغانىدى: «كوئولىج ياخشى ئادەم، ئۆزىنى توختىتىۋالغان، بىراق ئالاھىدە ماھارىتى يوق بىر شوپۇر. ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، دۆلىتىمىز ھېچقانداق بىر خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ باقمىدى، خەلق خاتىرجەم ياشىدى. ئۇ بىرەر كۆرەشكە قاتنىشىپ غەلىبە قازانغىنى يوق، ئەنئەنىگىمۇ خىلاپلىق قىلىپ باقمىدى، ھېچقانداق ئىسلاھات تەدبىرىنىمۇ يولغا قويمىدى. ئۇنداقتا، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە ئۇرۇش ياكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسا قانداق قىلار بولغىيتتى؟ مانا بۇ ھەممەيلەننىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدىغان قىزىقارلىق بىر تېما! …» مۇخبىرنىڭ گەپتە سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى كوئولىج بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىنى يەنىلا ئاۋامنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەنىدى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەتنى ناھايىتى تىنچ سورىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان بولغاچقا، سىياسىي نەتىجە دېگەنلەردىن ئۇ ئۆزىمۇ ئالدىراپ سۆز ئاچالمايتتى!

كوئولىج ئۆزىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېزىقچىلىق تالانتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئويلاپ باقمىغانىدى! ھەتتا گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلغان ئاشۇ ئېسىل ماقالىلەرنىڭ ئۆز قەلىمىدىن پۈتۈپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقىنىغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران

قالدى! ئەگەر ئۆيدە ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىپمۇ جېنىنى گۈلدەك باقالايدىغانلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسا، ئۇ ھەرگىز-مۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇ-ۋېتىدىغان سىياسىي كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ يۈرمىگەن بولاتتى!

كوئولىج ناھايىتى تېزلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە تارتتى. ئۇ سىياسىي سەھنىگە چىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ (تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا شۇنداق پۇرسەت يەنە بىر قېتىم كەلگەن، يەنى ئۇنىڭ ئىز باسارى خوئوۋېر 1933 - يىلى جىمجىت تەختتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى شىمالىي ئامپتوندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان كوئولىجنى يەنە بىر قېتىم سايلامغا قاتناشتۇرۇشنى ئوي-لاشقانىدى. لېكىن، ئۇ قولىدا بىر تال پاپىروسنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن ھازىر سېپى ئۆزىدىن بىر يازغۇچى بولۇپ قالدىم، ئەمدى سىياسىي بىلەن ھەپىلەشمەيمەن!» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى)، يەنىلا سىياسىي بىلەن ئانچە بەك چېتىشلىقى يوق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەر كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلدى. مەسىلەن، «مەملىكەتلىك جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيە-تى» يىللىق يىغىن ئاچقاندا، چوقۇم ئۇنى تەكلىپ قىلاتتى. كوئولىج ئۇ يىغىنغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، بۇ ئىلمىي جەمئىيەت ئۇنىڭغا يەنىلا «كېڭەش ئەزاسى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ قوي-دى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇق ئەمەللەر كەينى - كەينىدىن ئارتىلىۋەردى، لېكىن كوئولىج ئۆزى بىلگەن پەدىدە يېزىقچىلىقى-نى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

ھالبۇكى، ئۇ نيۇيوركتا ئۆتكۈزۈلگەن «ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى» نىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىغا ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ قاتناشتى. چۈنكى، ئۇ قىرىغاندىن كېيىنكى ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۆزىنى ھەم ئايالىنىمۇ شۇ سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرغانىدى. 1930 - يىل باھار-

دا، كوئولىجىنىڭ ئورۇق گەۋدىسى ئامېرىكىنىڭ شەرقىدىكى نيۇ-يورك شەھىرىنىڭ مانخاتتون رايونىدىكى مېھمانسارايدا پەيدا بولۇ-شىغىلا، كىچىككىنە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ يىللىق يىغىنى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. كوئولىج ئادەتتە ئاممىۋى سورۇنلارغا كۆپ بارمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىششى كىشىلەرنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغانىدى. ئۇ سۆزگە ئانچە ماھىر بولمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى يىغىندا كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك نۇتۇقتىن بىرنى سۆزلىۋەت-تى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭمۇ «كېڭەش ئەزاسى» بولۇپ سايلاندى!

شۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاشكارا ئىشتىراك قىلغاندىن كېيىن، كوئولىج يەنە بىر قېتىم پىنھان ياشاش ھالىتىگە ئۆتتى. ئۇ شىمالىي ئامپتوندىكى كاتتا تۇرالغۇسىدا كۈنلىرىنى ناھايىتى خا-تىرجەم ۋە بەختلىك ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى يېزىق-چىلىققا سەرپ قىلاتتى، ئۆزىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن مۇخ-بىرلار بىلەن ناھايىتى ئاز كۆرۈشەتتى. ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن، قېنىپ بىر ئۇخلىۋالاتتى ياكى ئايالى گوئودخېۋ خانىم بىلەن ئۆزىنىڭ قورۇسىدىكى چىملىقتا گولف توپ ئوينايتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئەينى يىللىرى سىياسىي ساھەدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئەمدى كەلمەسكە كەتكەن بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى تولىمۇ بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ماقالە يېزىشتىن كىرگەن قەلەم ھەققى ئايالى گوئودخېۋ خانىم ئىككىسىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىگە كەڭتاشا يېتەتتى. 1930-يىلدىن 1933 - يىلغىچە بولغان مەزگىل كوئولىجنىڭ ئۆمرى-نىڭ ئاخىرىدا ئەڭ غەمسىز ئۆتكەن ۋاقىت بولۇپ قالدى.

1933 - يىل 1 - ئايدا شىمالىي ئامپتوندا قاتتىق سوغۇق بولدى.

بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ كوئولىج نيۇيوركتىكى بىر نەشرىيات سودىگىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، «كوئولىجنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى» ناملىق يېڭى ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەنىدى. بۇ ئۇ ئىلگىرى نەشر قىلدۇرغان «ئەسلىمە» نىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى ئىدى. ئامېرىكىنىڭ تارىخىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇرغۇن ئالىملار كوئولىج تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىشلاردىن ئاساسەن دېگۈدەك خەۋەرسىز ئىدى، بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى سابىق زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان قاتىلنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشلىرىنى پەقەت كوئولىجلا ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا، نيۇيوركتىكى نەشرىيات سودىگىرى كوئولىجنى بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ چىقىشقا يۇقىرى قەلەم ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلغانىدى.

كوئولىجنىڭ تېنى ناھايىتى ساغلام، كەيپىياتى ياخشى بولغاچقا، بارغانسېرى ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ھېلىقى نەشرىيات سودىگىرى بىلەن كىتاب توغرىسىدا توختاملاشتى. ھەمدە، 1923 - يىل يازدا ئۆزى تەختكە چىققان چاغدىكى ھەقىقىي تارىخنى قايتا يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى ماتېرىياللارنى سىستېمىلىق ھالدا بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى، ئۆتكەن ئىشلارنى قايتىدىن ئەسلىدى. ئەينى چاغدا، خاردىنگنىڭ ئىچكى كابىنتى ھەددىدىن زىيادە چىرىكلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، جەمئىيەتتە نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولغان، كوئولىج يۇرتى پلىمۇستىن ئاقسارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يىغىشتۇرۇۋېلىش تەس بولغان بىرمۇنچە ئاۋارىگەرچىلىككە دۇچ كەلگەنىدى. خۇددى دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى سىمتىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «كوئولىج جىددىي پەيتتە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ

قالغان ئاشۇ پەيتتە، ئۇ بۇ ئالىي ھوقۇقنىڭ نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلىمىسە بولمايتتى. ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ئىسراپخورلۇق ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان شۇ مەزگىلدە كوئولىج ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان گۈزەل پەزىلەت بىلەن ئۆزىگە خاس ئاددىي ـ ساددا ئوبرازىنى نامايان قىلدى…»

كەچلىرى، كوئولىج ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى. ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەتنى ناھايىتى ئادەتتىكىچىلا سوردىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان بولسىمۇ، خاردىڭنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاشۇ بىر مەزگىلنى ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق يىللار دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ئاقسارايدا خاردىڭنىڭ سەتچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە باشقا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا ئۆزىگە خاس نوپۇزنى تىكلىگەن، چوڭ سايلامدا مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن داۋاملىق زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغانىدى. مانا بۇنى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە دېمەي بولمايتتى! 1929 ـ يىلى ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە «دۆلەت ئاز كۆرۈلىدىغان رازىمەنلىك كەيپىياتىغا تولغان» ئىدى. كوئولىجنىڭ يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپ قېلىشىدىن ئۈمىد زور بولسىمۇ، قانائەتچان بۇ ئادەم سىياسىي ساھەدىن دەرھال چېكىنىش قارارىغا كەلدى! بەزىلەر كوئولىجنى «چېچەن ھەم سەزگۈر» دەيتتى. دېمىسىمۇ، سەمىمىي ۋە تەمكىن كوئولىج ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ پات ئارىدا ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەنىدى! ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئايالىغا پات ـ پات: «مەن بەك تەلەيلىك ئىكەنمەن، بولمىسا، ئىقتىسادىي كرىزىسقا تاقابىل تۇرىدىغان ئىش ماڭا قالار ئىكەن!» دېگەنىدى.

1933 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ناھايىتى ئادەتتىكىچە بىر كۈن ئىدى. كوئولىج ئاخشام كارىۋىتىدا يېتىپ پات ئارىدا

يازماقچى بولغان كىتابى توغرۇلۇق ئۇزاق ئويلانغاچقا، ئورنىدىن كېچىكىپرەك تۇردى.

چارچاپ قالغان كوئولىج تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈزىنى يۇدى. ئاندىن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساقىلىنى ئاستا قىرىشقا باشلىدى. ئۇ تېرىسىنى بىرىنچىۋانىڭ زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قولىنى ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەتلەندۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ دىققەتسىزلىكتىن ئۇستۇنكى كالپۇكىنى قانىتىۋالدى. قىپقىزىل قان فارفۇر خىشقا تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى.

توساتتىنلا، كوئولىجنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئۇ يەرگە «گۈپپىدە» يىقىلدى! ئايالى ۋە باللىرى چۆچۈگەن ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

«قان! قان!…»

گوئودخۇ خانىم داڭقېتىپلا قالدى، ئېرىنىڭ نېمىشقا كالپۇكىنى قانىتىۋالغانلىقىنى، يەنە نېمىشقا تازىلىق ئۆيىدە تۇيۇقسىز يىقىلىپ قالغانلىقىنى ئۇ پەقەتلا چۈشىنەلمىگەنىدى. ئۇلار ھوشىدىن كەتكەن كوئولىجنى دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، كوئولىج تىنىقتىن قېلىپ جان ئۈزدى!

دوختۇرلار ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى توغرىسىدا ناھايىتى تېزلا خۇلاسە چىقاردى: كوئولىج يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى سەۋەبىدىن قازا قىلغانىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭدا يۈرەك كېسىلى بارلىقى بايقالمىغان بولسىمۇ، جەسەت تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى سەۋەبىدىن ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. كېسەلنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ نەچچە كۈن ئۇدا ئۇخلىمىغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كالپۇكىغا تىغ ئۇرۇلۇپ كېتىشى ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغالغان چاغدىكى قالايمىقان ھەرىكىتىدىن كېلىپ

چىققان ئىش ئىدى. دېمەك، ئۇ نەق كېسەل سەۋەبىدىن جان ئۈزگەن، بۇنىڭغا ھېچقانداق سۇيىقەست ئارىلاشمىغاندى.

شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى — كوئولىج ئاتمىش ياشقا كىرگەن كۈنى، بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ مېيىتى ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايىغا — ۋېرمونت شتاتىدىكى پلىمۇسقا يېقىن جايدىكى تاغ ئويمانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

# ئوتتۇزىنچى باب

## قان تۆكۈرگەنلىكتىن، نىيۇيوركتىكى ھەشە-مەتلىك ئۆيىدە ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزگەن

### —— ئوتتۇزىنچى زۇڭتۇڭ خېربېرت كلاك خوئوۋېر



خېربېرت كلاك خوئوۋېر 1874-
يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىئوۋا
شتاتىغا قاراشلىق غەربىي برانچ بازى-
رىدا تۇغۇلغان. ئاتا - بوۋىسى گېرما-
نىيىلىك، دادىسى شۇ بازاردا تۆمۈر-
چىلىك قىلغان. خوئوۋېر دادىسىدىن
كىچىكلا يېتىم قالغاچقا، ئانىسىنىڭ
تىككۈچىلىك بىلەن تاپقان پۇلىغا تايى-
نىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن؛

1891 - يىلى ستانفورد ئۇنىۋېر-
سىتېتىغا كىرىپ، گېئولوگىيە ۋە
كانچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن. نەتى-
جىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان؛

1895 - يىلى كالىفورنىيە شتاتىدىكى كانچىلىق شىركىتىدە ئىشلى-
گەن. كېيىن ياردەمچى ئىنژېنىر بولغان؛

1897 - يىلى ئەنگلىيە بىئوۋۋىك كانچىلىق شىركىتىنىڭ ئاۋسترالى-
يىدىكى شۆبە شىركىتىدە دېرىكتور بولغان؛

1899 ـ يىلى جۇڭگوغا كېلىپ، خېبېيدا كۆمۈر كان ئېچىش ئىشلى-رىغا مەسئۇل ئىنژېنېر بولغان؛

1908 ـ يىلى سان فرانسىسكوغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزى شەخسىي كانچىلىق شىركىتى قۇرغان؛

1912 ـ يىلى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بول-غان؛

1914 ـ يىلى ئەنگلىيىدە «ئامېرىكىلىقلارنى قۇتقۇزۇش كومىتېتى» نىڭ رەئىسى بولغان؛

1915 ـ يىلى «بېلگىيىدىكى ئامېرىكىلىقلارنى قۇتقۇزۇش كومىتې-تى» نىڭ رەئىسى بولغان؛

1917 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ يېمەكلىك بىلەن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان؛

1919 ـ يىلى فرانسىيىدە «پارىژ ئالىي ئىقتىسادىي كېڭىشى» نىڭ رەئىسى بولغان؛

1921 ـ يىلى سودا مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن؛

1929 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان؛

1964 ـ يىلى نيۇيوركتا توقسان يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىز قان تۈكۈردى

1964 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، نيۇيوركنىڭ مانخاتتون رايونىغا جايلاشقان ئالىي دەرىجىلىك ئول-تۇراق رايونىدىكى ئەتىرگۈل بىناسىنىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتىدە يېشى توقسانغا كىرىپ قالغان بىر بوۋاي يېزىقچىلىق قىلىپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىزلا، ئۇنىڭ ئىچى قىزىغاندەك بولدى ـ دە، ئاغزىدىن قان بۇلدۇقلاپ چىقتى! قان ئۇنىڭ ئالدىدىكى ماقالە قەغىزىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى.

بوۋاي چۆچۈپ بىر سىلكىندى ـ دە، ئورۇندۇقتىن يەرگە گۆپپىدە يىقىلدى.

بۇ ئادەم ئوتتۇز بىر يىل ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇزىنچى زۇڭتۇڭى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەختتىن چۈشكىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغاچقا، سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان كىشىلەر ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. پەقەت ئۇ ئۆزىلا خېرىبېرت خوئوۋېر دېگەن ئىسىمدىن تا ھازىرغىچە پەخىرلىنىپ كېلىۋاتاتتى.

ياندىكى ئۆيدە چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان كىچىك ئوغلى ئاللان خوئوۋېر «گۇپ» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ داۋاملىق ئۇخلاۋەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئىڭرىغان ئاۋاز ئۇنى سەگەكلەشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ياندىكى ئۆيدە ئىڭراۋاتقان ئادەمنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۇرگىنىدە يۈرىكى قارتتىدە قىلدى ھەمدە ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. خوئوۋېر بۈنىڭدىن يېرىم سائەت ئىلگىرى ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

كۇنگەي تەرەپكە جايلاشقان بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ئىچى ئىنتايىن يورۇق بولۇپ، تۆت تېمى پۇتۇنلەي دېگۇدەك كىتاب ئىشكاپلىرى ۋە ھەر خىل كىتابلار بىلەن تولغانىدى. كىچىكىدىنلا كانچىلىق ئىشلىرىغا ھەۋەس باغلىغان، ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە ـ كانچىلىق فاكولتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۇتتۇرگەن خوئوۋېر يىغقان بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى كانچىلىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئىدى؛ خوئوۋېر ئۇرۇش يىللىرىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سىياسىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بولغاچقا، سىياسىي، پەلسەپىگە ئائىت كىتابلار ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى قىزىقىش نۇقتىسىنىمۇ ئىپادىلەپ تۇراتتى!

كۇنگەي تەرەپكە قويۇلغان يېزىق شىرەسىدە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە خوئوۋېر تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزى يازغان ئەسەرلەرمۇ بار بولۇپ، «تىنچلىقنى ئۇزاققىچە ساقلاش مەسىلىسى»، «ئامېرىكا

ئېپوسى» ، «كانچىلىق پرىنسىپى» ، «خوئوۋېرنىڭ ئەسلىمى-سى» دېگەن كىتابلار ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئەڭ ئۈستىدە تۇرغىنى تېخى يېقىندىلا ئالاھىدە ماختاشقا سازاۋەر بو-لۇپ، «بازىرى ئىتتىك كىتاب» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «زۇڭتۇڭ ۋوئودروۋ ۋىلسون دۇچ كەلگەن سىناق» ناملىق كىتاب ئىدى.

يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ بارغانسېرى سەمرىپ كېتىۋاتقان خوئوۋېر ھەر كۈنى دېگۈدەك سول تەرەپتىكى ھۇجرا بىلەن مۇشۇ كۇتۇپخانا ئارىلىقى-دىلا قاتراپ يۈردى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى ئىككى سائەت، چۈشتىن كېيىن بىر سائەت يېزىقچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان كىچىك ئوغلى ئاللان ئۇنىڭغا كۇتۇپخانىغا ئازراق كىرىشنى، كۈن بويى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىۋەرمەسلىكنى تالاي قېتىم ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، خوئوۋېر جاھىل بولغاچقا، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ:

— چاقماق چاقسىمۇ يېزىقچىلىقىمنى داۋاملاشتۇرىۋېرىمەن، ئۇنى تاشلىۋەتسەم بولمايدۇ. يېزىقچىلىقنى ئېغىر ئەمگەك دەپ ئويلاپ قالما، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىر خىل ھۇزۇرلۇق ئىش، خۇددى سىلەر ياشلارنىڭ نەغمە - ناۋا قىلىشقا ئامراق بولغىنىڭ-لارغىلا ئوخشايدۇ. مەن قەلەم ھەققى ئۈچۈن ئەسەر يېزىۋاتقىنىم يوق، بىزدە يېتەرلىك پۇل بار. مەن ئۆز قىزىقىشىم تۈپەيلىدىن يېزىقچىلىق قىلىۋاتىمەن! — دېدى. ئاللان جاھىل دادىسىغا باش-قىچە گەپ قىلالمىدى. خوئوۋېرنىڭ دېگىنى راست ئىدى. ئۆس-مۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا كانچىلىق كەسپىدە ئۆزۈپ چىقىشقا ئىرادە باغلىغان بۇ يېتىم بالا ئالدىنقى يېرىم ھاياتىدا تەبىئەتنى ئېچىشنىڭ نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. يىگىرمە ياشقا كىرگەندە ئۇ ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازى-سىدىن چىقىپ، ئۆزى يالغۇز كالىفورنىيە شتاتىغا بېرىپ، كان-چىلىق شىركىتىدە ئىشچى بولدى. كان قۇدۇقىغا چۈشۈپ، ئۇ

يەردىكى جاپاكەشلەر بىلەن تەڭ دۇم يېتىپ، دۇم قوپتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئەنگلىيە ۋە ئاۋستىرالىيىگە باردى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كانچىلىققا بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قال- مىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كانچىلىق ئىنژېنېرى بولغاچقا، ھەر كۇنى كان ئىشچىلىرى بىلەن تەڭ ئىشلەپ، تەڭ ئۇخلاپ، جاپانى يەتكۈچە تارتتى. 1899 - يىلى خوئوۋېر تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئوكيانىنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئاسىيا قىتئەسىگە — چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىدىكى كۆمۈر كانىغا باردى. جۇڭگونىڭ كۆمۈر كېنىدا ئىككى يىل ئىشلەش جەريانىدا ئۇ ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل تاپتى ھەمدە يەنە ئەنگلىيىگە بېرىپ، بىئوۋۋىك كانچىلىق شىركىتىنىڭ بىر پايچىكى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى.

شۇڭا، خوئوۋېر ياشىنىپ قالغان، بولۇپمۇ زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يېزىقچىلىققا كىرىشكەن چېغى- دا، ئۆزىنى بۇ ئىشقا ئۇرۇپ كەتمەسلىككە ئۈندەپ ھالى قالمايۋات- قان ئوغلىغا ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ: «مەن جاپانى يەتكۈچە تارتقان ئادەم، بىر ئادەمنىڭ كان قۇدۇقى ئاستىدا قانداق كۈنلەر- نى كۆرىدىغانلىقىنى سىلەر چۈشەنمەيسىلەر. كان ئىشچىلىرى قۇياش نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ. تۇزۇكرەك ھاۋادىن نەپەسلىنەلمەي- دۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلۈم خەۋپى ئەگىپلا يۈرىدۇ. شۇڭا، كۈتۈپ- خانىدا ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىش دېگەن ئاجايىپ ھۇزۇرلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ!» دېگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بالىلىرى ئۇنى يېزىقچىلىقتىن توسماي- دىغان بولدى. چۈنكى ئۇلار خوئوۋېرنىڭ سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق تىمەن يۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆ- رۈپ خاتىرجەم بولغانىدى. خوئوۋېر ئۆزىدە پۈتمەس - تۈگىمەس ئېنېرگىيە باردەك ھېس قىلاتتى، مانخاتتوننىڭ ئالىيېشىل كو- چىلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئايلىنىشنى ياكى بولمىسا ئۆيىنىڭ يېنى-

دىكى باغچىغا بېرىپ گۈل - گىياھلارنى تاماشا قىلىشنى ئانچە
خالاپ كەتمەيتتى. ئۇ دائىم «مەن دېگەن زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم،
شۇڭا، باشقا ئاددىي كىشىلەرگە ئوخشاش ئامىمىۋى سورۇنلارغا
ئىختىيارى كىرىپ - چىقىپ يۈرسەم بولمايدۇ» دەپ قارايتتى.
گەرچە ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر ھېچقانداق مۇھاپىزەتچى بولمىسىمۇ،
ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە ياشايتتى، سىرتلارغا
كۆپ چىقمايتتى، پۇقرالار بىلەن بىرگە بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ
ئامراق كىچىك ئوغلى ئاللانغا: «پەۋقۇلئاددە ئادەملەر ئۆزىنىڭ
سىرلىق ھالىتىنى ساقلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئۆز سىرلىقلى-
قىنى يوقىتىپ، ھەر كۈنى پۇقرالار بىلەن بىرگە بولۇپ كەتسە،
پەۋقۇلئاددە ئادەم بولالماي قالىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى
ئۆمرىدە مانخاتتوندىكى ئالىي دەرىجىلىك ئولتۇراق رايونغا بېكى-
نىپ ياشىشىمۇ دەل شۇ سەۋەبتىن ئىدى. كېيىنكى ئۆمرىدە ئىچ
پۇشۇقى تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ يېزىقچىلىقنى تاللىۋالغا-
نىدى.

خوئۇۋېر تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، يېزىقچىلىققا كى-
رىشكەن دەسلەپكى چاغلىرىدا نۇرغۇن مەشىق ماقالىلىرىنى يې-
زىپ باقتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىدە سىياسەتچى بولغۇدەك ھەم دۆلەت-
نى باشقۇرالىغۇدەك قابىلىيەت بار بولغىنى بىلەن، قەلەمگە ما-
ھىر كاتتا يازغۇچى بولالىغۇدەك قابىلىيەتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى
ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، نەشرىيات ۋە باشقا تەھرىر بۆلۈملەرگە
ئەۋەتكەن ماقالىلىرى كەينى - كەينىدىن قايتىپ كەلگىنىدە ئۇ
قىلچە مەيۇسلەنمىدى. بۇرۇنقى زۇڭتۇڭ ۋاقىتلىرىدىكىدەك چال-
ۋاقاپمۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئاددىي بىر
پۇقراسى سۈپىتىدە نەشرىياتلارغا ماقالە ئەۋەتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ
بىرمۇنچە جاپا چېكىپ يازغان ئەسەرلىرىنى نەشرىيات ئورۇنلىرى
ياراتماي قايتۇرۇۋەتكەن چاغدا، ئەيىبنى ناھايىتى سەممىيلىك
بىلەن ئۆزىدىن ئىزدىدى. ھەمدە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ،

يېزىقچىلىقتا يېڭىۋاشتىن ئەستايىدىل كىرىشتى. كېيىن، ئۇنىڭ ماقالىلىرى نەشرىياتلار تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېتىلمەيدىغان، ھەتتا نەشرىياتلار ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى تالىشىپ ئىشلىتىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

خوئوۋېر تۇيۇقسىز قان تۈكۈرۈشتىن بۇرۇن، بىر گېزىتخانا ئۇنىڭ ماقالىسىنى سۆيلەپ ئۇدا نەچچە قېتىم تېلېفون بەرگەندى. ئۇ ئۆزىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماقالە ئۇيۇشتۇرغان مۇھەررىرلەرنى نائۇمىد قالدۇرۇشنى خالىمايتتى. «ئۇلار مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، خوئوۋېر بۈگۈن ئۆزىنىڭ تازا تاۋى يوقلۇقىغا قارىماي چۈشلۈك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ يېزىقچىلىققا ئولتۇرغان، ئاپئاق قەغەزگە قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان گۈزەل ئىبارىلەرنى يېزىشقا باشلىغانىدى. لېكىن، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ يېزىقچىلىق قىلىۋاتقاندا، مەيدىسى تۇيۇقسىز قىزىپ، قانداقتۇر بىر نەرسە ئاشقازىنىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئاغزىدىن ئىختىيارسىز بىر نەرسە ئېتىلىپ چىققاندا، خوئوۋېر داڭقېتىپ قالدى. ئۇ خەپرۇك ئەمەس، بەلكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان قىپقىزىل قان ئىدى!

خوئوۋېر تۇيۇقسىز قان تۈكۈرگەنلىكتىن جىددىيلىشىپ كەتتى ھەمدە ئۆزىنى باشقۇرالماي، ئورۇندۇقتىن پولغا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئاغزىدىن يەنە قان بۇلدۇقلاپ چىقتى!

## جان ئۈزۈش ئالدىدا «سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش قورقۇنچلۇق ئىكەن!...» دەپ جۆيلۈدى

خوئوۋېرنىڭ چوڭ ئوغلى خېربېرت خوئوۋېر ئون مىنۇتتىن كېيىن چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىنىسى

ئاللاننىڭ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، ماشىنىسىنى ھەيدەپ، نېفىت شىركىتىدىن ئۇدۇللا بۇ يەرگە كەلگەنىدى. چىراي تۇرقى خوئوۋېرغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان خېرىبېرت دادىسىغا ئوخشاشلا كانچىلىقتا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان، يەنە كېلىپ، دادىسىنىڭ ئانا مەكتىپى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە ـ كانچىلىق فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۇتتۇرگەن، كېيىن دادىسى ماڭغان يولدا مېڭىپ، ئىراندىكى بىر نېفىت شىركىتىدە ئىشلىگەن، ئاندىن ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزى بىر نېفىت شىركىتى قۇرغانىدى. نېفىت ساھەسىدىكى چوڭ ماگنات بولۇپ قالغان خېرىبېرت بۇگۇن نيۇيوركتىكى نېفىت شىركىتىدە ئىش بېجىرىۋاتقاندا ئىنىسىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالغان ھەم شۇ زامانلا دادىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەنىدى.

خېرىبېرت كەلگەن چاغدا، خوئوۋېرنى ئاللان ھۇجرىسىغا يۆدەپ ئەكىرىپ بولغانىدى. خوئوۋېر كارىۋاتتا ياتاتتى، توختىماي قان تۇكۇرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولۇپ، نەپسىمۇ ناھايىتى ئاجىز ئىدى. خېرىبېرت كارىۋاتتىكى دادىسى تۇكۇرگەن قانلارنى كۆرۇپ قالدى! خوئوۋېرنىڭ نېمىشقا تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالغانلىقىنى ھەم كەينى ـ كەينىدىن قان تۇكۇرۇپ كەتكەنلىكىنى خېرىبېرت دەماللىقتا چۇشىنەلمەي قالدى. ئۇ قاتتىق تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئىنىسىگە:

— ئاللان، دادام مۇشۇنداق ئېغىر ھالەتتە تۇرسا، نېمىشقا دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىدىڭ؟ — دېدى. ئاللان بېشىنى چايقىدى ھەمدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تىتىلداپ تۇرغان ئاكىسىغا بايا ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ زۇققە كېسىلىنى داۋالىغان دوختۇر داۋىدقا تېلېفون بەرگەنلىكىنى، دادىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى بەش قولدەك چۇشىنىدىغان ئۇ دوختۇرنىڭ ئاللانغا «خوئوۋېردا ئىلگىرى قان تۇكۇرۇش ئەھۋالى كۆرۇلۇپ باقمىغان، شۇڭا ئۇنى

دوختۇرخانىغا ئاپارماي تۇرۇڭ» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. خوئوۋېرنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئۈچۈن، چوقۇم لىفت بىلەن پەسكە ئەچۈشۈشكە ھەم ماشىنىغا سېلىپ ئاپىرىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنداق قىلغاندا، خوئوۋېر تېخىمۇ سىلكىنىپ، يەنە قان تۈكۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. دوختۇر داۋىد دەل مۇشۇ تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقى گەپنى قىلغانىدى.

دوختۇر داۋىدنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، ئاللان كۈتۈپخانىدا ياتقان دادىسىنى ھۇجرا ئۆيدىكى كارىۋاتقا يۆدەپ ئاچىقتى. ئۇ دادىسىنى يۆدەپ چىقىۋاتقاندا، دوختۇرنىڭ پەرەز قىلغىنىدەكلا خوئوۋېر يەنە توختىماي قان تۈكۈردى، كارىدور قان بىلەن ئالا-بۇلىماچ بولۇپ كەتتى!

خېربېرت بىلەن ئاللان دوختۇر داۋىدنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، دادىسىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا قاراپ تۇردى. خوئوۋېرنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى تىنچتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئىككى كۆزى يۇمۇق ھالدا بىھوش ياتاتتى. خېربېرت ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستا شىۋىرلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىككى ئوغلى تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

«سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش قورقۇنچلۇق ئىكەن، خەتەرى تولا ئىش ئىكەن، مەن… سىياسىي بىلەن شۇغۇللانمىسام بوپتىكەن!…» خوئوۋېر جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان چاغدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئەنە شۇنداق چۈشىنىكسىز گەپلەرنى دەپ جۆيلۈپ كەتتى.

ئاقسارايدىن ئايرىلغىنىغا ئوتتۇز نەچچە يىل بولغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ نېمىشقا قان تۈكۈرۈپ بىھوش ياتقان ۋاقتىدا يۇقىرىقىدەك جۆيلۈيدۇ؟ ئېھتىمال، بۇنى ئۇ ئۆزى چۈشەنسە كېرەك ياكى ئۇ نەچچە ئون يىل مابەينىدىكى ئىچ پۇشۇقى ۋە كۆڭۈل غەشلىكىنى ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىغان بولۇشى مۇم-

كىن. خوئوۋېر بىھوش ھالەتتە ياتقان بولسىمۇ، ھاياتىدىكى ئۇن-تۇلماس ئىشلار: ئاۋستىرالىيىدىكى كان رايونى، جۇڭگودىكى كۆمۈر كانلار، ئەنگلىيىدىكى ۋېللىس تاغ رايونى قاتارلىقلار كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئادەمزات ئاياغ باسمىغان ئاشۇ قاقاسلىقلاردا خوئوۋېرنىڭ ئاياغ ئىزى قالغان بولۇپ، ئۇ شۇ تاپتا ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى قايتا چۈشەۋاتقاندەك قىلات-تى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ كان رايونلىرىدا ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىش-كەنلىكى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئېسىدە ئىدى، چەت ئەلدىكى كانچىلىق تۇرمۇشى ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ جاپا - مۇشەققەتلەر ئىچىدىن ئۆزىگە خاس كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشكە-نىدى. ئىلگىرى ئۇ نام - نىشانى يوق بىر ياش ئىدى، بىر يىلى ئۇ ئەنگلىيىدە كانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغىدا، قول ئاستىدىكى باش بوغالتىر كان ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىگە خىيانەت قىلىپ قويغاچقا، ئىشچىلارنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ئىش تاشلىدى. ئەينى چاغدا، خوئوۋېر مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي بوغال-تىرغا ئارتىپ قويسىمۇ بولۇۋېرەتتى، لېكىن، ئۇ ئۆزى شەخسىي يىغقان پۇلىنى چىقىرىپ، ئىشچىلارنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل ئەنگلىيىگە تارقىلىپ كەتتى. ئۇ چەت ئەلدە داڭق چىقىرىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى سىياسەت يۈرگۈزگۈچىلەر ئاندىن ئۇنىڭغا دىققەت قىلدى! شۇنىڭ بىلەن، خوئوۋېر ئۇزاق ئۆتمەيلا سىياسىي ساھە-گە ئۆزىمۇ بىلمەي - بىلمەي كىرىپ قالدى! ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىر-قى مىنۇتلىرىدا ئۆكۈنگەن ئىش ئاشۇمىدۇر؟

خوئوۋېرنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، 1914 - يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان چاغدا، ئۇ ئەنگلىيىدە بولۇپ، تېخى يېقىندىلا توي قىلغان ئايالى خېنلىي بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ قىرىق ياشقا تولغان خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. ئويلىمىغان يەر-دىن، دەل شۇ چاغدا قەدىناس دوستى پاگې ياردەم سوراپ ئۇنىڭغا

تېلېفون قىلدى. پاگې ئەينى چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سۇپېتىدە لوندوندا خىزمەت قىلىۋاتقان بو-لۇپ، ئۇرۇش ئوتى پۈتكۈل ياۋروپانى قاپلاش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، ياۋروپادا سايابەت قىلىۋاتقان ئامېرىكىلىقلارنى دەرھال ۋەتەنگە قايتۇرۇش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ بۇ ئىشلارغا تازا يېتىشەلمەي قالغاچقا، مۇناسىۋەتكە ماھىر خوئو-ۋېرنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىنى كانچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان خوئوۋېر «ئامېرىكىلىقلارنى قۇتقۇزۇش كومىتېتى» نىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدا ئاقسارايدىن ئەۋەتىلگەن ۋەزىپىگە تە-يىنلەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ سىيا-سىي ساھەگە باغلىنىپ قالدى. ئۇ كېيىن ئۆزىنىڭ «ئەسلىمە» سىدە: «8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇشۇ دۈشەنبە كۈنىدىن باشلاپ، مەن شۇغۇللىنىۋاتقان قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ كەلمەسكە كېتىدى-غانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ بىر مۇرەككەپ سىياسىي تۇرمۇش يولىغا كىرىپ كېتىدىغانلىقىمنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن…» دەپ ياز-دى.

خوئوۋېردا سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش تەييارلىقى بولمى-سىمۇ، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ئىقتىدارلىق ئامېرىكا پۇقراسى ئىدى. دوستى پاگېنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغان ياۋروپادا جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سايابەت قى-لىپ يۈرگەن بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئامېرىكىلىقنى تېز سۈرئەتتە ۋەتەنگە ئامان ـ ئېسەن قايتۇردى. ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قال-دۇرغۇدەك تەشكىللەش قابىلىيىتى ئاقسارايىنىڭ دىققىتىنى تارت-تى. ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋىلسون ئاقسارايدىكى ئېلىپىس شەكىللىك ئىشخانىسىدا خوئوۋېرنى مەخسۇس قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ياۋروپادىكى

مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈنىڭغا تاپشۇردى. ۋىل-سون مۇنداق دېدى:

— خوئوۋېر ئەپەندى، نېمىسلار بەكلا تەلۋىلىشىپ كەتتى، هازىر بېلگىيىدە مىليونلىغان مۇساپىر قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپ تۇر-ماقتا.

شۇنداق قىلىپ، كانچىلىقتىن كېلىپ چىققان خوئوۋېر ئاق-سارايدىن يېڭى بىر ۋەزىپىنى — «ئامېرىكىلىقلارنى قۇتقۇزۇش كومىتېتى» نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى!

خوئوۋېر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى بىر سىياسىي چولپانغا ئايلاندى. شۆهرەتپەرەسلىك ئۈنىڭغا هەممىنى ئۇنتۇلدۇردى، بېلگىيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەشكىللەش قابىلىيى-تىنى تېخىمۇ بەك نامايان قىلدى. زور بىر تۈركۈم ئامېرىكىلىق ۋە باشقا دۆلەتتىن كەلگەن مۇساپىرلار ئۇنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلىشى ئاستىدا خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى.

خوئوۋېرنىڭ نامى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، خەلقئارادىكى داڭلىق خەير - ساخاۋەتچى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئامېرىكا بىرىن-چى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ ۋىلسون خوئوۋېرنىڭ قابىلىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئۇرۇش ۋاقتىدى-كى يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىن-لىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خوئوۋېر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كانچىلىق كەسپىدىن كۆزى قىيمىغان هالدا ۋاز كېچىپ، سىيا-سىي ساهەگە كىرىپ كەتتى!

خوئوۋېر قان تۇكۇرۇپ هوشىدىن كەتكەن چېغىدىمۇ ئۆزىد-نىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىدىن پەخىرلىنىپ ياتاتتى. «مەن دېگەن تالانتلىق ئادەم، مەن بۇرۇنقى ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى قىلالمىغان ئىشلارنى قىلغان! — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بىراق مەن تالانتىمنى سىياسىي ئىشلارغا ئىسراپ قىلماي، كانچىلىق كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنىۋەرسەم بوپ-

تىكەن! ...» خوئوۋېر بىھوش ھالەتتە يېتىپمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خاتالىقىغا ئۆكۈنۈۋاتاتتى، ئۇ ئەينى چاغدا زۇڭتۇڭ ۋىلسون تاپ- شۇرغان ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىسام بوپتىكەن دەپ ئويلايتتى. لېكىن، شۇ چاغدا ئۇ ۋەزىپىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىغان، ئۇرۇش مەزگىلىدە ياۋروپادا تۇرۇپ قالغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇرۇشتىن كېيىن ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغان روسىيىگىمۇ ياردەم قولىنى سۇنغانىدى. بۇنداق قىلىشقا بەزىلەر قارشى تۇرغان- دا، ئۇ: «روسىيىلىكلەرنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى بىزنىڭكىگە ئوخشاشمىغىنى بىلەن، ئۇلار تاماق يېيىشى كېرەك - دە!» دېگەنىدى. خوئوۋېر ئۇرۇش يىللىرىدا كىشىنى قايىل قىلغۇدەك «خەير - ساخاۋەتچى» بولۇپ قالغاچقا، 1928 - يىلى جۇمھۇرى- يەتچىلەر پارتىيىسى ئۇنى زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشنى قارار قىلغاندا، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى بۇ قارارنى بىردەك قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. سايلام مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئىشلىرى ناھا- يىتى ئوڭغا تارتىپ، قىرىق بىر شتاتتىكى ئاھالىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ھېچقانداق بىر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇنداق كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىياسەتچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، كىچىكىدىن ئىشتى- ياق باغلىغان گېئولوگىيە ۋە كانچىلىق كەسپىدىن بىلىپ - بىلمەيلا ھوقۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ قالىدىغانلىقى- نى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

خوئوۋېر ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن ھەقىقەتەنمۇ خۇش بولدى. ئاقسارايىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئاي- لانغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشقا لاياقىتى توش- مايدىغانلىقىنى ئاندىن ھېس قىلدى. خەير - ساخاۋەتچىنىڭ سى- ياسەتچى بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى. خوئوۋېر تەختكە چىق-

قان چاغ دەل ئامېرىكىدا ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەرگەن ۋاقىتقا توغرا كەلگەچكە، خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ناقابىل ئىكەنلىكىدىن قاتتىق غەزەپلەندى. خوئوۋېر ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى ھەمدە ئۇرۇش يىللىرىدىكىدەك قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىدىن چوڭقۇر ئۆكۈنۈپ: «مەن بەك يارامسىز ئىكەنمەن. خەلق ئېھتىياجلىق بولغان پۇلنى تارقىتالمىسام، ئامېرىكا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىرمۇنچە قىممەتلىك نەرسىلەر زەرەرگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە ھۆكۈمەتكىمۇ ئېغىر زەربە بولىدىغان بولدى!» دەپ زارلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ياخشى ئوبرازى بارغانسېرى سۇسلاشقا باشلىدى ھەمدە بۇرۇنقى ئاق كۆڭۈل خەير - ساخاۋەتچىدىن بىراقلا ئىقتىدارسىز، زالىم، مۇستەبىت ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ قالدى. 1932 - يىلى ئۇ ئۆزى تۆت يىل تۇرغان ئاقسارايىنىڭ تولىمۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە جاي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قەتئىي كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىلگىرى سىياسىيدىن نەپرەتلەنگەن بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە سىياسىي ساھەدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى كانچىلىق كەسپى بىلەن قايتا شۇغۇللىنالمايتتى. شۇڭا، ئۇ داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاقسارايدا جىددىي تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. ناھايىتى پەزىلەتلىك بىر خەير - ساخاۋەتچى زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا ئەنە شۇنداق ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق، دەل شۇ چاغدا، زاۋۇتلارنىڭ تاقىلىپ قېلىشى سەۋەبىدىن ئالدىنقى سەپتىن قايتقان زور بىر تۈركۈم يارىدار ئەسكەرلەر ۋە ئىشسىز قالغان ئىشچىلار شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى مەيدانغا يىغىلىپ، ئاقسارايىنىڭ بۇ خوجايىنىغا قارشى نامايىش قىلدى.

«بىزگە ئاش ـ نان كېرەك!» «بىز كىيىم كىيمىسەك بولمايدۇ!» دېگەن غەزەپلىك سادالار قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىدا تۇرغان زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ئىناۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان خوئوۋېرغا بۇ ۋەقە قاتتىق ئار كەلدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقانداق زۇڭتۇڭمۇ بۇنداق ئوسال ئەھۋالدا قېلىپ باقمىغانىدى. «باستۇرۇڭلار!» زۇڭتۇڭ سايلىمى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ھالقىلىق پەيتتە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاقسارايغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىگە خوئوۋېر مۇتلەق يول قويمايتتى. ھەربىي ۋە ساقچىلار نامايىشچىلارغا كۈچەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ نامايىشچىلار كېتىشكە ئۇنىمىدى. ئامالسىز قالغان زۇڭتۇڭ ئەڭ كەسكىن بۇيرۇقنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاقسارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان «ئۇر ـ چاپ» ساداسى، ئاھۇ زار ۋە قان داغلىرى بىلەن تولۇپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى «خەير ـ ساخاۋەتچى» خوئوۋېر ۋەھشىي جاللاتقا ئايلاندى!... بۇ قانلىق ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەتلىك چوڭ سايلامدا، خوئوۋېر تەبىئىي ھالدا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى!

«سىياسىي...نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!» بىھوش ياتقان خوئوۋېرنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن بىر خىل غەزەپلىك سادا ئېتىلىپ چىقتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك قاپلىۋالغانىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا شۇنداق تىرمىشىۋىدى، ئاغزىدىن بىر نەرسە ئېتىلىپ چىقتى!

يەنە شۇ قان!

ئاللان بىلەن خېربېرت چۆچۈگىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى. دوختۇر داۋىد بىلەن ئىككى سېستىرا ئايال ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا خوئوۋېرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. توختىماي قان تۈكۈرۈشتەك بۇنداق قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى ئۇلار

ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. تا مۇشۇ يېشىغىچە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ باقمىغان خوئوۋېرنىڭ تۇيۇقسىزلا كەيـ-
نى ـ كەينىدىن قان تۇكۇرگەنلىكى قانداق گەپ؟
داۋىد بىلەن سېسترالار بىھوش ياتقان بۇ بوۋاينىڭ قان بېسىمى، تومۇر ۋە يۈرەك رىتىمىنى دەرھال تەكشۈردى. قان تۇكۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى تېزدىن ئېنىقلاپ چىقالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تەجرىبىلىك داۋىد قان توختىتىش ئوكۇلىنى ئۇرۇش ئارقىلىق، بوۋاينىڭ قان تۇكۇرۇشىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش قارا-
رىغا كەلدى.

## ئۈچەي يولى قاناش سەۋەبىدىن قان تۇكۇرگەن

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن باشلاپ تاكى گۇگۇم چۈشـ-
كىچە جىددىي تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، خوئوۋېرنىڭ قان تۇكۇرۇشى ئاران توختىتىۋېلىندى.
داۋىد ئۆمرىدە ھەر خىل خەتەرلىك كېسەللەرنى ئۇچراتقان، لېكىن، خوئوۋېرغا ئوخشاش توختىماي قان تۇكۇرگەنلەرنى پە-
قەت ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئۇ زور مىقداردىكى قان توختىتىش دورىسىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، خوئوۋېر ئوخشاشلا قان تۇكۇرۇ-
ۋەردى. خېرىبېرت بىلەن ئاللان ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىدا گارشوك-
نى نۆۋەت بىلەن تۇتۇپ تۇردى. گارشوكنىڭ يېرىمى بىردەمدىلا قان بىلەن توشتى. گۇگۇم چۈشكەن چاغدا، گارشوكتىن بىغىر-
رەڭلىك شىلىمشىمان قان ئۇيۇلمىسى بايقىلىپ قالدى!
«جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، بوۋاينىڭ ئۈچەي يولى قاناپ كېتىپتۇ!» كۆكرەكنى يېرىش ئوپېراتسىيىسى قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان، ئىچكى ئەزالارنى تەكشۈرۈش ئۇسكۇنىلىرىمۇ بار-
لىققا كەلمىگەن شارائىت ئاستىدا، دوختۇر داۋىد ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، سابىق زۇڭتۇڭ خوئو-

ۋېرنىڭ قان تۆكۈرۈش ئەھۋالىدىن ئەنە شۇنداق يەكۇن چىقاردى.

داۋىد بىلەن خېربېرت كېيىن چاقىرىپ كەلگەن بىرنەچچە داڭلىق دوختۇرمۇ خوئوۋېرنىڭ قان تۆكۈرۈشىگە ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى. ئۇلارمۇ دوختۇر داۋىدنىڭ دىئاگنوزىغا قوشۇلغاندىن باشقا ھېچقانداق يېڭىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. خېربېرت بىلەن ئاللان:

— قان نەرىدىن چىقىۋاتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى دەرھال توختىتىۋالساڭلار بولاتتى! — دەپ ئۇلاردىن قايتا - قايتا ئۆتۈندى. قان تۆكۈرۈشتىن توختىغاندىن كېيىن، خوئوۋېر ئۇش-تۇمتۇت يەنە ھوشىغا كېلىپ قالدى. بۇنىڭ قورقۇنچلۇق بىر بېشارەت ئىكەنلىكىنى، يەنى سەكرات ئالدىدىكى بىردەملىك ياخ-شىلىنىش ئىكەنلىكىنى قاراپ تۇرغانلار كېيىن بىلدى!

كۆپ قان تۆكۈرۈپ كەتكەنلىكتىن، خوئوۋېرنىڭ تېنى ناھا-يىتى ئاجىزلاپ، تومۇر سوقۇشى ئاستىلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېرۋىسى ناھايىتى سەزگۈر ئىدى. ئۇ خىرەلىشىپ قالغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، كارىۋىتىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى ئوغلىغا قارىدى ھەمدە ئورۇق قولى بىلەن خېربېرتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سەن مېنىڭ بىردىنبىر ئىزباسارىم، سەندىن ئۈمىدىم زور، چۈنكى سەن مېنىڭ گېئولوگىيە ۋە كانچىلىق جەھەتتىكى بۈيۈك پىلانلىرىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇۋاتىسەن! ···، — دېدى. خېربېرت دادىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى. خوئوۋېر يەنە تىترەك ئاۋازدا دېدى:

— سىياسىينىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن پەخەس بول! سىياسىي بەكلا رەھىمسىز، مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنسەممۇ، ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلدىم···

خېربېرتنىڭ كۆزىگە ياش تولدى. يېرىم ئۆمرىنى دېگۈدەك سىياسىي ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزگەن دادىسىنىڭ ئۆ-

لۇش ئالدىدا نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا ئاتلانغانلىقىنى ئۇ چۈشەن-
گەنىدى. خوئوۋېر سىياسىيدىن نەپرەتلىنىپ تۇرۇقلۇق، يەنە
نېمىشقا تەكرار - تەكرار ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىدى؟ خېر-
بېرتنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، 1933 - يىل باھاردا، چوڭ سايلامدا
مەغلۇپ بولغان خوئوۋېر ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن زۇڭتۇڭلارغا
ئوخشاش ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سالپايغان ھالدا ۋاشىنگتوندىن
پالوئالتوغا قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولما-
سىمۇ، ئۇ ئەينى يىللىرى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن-
دىن كېيىن، مۇشۇ ياپيېشىل يايلاقتا كان بايلىقلىرىنى ئىزدەش
بىلەن بىر مەزگىل مەشغۇل بولغاچقا، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالغان
ھەمدە «ھامان بىر كۈنى مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۆمرۈمە-
نىڭ ئاخىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە
قىلغانىدى.

ئۇ پالوئالتودا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، كۈنلىرىنى ناھا-
يىتى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدى، خاتىرجەم ھالدا يېزىقچىلىق
بىلەن شۇغۇللاندى. «كانچىلىق پرىنسىپى» ناملىق ئەڭ دەسلەپكى
ئەسىرىنى مۇشۇ يېشىلزارلىقتا قايتىدىن تۈزىتىپ، رەتلەپ چىق-
تى؛ «تىنچلىقنى ئۇزاققىچە ساقلاش مەسىلىسى» ناملىق بىر
قاتار ئەسەرلىرىنىمۇ مۇشۇ يەردە يېزىپ تاماملىدى. شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىمۇ پات - پات
بېرىپ يوقلاپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئانا مەكتىپىگە بىرەر
ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، قايتا -
قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ئۆزى كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغقان
قەلەم ھەققى بىلەن مەكتەپنىڭ ئىچىگە «خوئوۋېر كۇتۇپخانىسى»
سېلىپ بەردى. كۇتۇپخانىدىكى بارلىق كىتابلارنى خوئوۋېر شەخ-
سەن ئۆزى تاللىغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ
كېلىۋاتقان قىممەتلىك كىتابلارمۇ بار ئىدى. خوئوۋېر يېزىقچى-
لىق قىلىۋېرىپ چارچىغان چاغلىرىدا، ئۆزى يالغۇز بۇ ئۇنىۋېر-

ستېتقا كېلىپ، ئاشۇ كۇتۇپخانىدا بىلىم ئېلىش ئىستىكى كۈچ-
لۈك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. شۇ مەزگىللەردە،
ئۇنىڭ كەيپىياتى پەقەتلا ياخشى بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى كۆز-
سايىن كەسكىنلىشىۋاتقان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى-
دىن دېگەندىن كۆرە، ئەينى ۋاقىتتىكى زۇڭتۇڭ روزۋېلتقا بول-
غان نارازىلىقنىڭ ئالامىتى دېگەن دۇرۇس ئىدى. چۈنكى، ئۇ-
رۇشنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئەمدىلا تارقىلىپ تۇرۇشىغا، پالو-
ئالتودا قالغان ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش كويىدا بولۇۋاتقان
خوئوۋېر كۇتۇلمىگەندە ئاقسارايدىن يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇ-
ۋالغاندى.

ئەسلىدە، خوئوۋېرنى ئىزچىل يادىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان
روزۋېلت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىزباسارى بولغان
زۇڭتۇڭ ترومېن تەختكە چىقىپلا، پالوئالتودا تىپتىنچ ياشاۋاتقان
خوئوۋېرنى بىرەر ۋەزىپىگە قويۇشنى ئويلۇشۇپ ئۇنى فېدېراتسىيە
مەمۇرىي ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى قارار
قىلغاندى. خوئوۋېر دەسلەپتە بۇنىڭغا يېقىن كەلمىدى، كېيىن،
ئەمەلدارلىق شۆھرىتىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي،
پالوئالتودىن ۋاشىنگتونغا كەلدى. ترومېن تەختتىن چۈشكەندىن
كېيىن، ئېيزىنخائۇئېرمۇ تەجرىبىلىك خوئوۋېرغا قىزىقىپ قالدى
ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى
ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى قىلىۋېلىشنى ئويلىدى. شۇنىڭ
بىلەن، ئېيزىنخائۇئېر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا، خوئوۋېر
بۇيرۇق بويىچە «فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى مەبلەغنى قايتا تەشكىل-
لەش كومىتېتى»نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.
ئىشقىلىپ، كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا، خوئوۋېر يەنىلا تىنچ
ئۆتەلمىدى! تاكى 1955 - يىل 6 - ئايدا، ئۇ نۇرغۇن سىياسىي
مەسىلىلەردە ئېيزىنخائۇئېر بىلەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالمى-
غاندىن كېيىن، سىياسىي ساھەدىن بىراقلا چېكىنىپ چىقىپ،

نيۇيوركقا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. شۇ چاغدا ئۇ سەكسەن ياشقا
كىرىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە، نيۇيوركتا ئون يىل ياشاپ،
هايات سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، سىيا-
سىي ساھەدىكى ئاشۇ ئېگىز - پەس كەچۈرمىشلىرىنى ئويلىغانسې-
رى، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىغا مۇنداق دەپ
خىتاب قىلدى:

— سىياسىي دېگەن ئارىلىشىدىغان نەرسە ئەمەس ئى-
كەن! ··· ئەينى يىللىرى مەن ئۆز كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنىۋەر-
گەن بولسام، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە دۇنيادىكى داڭلىق مالىيە ماگنا-
تى بولۇپ قالاتتىم! ···

خېربېرت كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەن هالدا بېشىنى لىڭشىت-
تى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، مەن ھەرقانداق شارائىتتا ئۆ-
زۈم ياخشى كۆرىدىغان نېفىتچىلىك كەسپىمنى تاشلىۋەتمەي-
مەن! ···، — خوئوۋېر كىچىك ئوغلى ئاللانىنىڭ قولىنى تۇتتى
ھەمدە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ھەرگىز قايغۇرۇپ يۇرمىگىن.
مېنى غەربىي برانچقا قايتۇرۇپ كېتىشنى ئۇنتۇپ قالما، ئۇ
مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماكانىم. چۈنكى، ئاپاڭ شۇ يەرگە دەپنە
قىلىنغان···

خوئوۋېر ئىلگىرى قاتتىق قول شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدە پەيدا بولغان، ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزگەن مەزگىلدە، قولىدا تۆمۈرنىڭمۇ سۇنۇقى يوق نامايىشچى
ئاممىنى قوراللىق باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن؛
تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ترومىن ۋە ئېيزىنخائۇئېر ھاكىمى-
يەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردىمۇ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى
دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىنى
چەكلەش، جۇڭگونىڭ تەيۋەن بوغۇزىغا يەتتىنچى فلوتنى ئەۋەتىپ

قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىك يۇرگۇزۇش، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چاۋشيەنگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشىنى قوللاش دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن رەزىل تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى «چوڭ خەير ـ ساخاۋەتچى» دېگەن چىرايلىق نامى بار خوئوۋېرنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر قارا نىيەت سىياسەتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. «ئادەم ئۆلەر چېغىدا كۆڭلى يۇمشاق بولۇپ قالىدۇ» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك. خوئوۋېر جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان چاغدا، بىر ئادەم — پالوئالتودا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ئايالى خېنلىينى ئېسىگە ئالغاندى!

مېھرىبان ئانىنىڭ سېيماسى كۆز ئالدىغا كەلگەندە ئاللانىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. خېنلىي ئەسلىي تولىمۇ چىرايلىق قىز بولۇپ، خوئوۋېرنىڭ ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى گېئولوگىيە فاكۇلتېتىدىكى بىردىنبىر قىز ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى گېئولوگىيە ـ كانچىلىق كەسپىگە بولغان ئوتتەك قىزىقىشى تۈپەيلىدىن خوئوۋېرنى مەپتۇن قىلىۋالغاندى. ئىككىسى توي قىلغاندىن كېيىن، خېنلىي خانىم ئۆزىنىڭ ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىش ئىرادىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئېرىگە ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كېزىپ چىقتى، ئادەمزات ئاياغ بېسىپ باقمىغان قاقاس تاغ ـ داللارغا باردى، ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتنى ئېرى بىلەن تەڭ كۆردى. ئاخىرىدا، ئۇ تەختتىن چۈشكەن ئېرىگە ئەگىشىپ، پالوئالتوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. 1944 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەڭ كەسكىن باسقۇچقا يەتكەن يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

خوئوۋېر ئۆزى بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولغان بۇ ئايالنى يۇرتى ئىئوۋا شتاتىدىكى غەربىي برانچقا دەپنە قىلدى.

ئۇ ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بىر تاغ باغرى بولۇپ، قەبرە ئالدىدىكى بىرنەچچە تۇپ يوغان ئارچا دەرىخى قەبرىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. خوئوۋېر تۇغۇلغان ئىككى ئېغىز ئاددىي ئۆي ئاشۇ قەبرىگە يېقىنلا جايدا ئىدى. نەچچە ئون يىللىق بوران - چاپقۇننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان بۇ ئۆي ئۇنىڭ مەرھۇم ئايالىغا ھەمراھ بولغىنىچە ھېلىھەم ئۆز پېتى تۇراتتى! خوئوۋېر ئىككى ئوغلىغا مۇنداق دەپ تاپىلىدى:

— ئاتا - ئاناڭلارنىڭ قەبرىسىگە گۈل قويۇشنى ئۇنتۇماڭ-لار!...

1964 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يېرىم كېچىدە، شۆھرەتپەرەس، ئەينى يىللاردىكى مۇستەبىت خوئوۋېر نيۇيورك-تىكى تۇرالغۇسىدا كېسەل سەۋەبىدىن جان ئۈزدى.

شۇ چاغدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى جونسون خوئوۋېرنىڭ ئۆلۈمىگە چوڭقۇر قايغۇردى. ئاقسارايى ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى مۇسىبەت ئۇقتۇرۇشىدا، خوئوۋېرنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا ھۆكۈ-مىتى ۋە خەلقى ئۈچۈن قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسىگە، بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يىللىرىدا، ئۇنىڭ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇ-لۇشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغانلىقىغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەر-دى.

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسى خوئوۋېرنىڭ ۋاپاتىغا بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى.

خوئوۋېرنىڭ مېيىتى ئىئوۋا شتاتىنىڭ غەربىي برانچ كەنتى-دىكى خېنىلىي خانىمىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇ تۇغۇلغان ھېلىقى ئىككى ئېغىز ئۆي كېيىن خېرىبېرت خوئوۋېر خاتىرە سارىيى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم قولياز-مىلىرى ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلانماقتا.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## جورجىيە ئارىشاڭ ساناتورىيىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى توققۇز كۈن

### — ئوتتۇز بىرىنچى زۇڭتۇڭ فرانكلىن دېلانو روزېۋېلت



فرانكلىن دېلانو روزېۋېلت 1882 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى نيۇيورك شتاتىدا تۇغۇلغان. ئاتا ـ بوۋىسى گوللاندىيىلىك، ئۇ باي ئائىلىدە تۇغۇلغاچقا، كىچىكىدىن تارتىپلا يۇقىرى تەربىيىلەر ئىچىدە ياشىغان ھەمدە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر، فرانسۇز، نېمىس، ئىنگلىز تىللىرىغا پىششىق بولۇپ يېتىلگەن، دېڭىز سەپىرىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان؛ ئۆسمۈرلۈك چېغىدا گرود جامائەت مەكتىپىدە ئوقۇغان، ياشلىق دەۋرىدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ سىياسەت ۋە تارىخ پەنلىرىنى ئۆگەنگەن؛

1905 ـ يىلى روزېۋېلت ئاننا ئېلىننو بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ئىنستىتۇتىغا كىرىپ، مەخسۇس قانۇن ئۆگەنگەن؛

1907 ـ يىلى ئادۋوكاتلىق ئورنىغا بېرىپ پراكتىكانت ئادۋوكات بولغان؛

1910 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولغان؛

1913 ـ يىلى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى بولغان؛

1920 ـ يىلى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتى سالاھىيىتى بىلەن مەملىكەتـ لىك چوڭ سايلامغا قاتناشقان، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، داڭلىق شەخسكە ئايلانغان؛

1921 ـ يىل يازدا كانادانىڭ يېڭى برونزىك ئۆلكىسىدىكى كامپئابىـ رۇ ئارىلىدا دەم ئېلىۋاتقان چېغىدا يولۇن سۇر ماددا ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپى پالەچ بولۇپ قالغان؛ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق ھاسىغا تايىنىپ ماڭالايدىغان بولغان؛

1929 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛

1932 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسى تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن ھەم شۇ يىلىنىڭ ئاخىردا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛

1933 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاقسارايغا كىرگەن ھەم شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئۇدا تۆت نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن.

## يالتادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېزلا قېرىپ كەتتى

1945 ـ يىل 3 ـ ئاي. ئامېرىكىنىڭ «كونسى» ناملىق ھەربىي پاراخوتى داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزدا ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرگەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزېۋېلت نىكېل يالىتىلغان چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە، قىزى ئاذـ نانىڭ ئىتتىرىشى بىلەن «كونسى» ناملىق پاراخوتنىڭ ئالدى پالۇبىسىغا چىقتى. ئېخى بايىلا يالتادا ستالىن ۋە چېرچىل بىلەن بولغان سۆھبەتنى تۈگەتكەن روزېۋېلت چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولـ

تۇرۇپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھارغىنلىقنى ھېس قىلدى ھەمدە يېنىدا تۇرغان قىزى ئاننىغا ئۇھسىنىپ تۇرۇپ:

— مەن ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىردىم، بۇ مەزگىل ئادەمنىڭ قىران مەزگىلى ئىدى، لېكىن، نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى ھالسىز، چارچاپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ تۇرىمەن. ھەي، شۇ تاپتا ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ، قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ! — دېدى.

دېڭىزدا كۆپكۆك دولقۇنلار دەممۇ دەم كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، قاردەك ئاپئاق چايكىلار دېڭىز بوشلۇقىدا ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى. بۇ زۇمرەتتەك پايانسىز دېڭىزدا «كونسى» ناملىق پاراخوت تەنها كېتىپ باراتتى. دادىسىنىڭ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكى ئاننىغىمۇ ئايان ئىدى، بولۇپمۇ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان بىر مويسىپىتقا نىسبەتەن، ئۇدا نەچچە يىل كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەش ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كېلەتتى. ئاننا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— تۆتىنچى قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلانمىغان بولسىڭىز، بۇنچىلىكمۇ چارچاپ كەتمىگەن بولاتتىڭىز. دادا، زىيادە چارچاش سالامەتلىكىڭىزگە زىيانلىق جۇمۇ! — دېۋىدى، روزىۋېلت جاھىللىق بىلەن بېشىنى چايقىدى:

— ياق، ئەگەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىمىغان بولسا، مەن ئىككىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىم توشقان چاغدىلا ئاقسارايدىن كەتكەن بولاتتىم. مېنىڭ ئۈچىنچى، ھەتتا تۆتىنچى قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىشىم دەل دۇنيا تىنچلىقىنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان!...

شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، روزىۋېلت ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭدەك زۇڭتۇڭ ئامېرىكا تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇپ، دۆلەت ئاتىسى

ۋاشىنگتوندىن تارتىپ ھېچقانداق بىر زۇڭتۇڭ ئىككىنچى قېتىم-
لىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە ئۈچىن-
چى قېتىم ۋەزىپە ئۆتەپ باقمىغانىدى. بىراق، روزىۋېلت ئامېرى-
كا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى
يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يالتاغا كېلىشتىن ئىلگىرى — 1945-
يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاقسارايدا تۆتىنچى قېتىملىق
ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى! بۇ ئامېرىكا تارىخىدا
كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش بولغاچقا، بۇنى روزىۋېلت ئۆزىمۇ بەكلا
غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ يېشى چوڭىيىپ، بەدىنى
پالەچ بولۇپ قالغان بىئەپ شارائىت ئاستىدىمۇ نېمىشقا قايتا -
قايتا زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇۋېرىدۇ؟ ئۇنىڭ مۇشۇنداق
ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشەلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ يېرىم يىل
ئاۋۋالقى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا، روزىۋېلت ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئاغرىق
ھالەتتە تۇرۇپمۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىغا بېرىپ نۇتۇق
سۆزلىگەنلىكىنى ۋە سايلامغا قاتناشقانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقان مەز-
گىلدە، ئامېرىكىنىڭ بارغانسېرى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتۈۋاتقان-
لىقىنى ئۇ ھېس قىلغانىدى. مۇبادا، مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيت-
تە، روزىۋېلت زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدىن چېكىنسە، ئامېرىكىغىلا
ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى كۈچلەرگىمۇ ئىنتا-
يىن پايدىسىز ئەھۋال شەكىللىنىپ قالاتتى. ئۇ خەلقئارادىكى
ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق
كۈرەشنىڭ ئەڭ تۇپ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتقاچقا، دېموكراتلار
پارتىيىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تۆتىنچى قېتىممۇ دا-
ۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن سايلامغا قاتناشقانىدى.

روزىۋېلتنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇ ئۆتكەن يىلى لەپىلدەپ
قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چىكاگو-
دىكى ئون مىڭ كىشىلىك يىغىلىشقا بارغان چېغىدا، ئۇنلۇك

ئاۋاز بىلەن: «مەن ئاخىرقى تىنىقىمغىچە دۇنيا تىنچلىقىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن!» دەپ توۋلىغاندا، مەيداندىكى ئاممىا ئۇنىڭغا قىزغىن ئالقىش ياڭراتقانىدى. دۆلەت ئاتىسى ۋاشىنگتوندىن باشقا ھېچقانداق بىر زۇڭتۇڭنىڭ سايلام مەزگىلىدە بۇنداق ئومۇميۈزلۈك قوللاشقا ئېرىشىپ باقمىغانلىقى روزېۋېلتقىمۇ ئايان ئىدى. دەل مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتا تۇرغاچقا، ئۇ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىنى بوشىتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى يۇرتىدا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى يەنە بىر قېتىم زىممىسىگە ئالغان، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا، «كونسى» ناملىق ھەربىي پاراخوتقا ئولتۇرۇپ يالتاغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دېڭىزدا ئۇيان - بۇيان لەيلەپ يۈرۈپ، يالتاغا كەلگىنىگە ھەممە ئۇ يەردىكى تارىخىي خاراكتېرلىك جىددىي خەلقئارا يىغىنغا قاتنىشىپ، قايتقىنىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتمىش ئۈچ ياشقا تولغان خاتىرە كۈنىنى پايانسىز دېڭىز ئۈستىدە ئۆتكۈزدى!

ئۆزۈن سەپەردىن ھېرىپ قايتىپ كەلگەن روزېۋېلتنى ئاقسارايدا ئايالى ئېلىننو خانىم كۈتۈۋالدى. ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان روزېۋېلتنىڭ بىر ئاي ئىچىدىلا كۆرۈنەرلىك ئورۇقلاپ، چېكە چاچلىرىنىڭ ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ھەمدە ئىچى سىيرىلغان ھالدا:

— ئەمدى ئارام ئېلىڭ! ئارام ئالمىسىڭىز يىقىلىپ قالىسىز! — دېدى. روزېۋېلت چارچاشتىن ھالسىزلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئارام ئالمىدى. چۈنكى، ئاقسارايدىكى ئېلىپس شەكىللىك ئىشخانىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن جىددىي ھۆججەتلەر ئۇنىڭ بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ پات ئارىدىلا يەنە سان فرانسىسكوغا

بىرىپ، 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان يەنە بىر خەلقئارالىق يىغىنغا — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇ-رۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشاتتى.

— سىز سان فرانسىسكوغا بارىمەن دېمەي، ئوبدانراق ئارام ئېلىڭ! بولمىسا ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز! — ئېلىننو خا-نىم روزىۋېلتنىڭ سالامەتلىكىدىن ئىلگىرى بۇنچىلىك ئەنسىرەپ باقمىغان، ئېرى يالتادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەتتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكۈدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ بەكلا چۆچۈپ كەتكەنىدى. روزىۋېلت پارلامېنت بىناسىدا پارلامېنت ئەزالىرىغا يالتا يىغىنىنىڭ نەتىجىسىدىن دوكلات بېرى-ۋاتقاندا، ئۇ بۇرۇن ناھايىتى روھلۇق سۆز قىلىدىغان ئېرىنىڭ ھاسىغا تايىنىپ تۇرماستىن، بەلكى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇ-رۇپ سۆزلەۋاتقانلىقىغا، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ھەتتا سۆزلەۋېتىپ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. رو-زىۋېلت شۇنداق ئاجىز ھەم كېسەلچان ھالەتتە تۇرۇپ ئارام ئالماي-لا يەنە سان فرانسىسكوغا ماڭسا قانداق بولىدۇ؟ لېكىن، روزې-ۋېلت ئايالىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە كۆنمىدى. چۈنكى، بىرلەشكەن دۆ-لەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇ-سى، شۇنداقلا، ستالىن ۋە چېرچىل ئۈچى يالتا يىغىنىدا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم سۆھبەت نەتىجىسىنىڭ بىرى ئىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەشەببۇسكارى بولغان روزىۋېلت سان فرانسىسكوغا بارماي قالارمۇ؟

ئېلىننو خانىم روزىۋېلتنىڭ قەتئىي پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئۇنىڭ سان فرانسىسكوغا بېرىش پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە كۆزى يەتمىدى ھەمدە نائىلاج زۇڭتۇڭنىڭ خاس دوختۇرى ماك ئىنتىر-دىن ياردەم سورىدى، روزىۋېلتنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى توغرىسى-دا ئىككىسى بىردەك پىكىرگە كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئاخىردا ھۆرمەتكە سازاۋەر دوختۇر ماك ئىنتىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، روزې-

ۋېلتقا: «ئالىيلىرى، ئەگەر 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا چوقۇم قاتناشماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا، ئالدى بىلەن جورجىيە شتاتىدىكى ئارىشاڭ ساناتورىيىسىگە بېرىپ، ھېچبولمىغاندا ئۈچ ھەپتە ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك. بولمىسا، بىز سىزنىڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ سەپەرگە چىقىشىڭىزغا قوشۇلالمايمىز» دېگەن پىكرىنى بەردى. روزۋېلت ماقۇل بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. ۋاشىنگتوندىن قوزغالغان بىر مەخسۇس پويىز ئىككى پۇتى پالەچ، پۇتۇن بەدىنى ماغدۇرسىز زۇكتۇڭ روزۋېلتنى ئېلىپ، جورجىيە شتاتىغا يۈرۈپ كەتتى.

دوختۇر ماك ئىنتىر ۋە روزۋېلتنىڭ قىزى ئاننامۇ روزۋېلتنىڭ ئارىشاڭ ساناتورىيىسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە يېتىپ ـ قوپۇشىغا مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ سەپەرگە ئاتلانغانىدى. پويىزدا ئۇلار روزۋېلتقا كەڭ كۆشادە ياتالايدىغان ئازادە بىر ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. بۇ ئورۇن روزۋېلتنىڭ توختىماي ئاغرىۋاتقان پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئارام ئېلىشىغا بەكمۇ قۇلايلىق ئىدى. بىراق، روزۋېلت پويىزدىمۇ ئارامخۇدا ياتالمىدى. پويىزدىكى بارلىق خادىملار جىددىي خىزمەت ھالىتىدە بولۇپ، تېلېگراممىا ئاپپاراتىنىڭ كۇنۇپكىسى توختىماي بېسىلىپ تۇراتتى. روزۋېلت كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ، ئاقسارايدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىلارغا بىرمۇ بىر تەستىق سالاتتى، ئاقسارايغا ھەر خىل بۇيرۇقلارنى چۈشۈرەتتى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ۋە خەلقئارادىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەش توغرىسىدا يېڭى ـ يېڭى كۆرسەتمىلەرنى بېرەتتى.

پويىز جورجىيە شتاتىغا يېتىپ بارغۇچە روزۋېلت قىلچە ئارام ئالالمىدى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بەكلا تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قىزى ئاننانىڭ ئىچى سىيرىلدى. ئۇ دادىسىغا ئۇنچىلىك

زورۇقۇپ كەتمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلماقچى بولدىيۇ، لېكىن، بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، نائىلاج ئېغىز ئۇھسىنىپ قويدى.

## «كىچىك ئاقساراي»ۋە مەرھۇم مىتىس

جورجىيە شتاتىدىكى ئارشاڭ ساناتورىيە مەركىزى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ناھايىتى گۈزەل جاي ئىدى.

روزېۋېلت كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەر تېخىمۇ قايناق تۈسكە كىردى.

ئىسسىق ھور ئۆرلەپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ئارشاڭ سۈيى، تىپتىنچ مۇھىت ـ كۆن بويى سىياسىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىكار بولالمايۋاتقان روزېۋېلت ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئارامگاھ ھېسابلىناتتى.

نيۇيوركتىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان روزېۋېلت ئەسلىدە قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، بەستلىك يىگىت ئىدى. ئۇ كىچىككىدىنلا دېڭىز سەپىرىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان بولغاچقا، دائىم دېگۈدەك دادىسىغا ئەگىشىپ ياۋروپاغا سەپەر قىلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ ئەمدىلا سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇپ، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىلىكىگە ئۆستۈرۈ-لۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ كۈتۈلمىگەن بىر پېشكەللىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ پېشكەللىك ھەرگىز-مۇ ئۇ 1920 ـ يىلى تۇنجى قېتىم مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان چاغدىكى مەغلۇبىيەت بولماستىن، بەلكى ئايالى ئېلىنور خانىم بىلەن كاناداغا دەم ئالغىلى كەلگەن چاغدىكى پېشكەللىك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ياراشمىغان سەپەر بولدى! مەنزىرىسى گۈزەل كامپىئابىرۇ ئارىلىدىكى تۇز-لۇق دېڭىز سۈيىنىڭ ئۆزىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئازاب ئەكېلىدى-

غانلىقىنى ئۇ ئەسلا ئويلىمىغانىدى. بۇ گۈزەل ئارالدا دەم ئالغان كۈنلەردە، ئۇ كۈندە دېگۈدەك دېڭىزدا چۆمۈلدى. بىراق، نەچچە ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دېڭىز سۈيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتىنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

كېيىن، دوختۇرلاردىن ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى (باللار پالەچ كېسەللىكى) غا گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلگىنىدە، روزېۋېلت چۆچۈپ كېتىپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كېسەل ئازابىدىن ئاشۇنداق قىينىلىپ يۈرگەن چېغىدا، بىر قىز ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ روزېۋېلتقا ئوكۇل ئۇرۇپ، دورا بېرىشكە مەسئۇل سېسترا قىز مىتىس لىخاند ئىدى!

چىرايلىق مىتىس خېنىم خېلىدىن بېرى روزېۋېلتنىڭ پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتىگە قول قويۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، قەددى ـ قامەتلىك، سالاپەتلىك روزېۋېلتنىڭ داۋالاش مۇمكىن بولمايدىغان مۇشۇنداق غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىغا ئۇنىڭ پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. روزېۋېلتنىڭ ئىلگىرى ئادۋوكات، شتات پالاتا ئەزاسى ۋە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى بولغانلىقىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى ھەمدە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق سايلىمىغا قاتناشقان بۇ ئىرادىلىك تالانت ئىگىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى چوڭ ئىشلارنى باشقا ئاچقالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ نىجىس كېسەلنىڭ روزېۋېلتنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋېتىشىگە چىداپ تۇرالمىدى ھەمدە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا مېڭىشنى ئۆگەتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ، روزېۋېلتقا:

— فرانكلىن، ئارىشاڭغا چۈشۈپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، تەبىئىي ئارىشاڭ باللار پالەچ كېسىلىگە

ئالاھىدە مەنپەئەت قىلىدىكەن! — دېدى. كېسەل ئازابىدىن روھى چۈشۈپ كەتكەن روزېۋېلت بۇنى ئاڭلاپ، بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى:

— شۇنداقمۇ؟ مىتىس خېنىم، ئەگەر ئارىشاڭ كېسىلىمگە راستىنلا شىپا قىلسا، مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق تاپقان - تەرگەنلىمنى يىغىپ بولسىمۇ، ماڭا ئوخشاش كېسىلى بارلارغا بىر ئارىشاڭ ساناتورىيىسى قۇرۇپ بېرىشكە رازىمەن!

مىتىس خېنىمنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، روزېۋېلت جورجىيە شتاتىدىكى تەبىئىي ئارىشاڭ رايونىدا بىر داۋالاش مەركىزى قۇرۇشقا ناھايىتى تېزلا قوشۇلدى ھەمدە ئۆزىگە تەۋە ھەممە مىراسنى ئارىشاڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. ئىككى يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، داۋالىنىش شارائىتى خېلىلا مۇكەممەل بولغان بۇ داۋالاش مەركىزى ئاخىر پۈتتى.

ئەمدىلىكتە، روزېۋېلت چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە بۇ ئارىشاڭ ساناتورىيىسىگە يېتىپ كەلدى. قاردەك ئاپئاق ئىككى قەۋەتلىك ئارىشاڭ بىناسىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئۇنچىلىرى يالتىراپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە كۆپ غەمخورلۇق قىلغان مىتىس خېنىمنى ئەسلەپ قالغانىدى!

«بۇ ئاق بىنا ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايغا ئوخشاشلا كۆركەم ھەم ئازادە! فرانكلىن، سىز ئەمدى مۇشۇ كىچىك ئاقسارايدا خاتىرجەم داۋالانسىڭىز بولىدۇ!» مىتىس خېنىمنىڭ كۆلۈپ تۇرۇپ قىلغان بۇ جاراڭلىق سۆزلىرى روزېۋېلتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا ياڭرىغاندەك بولدى. روزېۋېلتنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقىنى شۇكى، ئۇنىڭ ھالىدىن يىگىرمە يىلدەك خەۋەر ئالغان مىتىس خېنىم ئۇ يالتا يىغىنىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى كېسەل بىلەن تۇيۇقسىز قازا قىلغانىدى. مىتىس خېنىم گەرچە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە زۇڭتۇڭ خانىم دېگەن ئاتاقتا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ زۇڭتۇڭنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ھەرگىزمۇ ئېلىنور خانىمنىڭكىدىن قېلىشمايتتى.

روزېۋېلت «كىچىك ئاقساراي» غا كەلگەندىن كېيىن، چاق-لىق ئورۇندۇقى بىلەن ئارىشاڭغا چۈشتى، ئۇنىڭ خىرە كۆزلىرى ئىلگىرى ئۆزى بىلەن ئۆزۈن مەزگىل بىللە بولغان مىتىس خېنىمنى ھورنىڭ ئىچىدىن ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەپسۇس، ئۇ گۈزەل سىيما ھازىر نەدە؟

ئۆمۈر بويى ياتلىق بولمىغان بۇ خېنىمغا روزۋېلت ئىچ - ئىچىدىن مىننەتدار ئىدى. چۈنكى، ئۇ روزېۋېلتنىڭ ئارىشاڭ بىلەن «كىچىك ئاقساراي» نى قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان؛ ئۇنى ماڭالماس ھالەتتىن ئانچە - مۇنچە ماڭالايدىغان ھالەتكە كەلتۈر-گەن؛ روزېۋېلتنىڭ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى جور-جىيە شتاتىدىكى ئارىشاڭدا ھەقسىز داۋالىتىش توغرىسىدىكى تە-شەببۇسىنىمۇ ئاشۇ مىتىس خېنىم بىرىنچى بولۇپ قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنىدى. روزېۋېلتنىڭ مىتىس خېنىمدىن مىننەتدار بو-لىدىغان يەنە بىر تەرىپى، ئۇ شۇنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش قىلى-غاچقىلا، ئامېرىكىدىكى داڭلىق شەخسكە ئايلانغانىدى. ئەگەر ئۇ ئارىشاڭ ساناتورىيىسىنى قۇرۇپ، پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بول-غانلارنى ھەقسىز داۋالىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلمىغان بولسا، 1933 - يىلى ئامېرىكا خەلقى ئۇنى ھەرگىزمۇ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىمىغان بولاتتى! ھالبۇكى، ئۇ پۈتكۈل ئامېرىكا، ھەتتا پۈت-كۈل دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخسكە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، مىتىس خېنىم ئۇنىڭ يېنىدىن مەڭگۈ-لۈك غايىب بولغانىدى! ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، روزېۋېلت-نىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ قالدى.

جورجىيە شتاتىدىكى «كىچىك ئاقساراي» دا ئارام ئېلىش ھەقىقەتەنمۇ تېپىلغۇسىز بىر ياخشى پۇرسەت ئىدى. بىراق، روزېۋېلت مەڭگۈ تىنىم تاپمايدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ دوختۇر ماك ئىنتىرنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئارىشاڭغا چۈشەتتى، ئاندىن شاھمات ئوينايتتى. چۈشتىن كېيىن، ۋا-

شىڭگتوندىن مەخسۇس پويىز بىلەن كەلگەن ئالاقىچى ئۇنىڭغا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي ھۆججەتلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

بۇ چاغدا، روزىۋېلت باشقىچە روھلىنىپ كېتەتتى ھەمدە ۋاشىنگتوندىكى چاغلىرىدىكىدەك شىرەگە دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ سائەت ئىشلەيتتى. ئۇ جىددىي ھۆججەتلەرنى كاتىپىغا بىر تەرەپ قىلدۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن بولۇپ، ئاقسارايدىن كەلگەنلىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى كۆرۈپ چىقاتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكرىنى ھۆججەتنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قوياتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ باشقىچە سۈرلۈك بولۇپ كېتەتتى. قۇياش غەربكە قىيسايغان چاغدىلا ھۆججەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ۋاشىنگتونغا ماڭىدىغان ئالاقىچىگە تۇتقۇزۇپ قوياتتى.

تۈن پەردىسى «كىچىك ئاقساراي»غا يېيىلغان چاغدا، پۇتكۈل ئارىشالڭ رايونى جىمجىتلىققا چۆمۈپ كېتەتتى. روزىۋېلت نەچچە كۈنگىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى، چۈنكى، نۆۋەتتىكى دۇنياۋى ئۇرۇش ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغان، گېرمانىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولىدىغان مەھشەر كۈنى يېقىنلاپ كەلگەنىدى. روزىۋېلت ئۇرۇش ئەڭ كەسكىنلەشكەن 1940 - يىلنى ئەسلىدى. شۇ يىلى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان، خەلقئارا ئۇرۇش مەيدانىدىكى رەزىل كۈچلەرنىڭ خورىكىنىڭ بارغانسېرى يوغىناپ كېتىشى ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن، بىراق، ئېغىر كېسەلدىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتى پالەچ بولۇپ قالغاچقا، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆلۈمنى ئويلاپ قالغانىدى!

«ياق، فرانكلىن، سىزنىڭ سىياسىي ھاياتىڭىز ئەمدىلا باشلانغان تۇرسا، ئۆلۈمنى ئويلاپ يۈرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟» ئاشۇ ئازابلىق كۈنلەردە، يەنە شۇ پەرىشتە سۈپەت مىتىس خېنىم ئۆزد-

نىڭ مۇلايىم تەبەسسۇمى بىلەن روزېۋېلتنىڭ مۇزدەك سوۋۇشقا
باشلىغان ئۈمىدسىز قەلبىنى ئىلىلتقان ھەم مېڭىش ـ تۇرۇشى
بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقان روزېۋېلتقا چاقلىق ئورۇن-
دۇق ئېلىپ بەرگەنىدى. چاقلىق ئورۇندۇق روزېۋېلتقا كۆپ
قۇلايلىق يارىتىپ بەردى، ئۇ ئۆزىنىڭ يوغان بەستى بىلەن ئەمدى
ھاسىغا تايىنىپ يۈرمەيدىغان بولدى.

چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان روزېۋېلتنىڭ بېشىغا يەنە
غەم چۈشتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى
توشقاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش ئۆزلۈكى-
دىن چېكىنەيمۇ، قانداق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالغا-
نىدى. دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوخشاشمىغان
ئىككى خىل ئېقىم مەۋجۇت ئىدى، ئاز ساندىكى بىر قىسىم
كىشىلەر سەككىز يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن روزېۋېلتنىڭ
ئەمدى تەختنى يېڭى بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، روزېۋېلتنىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس
ئىدى؛ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بولسا پۇرسەت تاپقان ھامانلا
ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن چىشىنى بىلەپ تۇرۇۋاتاتتى.
روزېۋېلت سەككىز يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە مەيلى
ئىچكى سىياسەت جەھەتتە بولسۇن، ياكى تاشقى سىياسەت جەھەتتە
بولسۇن، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ-
نىڭغا پۈتكۈل ئامېرىكا خەلقى قايىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ داۋاملىق
ۋەزىپە ئۆتەش ياكى ئۆتىمەسلىك مەسىلىسى توغرىسىدا ھەر خىل
گەپلەر تارقىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، روزېۋېلت بۇ ھەقتە ئويلى-
نىپ قېلىۋاتاتتى. كۈتۈلمىگەندە، مىتىس خېنىم ئەڭ ئاۋۋال
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، روزېۋېلتقا مۇنداق دېدى:

— سىز ئۆزىڭىزنى سىياسىيدىن قاچۇرماڭ! مېنىڭ نەزى-
رىمدە سىز بىر داڭلىق سىياسەتچى، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىگىسىز
نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

روزبۋېلت تەڭقىسلىقتا قالدى:

— ئەگەر مەن يەنە زۇڭتۇڭلۇققا سايلانسام، ئۇ چاغدا ئىلگە-رى ئۆتكەن ئوتتۇز نەپەر زۇڭتۇڭ قالدۇرۇپ قويغان ئۆزگەرمەس قائىدىنى: ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى سەككىز يىلدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ دېگەن ئەنئەنىۋى قائىدىنى ئىنكار قىلغان بولۇپ قالىمە-دىمەن! ۋاشىنگتون چېغىدىمۇ ئۈچىنچى قېتىم ۋەزىپە ئۆتەش خىيالىدا بولۇپ باقماپتىكەن. مەن يەنە ...

— ۋاشىنگتوننىمۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر زۇڭ-تۇڭ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئەنئەنىۋى قائىدىنى بۇزۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىسا، ئامېرىكا قانداق ئالغا باسىدۇ؟

روزبۋېلت مىتىس خېنىمنىڭ نەسىھىتىگە ئاخىر كۆندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىلا ئەمەس، بەلكى، نۇرغۇن سىياسىي ئىشلار-دىمۇ مىتىس خېنىمدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ كېيىن ئاقسارايدىكىلەرگە ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا: «مىتىس مېنىڭ كاللامنىڭ بىر قىسمى، ھاياتىم-نىڭمۇ بىر قىسمى!» دېگەنىدى.

چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ جاي - جايلاردا سايلام نۇتقى سۆزلىگەن روزبۋېلت دەرۋەقە مۆجىزە ياراتتى! ئۇ ئامېرىكا تارى-خىدىكى ئۇدا ئۈچ قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەن بىردىنبىر زۇڭتۇڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئاقسارايغا خوجايىن بولغاندىن كېيىن، مىتىس خېنىمنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، كابىنېت تەشكىللىگەن چېغىدا ئۆكتىچى گۇرۇھتىكى زاتلارنى دادىللىق بىلەن مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق جۇمھۇرى-يەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم زۇڭتۇڭ بول-غىنىغا بولغان غەزىپىنى بېسىپلا قالماستىن، يەنە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىمۇ زورايتتى. ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم سايلامغا قاتنىشىپ يەنە غەلىبە قىلغانلىقىنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالسىلا، ئۇ مىتىس خېنىمغا چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر

ئېيتاتتى ھەمدە: «ئۇ مېنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئەقىل ـ
پاراسىتىم ۋە روھىم! » دەيتتى.
1944 ـ يىل قىشتا، روزۋېلت تۆتىنچى قېتىملىق زۇڭتۇڭ
سايلىمىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭ يېنىدىكى سېكىرا مىتىس خې-
نىم ئالىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. روزېۋېلت ئەينى چاغدا دا-
ۋاملىق زۇڭتۇڭ بولۇشىنىڭ جاپاسىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ،
ئۆزىگە يىگىرمە يىل ھەمراھ بولغان مىتىس خېنىمنىڭ قەيسەر
روھى ئۇنىڭغا ھېلىھەم تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقاچقا، چاقلىق
ئورۇندۇقتىكى بۇ زۇڭتۇڭ يەنە بىر قېتىم مۆجىزە يارىتىشقا
مۇۋەپپەق بولالىدى...
روزېۋېلت گۇگۇم پەردىسى ئاستىدىكى «كىچىك ئاقساراي»
غا ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قەلبىگە بىر خىل
ئاچچىق ھېسسىيات كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ ئىچىدە مىتىس
خېنىمنىڭ ئىسمىنى پىچىرلىدى ھەمدە ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى
بېرىپ مۇنداق دېدى: «مىتىس خېنىم، خاتىرجەم بولۇڭ، سالا-
مەتلىكىم بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، مەن
ئۇنداق ئاسان يىقىلىپ چۈشمەيمەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى-
نىڭ غەلىبە شادلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ ھەرگىز يىقىلمايمەن!
... »

## ئاننا ھالقىلىق پەيتتە لۇتسى خانىمنى
## چاقىرىپ كەلدى

روزېۋېلت جورجىيە شتاتىدىكى ئارىشاڭ ساناتورىيىسىدە ئا-
رام ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «كىچىك ئاقساراي» دىكى كۈنلى-
رى ئانچە كۆڭۈللۈك ئۆتمىدى.
قىزى ئاننا ئۇنىڭ دەم ئېلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن
قارىدى. چۈنكى ئۇ روزېۋېلتنىڭ كېسىلى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى-

نى باشقىلاردىنمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. ئاننا 1944 ـ يىلى دادى-
سى بىلەن بىللە قار ـ شىۋىرغانغا قارىماي ھەرقايىسى شتاتلارغا
بېرىپ سايلامغا قاتناشقان، كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ،
سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى
يىغىنىغا قاتناشقىلى يالتاغا بارغان، دادىسىنىڭ ئالدىراش ئىشلەي-
دىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بولۇپمۇ روزېۋېلتىنىڭ
ئىككىلا پۇتى پالەچ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاقسارايدىكى دوخ-
تۇرلارنىڭ ئۇنىڭ پۇتىنى نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلغانلىقىد-
نى، كېيىن يەنە ئون قاداق ئېغىرلىقتىكى پولات چىۋىقنى
ئۇنىڭ پۇتىغا ئورناتقانلىقىنىمۇ كۆرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن،
روزېۋېلت چاقلىق ئورۇندۇقتىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى، بۇ
ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلدى. ئۇ رۇش ئەۋجىگە چىققان بۇ پەۋقۇل-
ئاددە كۈنلەردە، ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغان بۇ بوۋاينى
ئېغىر خىزمەت بېسىۋالغانىدى. ئاننا تولىمۇ چېچەن قىز بولغاچ-
قا، دادىسىنىڭ «كىچىك ئاقساراي» غا كەلگەندىن كېيىنمۇ سالا-
مەتلىك ئەھۋالىدا چوڭ ياخشىلىنىش بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
چوڭقۇر ئازابلاندى. جورجىيە شتاتىدىكى بۇ ئارىشاڭدا روزېۋېلت-
نىڭ بىردىنبىر قۇتۇلۇپ قالغىنى دىپلوماتىيە پائالىيىتى بولدى.
ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچقانچە ئازادىلىككە ئېرىشەلمىدى. ئاقساراي-
نىڭ جىددىي ھۆججەتلىرى ئۇزۇلمەي كېلىۋەردى، ئاقساراي ۋە
دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدىن ئۇرۇلغان ئۇزۇن يوللۇق تېلې-
فونلارمۇ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. بەزىدە روزېۋېلت تېلېفوندا
قارشى تەرەپ بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلىشىپ كېتەتتى،
ئاننا بولسا كېسەلمەن دادىسىنىڭ يېنىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي
تىتىلداپ تۇراتتى.

ئاننانى ھەممىدىن بەك ئەنسىرەتكىنى روزېۋېلتىنىڭ روھىي
ھالىتى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە «دادام جورجىيە شتاتىدىكى ئارىشاڭدا
ئارام ئالسا، كەيپىياتى ياخشىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئوي-

لىغانىدى. بىراق، روزېۋېلت باشتىن - ئاخىر جىددىيچىلىك
ئىچىدە ئۆتتى. چۈنكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا كۈندە دېگۈ-
دەك كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتاتتى، سوۋېت - گېر-
مان ئۇرۇشى روزېۋېلتنىڭ تۆتىنچى قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەن مەز-
گىلىدىكى ئەڭ مۇھىم دىققەت نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى، ئۇ
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالاھىدە ئۈمىد كۈتكەچكە، كومپارتىيىنىڭ
رەھبىرى ستالىن بىلەن خەلقئارا يىغىنلاردا كۆپ قېتىم ئۇچرى-
شىپ چۈشىنىش ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ «گېرمانىيە ناتسىستلى-
رىنىڭ ھالاكىتى باتۇر سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇلارنى
تېزرەك مەغلۇپ قىلىشىغا باغلىق» دەپ قارايتتى. يالتا يىغىنى-
دا، ئاننا ئىككى پۈتى پالەچ دادىسىنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك
ستالىن، چېرچىللار بىلەن ئۇن نەچچە سائەتلەپ جىددىي سۆھبەت
ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بەزىدە ئۇ يىغىن
زالىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، چېكە چاچلىرى ئاقارغان، ھارغىن
چىراي روزېۋېلتنىڭ ستالىن بىلەن چېرچىلنىڭ ئالدىدا ناھايىتى
خۇشخۇي قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتى، ئاننا دادىسىنىڭ
ئۆز ھالىغا باقماي چەت ئەللىكلەر بىلەن سىياسىي سۆھبەتكە
كىرىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىچى سىيرىلىپ، يىغلاپمۇ كەتكەنى-
دى.

— ئاننا، مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن ئۇنچىۋالا ئەندىشە قىلىپ
كەتمە! مېنىڭ سالامەتلىكىم ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ياخشى!

ئاننانىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، يالتادىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
روزېۋېلت ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشخانىسىدا يېرىم كېچىدىن ئاش-
قاندىمۇ ۋاشىنگتوندىن ئەۋەتىلگەن دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىغا ئائىت
دوكلاتنى كۆرۈۋاتقاندا، ئۇ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ توسۇشىغا قارىماي
ئىشخانىغا ئېتىلىپ كىرگەن ھەمدە يىغلىغان پېتى ئۆزىنى دادى-
سىنىڭ قوينىغا ئېتىپ:

— ئەمدى بولدى قىلىڭ، دادا، دەرھال چىقىپ ئۇخلاڭ! بولمىسا، تاڭ ئاتقان ھامان سىز يەنە ئالدىراش بولۇپ كېتىسىز!... ، — دەپ ئۈتۈنگىنىدە، روزېۋېلت ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكىدەك گەپ بىلەن تەسەللى بەرگەنىدى.

روزېۋېلت ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنى ئويلايدىغان مېھرىبان ئادەم ئىدى. ئۇ قىزىغا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشەققەتلىك سەپەرلەرنى بېسىپ يالتاغا كەلگەنلىكىنى، تېھرانغا، قاھىرەگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە جۇڭگونىڭ رەھبەرلىرى بىلەن نېمىشقا شۇنچە كۆپ سۆھبەتلەشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ئۇرۇشقا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. روزېۋېلت يالتا يىغىنىغا قاتنىشىشنىڭ ئالدى - كەينىدە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» نى قۇرۇشقا ئاكتىپ تەييارلىق قىلغان، بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكىنى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ تىكلەش ئىدى. شۇڭا، ئۇ نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، باشقا دۆلەت رەھبەرلىرىنى «ئىندەك» كە كەلتۈرمىسە بولمايتتى. روزېۋېلت ئاناغا يەنە ئۇرۇشنىڭ ناھايىتى تېزلا ئاياغلىشىش ئېھتىمالى بارلىقىنى، ياۋروپادىكى ئۇرۇش پات ئارىدا ئاياغلاشسىلا، ئۆزىنىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى ياپونىيىگە دەرھال ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا قايىل قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇنداق قىلالىسىلا، ئاسىيا قىتئەسىدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىراقلا تۈگىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى! ئۇ ئاناغا ئۆزىنىڭ تەرلەپ - پىشىپ ئىشلىشىدىكى يۇقىرىقى مەقسەتلىرىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

— مەندىن ئەنسىرىمىگىن، مەن ئۆز ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالالايمەن. مەن مۇشۇ قاۋۇل تېنىم بىلەن فاشىزمغا قارشى ھەل

قىلغۇچ ئۇرۇشقا گەپ يوق رەھبەرلىك قىلالايمەن! — دەپ تەسەل-
لى بەردى.

جورجىيە شتاتىدىكى ئارىشاڭدا قىسقا مەزگىل دەم ئالغان
كۈنلەردە، ئاننا دادىسىنىڭ پات ئارىدا سان فرانسىسكودا ئېچىلى-
دىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا
جىددىي تەييارلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى يالغۇز قالغان
چاغلاردا چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ باي-
قاپ قالدى ھەم ئىچ - ئىچىدىن ئازابلاندى. ھېسسىياتچان داد-
سىنىڭ ئۆزىگە يىگىرمە يىل ھەمراھ بولغان مىتىس خېنىمنى
ئەسلەپ قېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئاپىسى ئېلىننو
خانىم بىلەن دادىسىنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مېھرى ناھايىتى چوڭقۇر
بولسىمۇ، ئېلىننو خانىمنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پەقەت ئاياللار
كۆڭۈل بۆلىدىغانلا ئىشلار ئىدى. روزېۋېلت قانداقلا بولمىسۇن
بىر داڭلىق سىياسەتچى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەم كىشىلىك تۇر-
مۇشقا ئېپى بار، ھەم سىياسىي جەھەتتە ئۆزى بىلەن مەسلەكداش
بولالايدىغان ئايال كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەم مېھىر -
مۇھەببەت ئاتا قىلىپ، ھەم سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا دانا
تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ، مىتىس خېنىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرالاي-
دىغان بىر ئايال كېرەك بولۇۋاتاتتى.

ئاننانىڭ ئېسىگە بىر ئايال كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى لۇتسى
روتېرفورد خانىم ئىدى! لۇتسى خانىم بىلەن روزېۋېلت ئوتتۇر-
سىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى ئاننا ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى.
لۇتسى خانىمنىڭ جورجىيە شتاتىدىكى «كىچىك ئاقساراي» غا كې-
لىشىگە كېسەل ۋە ھارغىنلىقنىڭ ئاسارىتىدە يۇرۇۋاتقان دادىسى-
نىڭ بەكمۇ تەقەززا ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. ئېغىر-
بېسىق روزېۋېلت ئايالى ئېلىننو خانىمنىڭ ئالدىدا لۇتسى خانىم-
نى تىلغا ئالمايتتى؛ ئەمدىلىكتە، ئېلىننو خانىم يېنىدا بولمىغان
شارائىتتا، روزېۋېلتنىڭ دىمى سىقىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ،

قىزى ئاننانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق ئادەمگە لۇتسى خانىم توغرۇلۇق گەپ ئېچىشنى يەنىلا بىئەپ كۆرۈۋاتاتتى. روزۋېلتنى قىيناۋاتقان تىل قىسىنچىلىقى دەل شۇ ئىدى. ئاننا دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكى مۇشۇ خىل روھىي كەمتۈكلۈكنى كۆرۈپ يەتكەچكە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جورجىيە شتاتىغا بىللە كەلگەنىدى. روزېۋېلت جورجىيە شتاتىدىكى «كىچىك ئاقساراي»غا كېلىپ ئۇچىنچى كۈ-نى كەچتە، بۇ چېچەن قىز ئىشلارنى ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاش-تۇرۇپ، ماشىنا ئەۋەتىپ لۇتسى خانىمنى «كىچىك ئاقساراي»غا چاقىرتىپ كەلدى!

لۇتسى خانىمنىڭ كېلىشى بىلەن، روزېۋېلتنىڭ كەيپىياتى خۇشخۇيلىشىپ كەتتى. لۇتسى خانىم مىتىس خېنىمنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا ئالاھىدە خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى.

لۇتسى خانىم ئاق كۆڭۈل ھەم چىرايلىق ئايال بولۇپ، بىلىم سەۋىيىسى مەرھۇم مىتىس خېنىمنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ كېلىشى مىسكىن روزېۋېلتقا شادلىق ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئاقسارايدىن كۈندە دېگۈدەك كېلىپ تۇرىدىغان مەخپىي ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغىمۇ كۆپ قۇلايلىق يارىتىپ بەردى. لۇتسى خانىم قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئاقساراي-دىكى كاتىپلاردىنمۇ بەكرەك ماھىر بولۇپ، باشقىلار قانداق قى-لىشنى بىلەلمىگەن مۇھىم ئىشلارنى زۇڭتۇڭدىن يوليورۇق سو-رىماي تۇرۇپمۇ ناھايىتى ئەپلىك بىر تەرەپ قىلىۋېرەتتى. لۇتسى خانىم ئاشۇنداق ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۆز زىممىسىگە ئالغاچقا، روزېۋېلتنىڭ ئارىشاڭدا خاتىرجەم داۋالىنىش پۇرسىتى كۆپەيدى. ئاننانىڭ ئۈمىد قىلغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى.

لۇتسى خانىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناھايىتى مېھرىبان ئايال بولغاچقا، روزېۋېلتقا ۋاكالىتەن ھەر خىل جىددىي ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، روزېۋېلتنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جىددىي ھالىتىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ تۇر-

دى. ئۇ ھەر قېتىم ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدىن كەلگەن جىددىي
تېلېگرامما ياكى خوش خەۋەرلەرنى تاپشۇرۇۋالغىنىدا، ئۇنى رو-
زېۋېلتقا ئەستايىدىل ئوقۇپ بېرەتتى.

— ھەببەللى، بەك ياخشى بوپتۇ! ستالىنىنىڭ موسكۋادىن
ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدىن قارىغاندا، ياۋروپا ئۇرۇش مەيدان-
نىڭ ۋەزىيىتى بىز ئىلگىرى پەرەز قىلغاندىكىدىنمۇ ياخشى بولۇ-
ۋېتىپتۇ! — روزېۋېلت لۇتسى خانىم ئەكەلگەن تېلېگراممىلاردىن
بارغانسېرى روھلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭدا ھازىر يالتا يىغىنىدىكى
غەم - ئەندىشىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ئۇ گويا ياۋروپا ئالدىنقى
سېپىدىن كەلگەن زەپەر مارشىنى ئاڭلىغاندەك، گېرمانىيە ناتس-
ىستلىرىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغىنىنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، ياۋروپا ئالدىنقى سې-
پىدىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان غەلىبە خەۋەرلىرى روزېۋېلت، ستا-
لىن ۋە چېرچىللار يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان پەرەزدىنمۇ
تېز بولۇۋاتاتتى.

روزېۋېلت غەلىبە خەۋەرلىرىدىن ئەنە شۇنداق خۇشاللىققا
چۆمگەن چېغىدا، لۇتسى خانىم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ياۋروپا
بىلەن ئاسىيانىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلاتتى. زېرەك
روزېۋېلت ئۇنىڭ تەھلىلىنى ئاڭلىغاچ قانداقتۇر بىر ئەقىلگە
ئېرىشكەندەك بولاتتى - دە، دەرھال بىر ئىستراتېگىيىلىك پىلان
تۈزۈپ چىقاتتى. ئۇنىڭ بۇ پىلانى شۇ ھامان تېلېگرامما ئارقىلىق
ۋاشىنگتونغا يوللىناتتى. بۇ پىلان دۇنيا ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە
بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەتتى.

لۇتسى خانىم «كىچىك ئاقساراي»غا كەلگەندىن كېيىن،
روزېۋېلت ئارامخۇدا ئارىشاڭغا چۈشۈپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئول-
تۇرغىنىچە ئۇيان - بۇيان سەيلە قىلىدىغان، ھەمراھلىرى بىلەن
پاراڭلىشىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشتى. مۇبادا ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى
مەلۇم جىددىي مەسىلىلەر ئۈچۈن بېشىنى قاتۇرۇپ قالسا، لۇتسى

خانىم ئۇنى قارتا ئويناشقا تەكلىپ قىلاتتى، شۇ ئارقىلىق روز-ۋېلتنىڭ ئارتۇقچە جىددىيلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. روزېۋېلت ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن قىزى ئاناغا مۇنداق دەيت-تى:

— سەن قالتىس قىز جۇمۇ، كەسكىن ئۇرۇش پۇتۇنلەي ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، سەن ماڭا بىر خۇشاللىق پەرىشتىسىنى ئەكېلىپ بەردىڭ!

## رەسىمى سىزىلىۋاتقاندا مېڭىسىگە تۇيۇقسىز قان قۇيۇلدى

روزېۋېلت ئارىشاڭدىكى مەنزىرىسى گۈزەل ھەم تىنچ «كىد-چىك ئاقسارايى»دا كۈنلىرىنى ناھايىتى خۇشال ئۆتكۈزدى، ئىك-كىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيان، ئۇ بۇنچىلىك ئازادە كەيپىياتتا يۈرۈپ باقمىغانىدى.

لۇتسى خانىم ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولغاچقا، سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق كېتى-ۋاتاتتى.

— زۇڭتۇڭ، سىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغۇدەك بىرەر پارچە پورترېت رەسىمىڭىز بولسا ياخشى بولاتتى! ئىلگىرى-كى زۇڭتۇڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماي بوياق رەسىمى ئاقسارايدا ئېسىقلىق تۇرىدۇ، پەقەت سىزنىڭلا يوق! — دېدى لۇتسى خانىم بىر كۈنى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مەيىن باھار شامىلى چىقىپ تۇراتتى. لۇتسى خانىم روزېۋېلت ئۈچۈن مەخسۇس بىر پورترېت رەسىمى سىزىدىغان داڭلىق ئايال رەسسامنى تەكلىپ قىلىپ ئە-كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ نەپىس پورترېت رەسىملىرى بىلەن ئامېرى-

كىنىڭ رەسساملىق ساھەسىدە داڭق چىقارغان شورماتوف خانىم ئىدى.

روزىۋېلت بۇنداق ئىشلارغا ئەزەلدىن ۋاقىت چىقىرالمايتتى. مۇخبىرلار سۈرەتكە تارتقان چاغدىمۇ ئۇ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋې- رەتتى، ئۇنىڭ بارلىق سۈرەتلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ھەر خىل ئاممىۋى سورۇنلاردا تارتىلغانىدى. شورماتوف خانىمنى ئالايىتەن چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ پورترېت رەسىمىنى سىزدۇرۇشمۇ پە- قەت لۇتسى خانىمنىڭلا ئېسىگە كەلگەنىدى. روزىۋېلت بۇنىڭغا ماقۇل بولدى ھەمدە لۇتسى خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ بەردى، تېز سىزمىغا ماھىر شورماتوف خانىم پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى باشلىۋەتتى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، زۇكامتۇنىڭ روزىۋېلت ھەر كۈنى چۈشلۈك ئۇيقۇدىن كېيىنلا شورماتوف خانىمنى يېنىغا چاقىر- تىپ، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا، بەزىدە ئارىشاڭنىڭ بويىدا چاقلىق ئورۇندۇقتا جىم ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ سائەتلەپ مودېل بولۇپ بەردى. پورترېت رەسىم ئۇ بۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان مەزگىلدە پۈتمىسە بولمايتتى. بۇنىمۇ لۇتسى خانىم ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغان، روزىۋېلت بۇ ئورۇنلاشتۇ- رۇشقا ماقۇل بولغانىدى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جورجىيە شتاتىدىكى «كىچىك ئاقساراي» جىمجىت كەيپىيات ئىچىدە يېڭىدىن ئۆرلە- گەن تاڭ قۇياشىنى كۈتۈۋالدى. يېڭى بىر كۈن باشلاندى. روزې- ۋېلت ناھايىتى ئەتىگەن ئويغىنىپ كەتتى، ئاخشام ئۇ بەكلا ياخشى ئۇخلىغان، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاننا ۋە لۇتسى خانىم بىلەن ئاز-راق قارتا ئوينىغانىدى. سائەت توققۇزدىن ئېشىشىغىلا، لۇتسى خانىم ئۇنى ۋاقتىدا ئۇخلاشقا ئۈندىدى، روزىۋېلتنىڭ كەيپىياتى ئىنتا- يىن ياخشى بولسىمۇ، لۇتسى خانىم جورجىيە شتاتىدىكى بۇ ئارد-

شاڭغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭدا كەچ سائەت توققۇزدىلا ئۇخلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. يېرىم كېچىدە ۋاشىنگتوندىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەلسىمۇ، ئۇنى لۇتسى خانىم ئۆزى ئالاتتى، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ زۇڭتۇڭنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. شۇڭا، روزېۋېلت ئەتىگىنى ناھايىتى تېتىك ئويغىناتتى.

روزېۋېلت ناشتا قىلىپ بولۇشىغا، لۇتسى خانىم يېنىك قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن مېنىڭ ۋاقتىمنى قانداق ئورۇنلاشتۇردىڭىز؟ — دەپ سورىدى روزېۋېلت.

لۇتسى خانىم:

— ئەلۋەتتە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، كۆپرەك دەم ئالىسىز، — دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن روزېۋېلت بۈگۈنكى ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى تۈرلۈك پائالىيەتنى قوشۇشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. بىرى، چۈشلۈك ئۇيقۇدىن كېيىن، ئۇ خوت سپرىنگس (ئارشاڭ) شەھىرىنىڭ باشلىقى فرانك ئولكېرنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە بارماقچىدى، ئۇ فرانكنىڭ تەكلىپىنى كۆپ قېتىم رەت قىلغانىدى، ئەمدى رەت قىلىۋەرسە قاملاشمايتتى؛ يەنە بىرى، روزېۋېلت فرانكنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتىن قايتقاندىن كېيىن، بىمارلار بىللە بىر مەيدان ئويۇن كۆرمەكچىدى.

لۇتسى خانىم روزېۋېلتنىڭ كەچتە ئويۇن كۆرۈشكە باشقىچە پىكىردە بولمىغان بولسىمۇ، شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتنى كېچىكتۈرۈپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

— يەنە كېچىكتۈرسەم بولمايدۇ! مەن ئۇنىڭغا ماقۇل دەپ قويغان! — روزېۋېلتنىڭ قەتئىي پوزىتسىيىسىنى كۆرۈپ، لۇتسى خانىم ئاتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، چۈشتىن بۇرۇنقى پائالىيەتلەر باشلىنىپ كەتتى.

روزبۆبلت بوگون ئاربشاگدىكى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، پات ئارىدا سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەت-لەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلەيدىغان نۇتۇق ئورد-گىنالىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ چىقتى. ئۇ ناھايىتى ئەستايد-دىل كۆردى، نۇرغۇن سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆزگەرتتى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا، لۇتسى خانىم ئۇنى ئاربشاگدىكى كىچىك ئاشخانىغا ئەكەلدى.

— زۇڭتۇڭ، ئەگەر چۈشتىن كېيىن راستىنلا شەھەر باشلىقى فرانكىنىڭ ئائىلە زىياپىتىگە قاتناشماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر ئاز ئۇخلاپ ئېلىۋې-لىڭ! — دېدى لۇتسى خانىم چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇر-غان روزبۆبلتقا كۆيۈنگەن ھالدا.

روزبۆبلت چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، لۇتسى خانىم ئۇنى ھۇجرىسىغا ئەكىتىۋاتقاندا، توساتتىنلا قارارىنى ئۆز-گەرتتى. ئۇ ۋاشىنگتوندىن كەلگەن ئالاقىچىسىنىڭ يەنە بىر مۇنچە ھۆججەتنى ئۆز ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ قال-غاچقا، ئالدى بىلەن ئاشۇ ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن كىرىپ ئارام ئالماقچى بولدى. لۇتسى خانىم بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدى، چۈنكى، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان، ۋاشىنگتوندىن كەلگەن ھۆججەتلەرنى روزې-ۋېلتنىڭ ئورنىدا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا، ئۇ روزبۆبلتنىڭ ھۆججەتلەرنى بوگون نېمىشقا ئۆزى كۆرمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەنىدى.

— ھېچ ئىش يوق، بوگون كەيپىياتىم بەك ياخشى، ئاخشام ناھايىتى ئوبدان ئۇخلاپتىمەن. شۇڭا ھازىر پەقەتلا ئۇخلىغىم يوق، — دېدى روزبۆبلت. لۇتسى خانىم ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ روزبۆبلتنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، زېھنىي قۇۋۋىتى جايىدىلا بولىدىكەن،

باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئىشىغا ئارىلىشىشىنى ياقتۇرمايدى-
غانلىقىنى بىلەتتى.

روزھۆلت ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، بىر سائەت ھۆججەت كۆردى. كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا، شورماتوف خانىم ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ھەمدە قولىدىكى قەلەمنى ئەمدىلا قويۇپ تۇرغان روزھۆلتقا ئەدەپ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن:

— ئەمدى زۇڭتۇڭنىڭ رەسمىنى سىزىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، بۇ ۋاقتنى ئۆزىڭىز بەلگىلەپ بەرگەن، يېنىۋالسىڭىز بولمايدۇ! — دېدى. بۇ چاغدا روزھۆلت خېلىلا چارچاپ قالغاندى. ئۇ ھەتتا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن لۇتسى خانىمنىڭ گېپىدە-گە كىرىپ، ئازراق ئۇخلىۋالمىغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدى. بىراق، ئەمدى ۋاقىت يېتىشمەيتتى. ئەتىگەن تۈزۈلگەن كۈنتەر-تىپ بويىچە بولغاندا، ئۇ شورماتوف خانىمنىڭ ئۆز رەسىمنى داۋاملىق سىزىشى ئۈچۈن بىر - ئىككى سائەت جىم ئولتۇرۇپ بېرىشى، ئاندىن دەرھال شەھەر باشلىقى فرانكىنىڭ ئائىلە زىيا-پىتىگە قاتنىشىشى، ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئارىشاڭدىكى بىمارلار بىلەن بىللە ئويۇن كۆرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭغا ئارام ئېلىۋالغۇدەك ۋاقىت چىقمايتتى. ئۇ شورماتوف خانىمنىڭ سەممىي تۇرقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى:

— توغرا، توغرا، يېنىۋالسام بولمايدۇ! مەن ئۆزۈم دېگەن گەپنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمەن! بىراق بۈگۈنكى رەسىم سىزىش ۋاقتىڭىز بىر يېرىم سائەتتىن ئېشىپ كەتمىسۇن، چۈنكى، مەن زىياپەتكە بارماقچىدىم! ئەپۇ قىلىڭ، شورماتوف خانىم!

ئىشخانىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. روزھۆلت بىر خىل قىياپەتتە ئولتۇرۇش ئۈچۈن، قولىغا بىر پوچتا ماركىسى توپلىمىنى ئېلىۋالدى. ماركا توپلاش ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشى بولۇپ، توپلىغان ماركىلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ توپلىمىدىن

ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرىكى پوچتا ماركىلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئەنگ-لىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ، ھەتتا جۇڭگو-نىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تارقاتقان ئەجدىھا سۈرەتلىك پوچتا ماركىلىرىمۇ تېپىلاتتى.

ئىشخانا تىپتىنچ ئىدى، شورماتوف خانىمنىڭ رەسىم قەلى-مىنىڭ شىرت - شىرت قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئايال رەسسام پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رەسىم سىزىشقا بېرىلىپ كەتكەن چاغدا، ئۈشتۈمتۇتلا روزىھۆپلىتىنىڭ:

— بېشىم... ئەجەب ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ ئىڭرىغىنى-نى ئاڭلاپ قالدى. ئارقىدىنلا، ھېلىقى پوچتا ماركىسى توپلىمى روزىھۆپلىتىنىڭ قولىدىن يەرگە پاققىدە چۈشۈپ كەتتى!

شورماتوف خانىمنىڭ قولىدىكى قەلەم توختاپ قالدى! ئۇ چۆچۈگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇر-غان روزىھۆپلىتقا ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، روزىھۆپلىتىنىڭ چىرايى بۆلەكچىلا تاتىرىپ كەتكەنىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ قالدى!

— زۇكتۇڭ ئەپەندى! زۇكتۇڭ...، — شورماتوف خانىم بۇن-داق قورقۇنچلۇق ھالەتنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۇ روزىھۆپلىتىنىڭ بېشىنىڭ تۇيۇقسىز ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى كۆ-رۈپ، چۆچۈگەن ھالدا ئورنىدىن دىڭڭىدە تۇرۇپ كەتتى.

شورماتوف خانىمنىڭ ئەنسىز چىرقىرىغان ئاۋازى ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنى قوزغىتىۋەتتى. كۆپچىلىك ئال-مان - تالمان دوختۇر ماك ئىنتىرنى چاقىرتىپ كەلدى ھەمدە تېنى مۇزلاشقا باشلىغان روزىھۆپلىتنى دەرھال كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى، شۇ چاغدىلا، ئۇلار روزىھۆپلىتىنىڭ تومۇر سوقۇشى ئال-لىبۇرۇن توختاپ بولغانلىقىنى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭمۇ بار-غانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى! ئانىنا بىلەن لۇتسى خانىم ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلگەندە، روزىھۆپلىت جان ئۈزۈپ بولغانىدى!

دوختۇر ماك ئىنتىر زۇڭتۇڭ روزىۋېلتىنىڭ مېڭىگە قان قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن قازا قىلغانلىقىنى تېزلا ئېنىقلاپ چىقتى!

بۇ شۇم خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە جورجىيە شتاتىدىن ۋاشىنگتونغا يېتىپ باردى. ئاقساراي پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ترومىن دەرھال ئېلىنور خانىمنىڭ قېشىغا باردى، بۇ دەل چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولغان چاغ ئىدى. ئېرىنىڭ تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئېلىنور خانىم گويا چاقماق سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ كەتتى ـ دە، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئىككى پۇتى پالەچ بولسىمۇ، زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان روزىۋېلت بەئەينى كۆككە تاقاشقان مەزمۇت بىر دەرەخ بولۇپ، دۇنيادا قانچىلىك بوران ـ چاپقۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بۇ دەرەخنى ئاسانلىقچە يىقىلمايدۇ دەپ ئويلايتتى. بىراق، بۈگۈن بۇ مەزمۇت دەرەخ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشكەنىدى!

ئاقساراي شۇ كۈنى كەچتە زۇڭتۇڭ روزىۋېلتىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا «مۇسىبەت خەۋىرى» ئېلان قىلدى: «ئامېرىكا زۇڭتۇڭى فرانكلىن دېلانو روزىۋېلت جورجىيە ۋاقتى سائەت ئۈچتىن ئوتتۇز بىر مىنۇت، ۋاشىنگتون ۋاقتى سائەت تۆتتىن ئوتتۇز بىر مىنۇت ئۆتكەندە، مېڭىگە قان قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن جورجىيە شتاتىدىكى ئارىشاڭ ساناتورىيىسىدە بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى! ...»

بۇ «مۇسىبەت خەۋىرى» پۈتكۈل ئامېرىكا ۋە پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بارلىق ئامېرىكىلىقلار ھالقىلىق پەيتتە تۆت نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭتۇڭ روزىۋېلتتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چوڭقۇر ھەسرەت چەكتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى دېگۈدەك روزىۋېلتىنىڭ ۋاپاتىغا چەكسىز قايغۇردى. ھەتتا ئامېرىكا بىلەن ئىزچىل دۈشمەنلىشىپ كەلگەن

گېرمانىيىنىڭ ناتسىست ھۆكۈمرانىمۇ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنغانلىقىنى بىلدۈردى؛

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا شەھىرىدىكى كرېمل سارىيى ستالىنىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈپ تەزىيە بىلدۈردى؛

روزېۋېلتنىڭ قەدىناس دوستى، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى چېرچىل شۇ كۈنى كېچىلەپ ئىچكى كابىنېت يىغىنى چاقىرىپ، روزېۋېلتقا تەزىيە بىلدۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى؛

ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە ئاسىيا ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋاشىنگتونغا كەينى - كەينىدىن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

ئېلىننو خانىم روزېۋېلتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئاقسارايىنىڭ يېڭى خوجايىنى ترومىن روزېۋېلت ئۈچۈن دۆلەت بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئېلىننو خانىم ئىچكى كابىنېتقا زۇڭتۇڭ روزېۋېلتنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەت بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزمەسلىكنى، ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئوخشاش ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىدېر باغچىسىغا دەپنە قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى، روزېۋېلت 1937 - يىلىلا مۇشۇ ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن، شۇ يىلى ئۇ يۇرتىغا قايتقان چېغىدا خىدېر باغچىسىدىكى بىر قەبرىستانلىقنى كۆرۈپ قالغان ھەمدە ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن قەبرە تېشى قىلىدىغانغا سەككىز ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى بىر مەرمەر تاشنى تاللاپ قويغان، ئاندىن ئايالى ئېلىننو خانىمغا تاپىلاپ مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ قەبرە تېشىمغا جىق خەت ئويۇۋەتمەڭلار، مەدھىيە سۆزلىرىمۇ ئويۇلمىسۇن. پەقەت: ‹فرانكلىن دېلانو روزېۋېلت› دېگەن خەتلەرنى ئويۇپ قويساڭلارلا بولىدى! …»

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، نيۇيوركتا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان موندېسىن دەرياسىدىن غەم-كىن بىر سادا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈ-مىتى خىدېر باغچىسىدا زۇڭتۇڭ روزېۋېلتنى ئاددىي پۇقرالاردەك دەپنە قىلدى. ئاقساراي روزېۋېلتنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئاددىيغى-نە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، روزېۋېلتنىڭ ۋاپاتى خەلق قەلبىنى چوڭقۇر لەرزىگە سالغان بولغاچقا، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئامما كوچىغا يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، روزېۋېلتنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ قويۇشتى. خىدېر باغچىسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاھۇ زارى بىلەن تولدى. روزېۋېلتنىڭ مېيىتى يەرلىككە قويۇلغان چاغدا، باغچىنىڭ ئىچىنى يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغا ساداسى قاپلاپ كەتتى!

روزېۋېلت ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەل ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك ناھايىتى تېزلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلىپ، ياۋروپا ئۇ-رۇش مەيدانىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن ئاياغلاش-تى. روزېۋېلتنىڭ شانلىق نامىمۇ ۋاشىنگتون، لىنكولنلار بىلەن بىر قاتاردا ئامېرىكا تارىخىغا مەڭگۈلۈك پۈتۈلۈپ كەتتى!

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# «مۇستەقىللىق شەھىرى»دە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتوم بومبا ئاتىسى

## — ئوتتۇز ئىككىنچى زۇڭتۇڭ خاررى S ترومىن



خاررى S ترومىن 1884 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مىسسۇرى شتاتىدىكى راما بازىرىدا تۇغۇلغان. ئاتا ـ بوۋىسى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى نامراتچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن. كىچىكىدىنلا مۇزىكىغا ھەۋەس قىلغان، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن تازىلىق ئىشچىسى، مەدىكار بولغان، ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆزلۈكىدىن قانۇن ئۆگەنگەن؛

1917 ـ يىلى ئارمىيىگە قاتنىشىپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەچكە، پراپورچىكلىققا ئۆستۈرۈلگەن؛

1919 ـ يىلى ھەربىيلىكتىن چېكىنىپ، ئۆزى كېيىن يۇرتۇم دەپ ھېسابلىغان «مۇستەقىللىق شەھىرى»گە قايتىپ كەلگەن؛

1922 ـ يىلى جېكسون ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە سودىيە بول-
غان؛

1926 ـ يىلى مىسسۇرى شتاتى جېكسون ناھىيىلىك سوت مەھكىمى-
سىنىڭ باش سوتچىلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1934 ـ يىلى مىسسۇرى شتاتىنىڭ باج ئىشلىرى ئەمەلدارى بولغان؛

1935 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزالىقىغا سايلان-
غان؛

1945 ـ يىلى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان؛

1945 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە زۇڭتۇڭ بولغان؛

1972 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سەكسەن سەككىز يېشىدا
كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ياپونىيىگە ئاتوم بومبىسى تاشلىغانلىقى ئۈنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى

1972 ـ يىلىنىڭ باھارى «مۇستەقىللىق شەھىرى»گە يېتىپ كەلدى.

«مۇستەقىللىق شەھىرى» ئەسلىدە مىسسۇرى شتاتىدىكى كىچىككىنە بىر چېگرا شەھىرى بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھېسسىپتەك تار كوچىلىرى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئۇرۇشتىن كېيىن، يەنە ناھايىتى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى. تەختتىن چۈشكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان سابىق زۇڭتۇڭ ترومىننىڭ نەزىرىدە، بۇ شەھەر ھازىر مىسسۇرى شتاتىدىكى زامانىۋى بىر شەھەرگە ئايلانغانىدى.

ترومىن بۇ يىل توپتوغرا سەكسەن سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. چاچلىرى ئاقارغان پاكىنەك بۇ بوۋاي چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، قىزى مارگارېت ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقىنى ئۆيىدىن ئىتتىرىپ چىقىپ، ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا جىمجىت

بىر كوچىدىن ئۆتتى ـ دە، ترومىننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كۈتۈپخانا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

بۇ يول 1961 ـ يىلى «ترومىن كۈتۈپخانىسى» «مۇستەقىللىق شەھىرى» دە قۇرۇلغاندىن بۇيان، ترومىن ھەر كۈنى ئەتىگىنى چوقۇم ئۆتىدىغان يول ئىدى. ھاۋادا قانداق ئالامەتلەر يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەر كۈنى قىزى مارگارىتنىڭ ھەمراھلىقىدا «ترومىن كۈتۈپخانىسى» غا بېرىپ كىتاب ئوقۇيتتى، گېزىت كۆرەتتى ياكى يېزىقچىلىق قىلاتتى. ئۇ يەر ترومىننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىشخانىسى بولۇپ قالغانىدى. كېيىنكى 1960 ـ يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، سابىق زۇڭتۇڭ ئېيسېنخوۋېرنىڭ ئاقساقال ترومىنغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدەك ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ يۇرتىغا ترومىننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر كۈتۈپخانا سېلىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان بۇ مۆتىۋەرگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئارىدىن ئون بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ترومىننىڭ پاكىنەك گەۋدىسى بۇ كوچىدا يەنە پەيدا بولدى.

ترومىن بەكلا قېرىپ كەتكەن، چىرايىنى قارا مەڭگە ئوخشايدىغان ئۇششاق سەپكۈنلەر بېسىپ كەتكەنىدى. بىر جۈپ كۆزى سەل ـ پەل خۇنۇكلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ غارايىپ كەچۈرمىشلەرنىڭ ئىزناسى يەنىلا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى چۈشتە، ئۇ ۋاشىڭتوننىڭ پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى ھەيۋەتلىك ئاق بىنادىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، مۇستەقىللىق شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىسسۇرى شتاتىدىكى مۇشۇ گۈزەل ھەم جىمجىت شەھەردە ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە نىيەت قىلغانىدى. ئۇ قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ

كوچىغا چىققان چېغىدا، بۇ شەھەرنىڭ ھەربىر كوچىسىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن نەزەر سالاتتى. ئۆزگە تونۇش ھەربىر كوچىنى ۋە ھەربىر ئۆينى كۆرگىنىدە، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى ئۇنتۇلماس ئىشلارنى يادىغا ئالاتتى.

ترومىنىنىڭ «مۇستەقىللىق شەھىرى»گە بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى راما بازىرىغا بولغان مۇھەببىتىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. راما بازىرىدىكى ترومىن كوچىسىدا ئۇ تۇغۇلغان ئون بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆي ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ترومىنىنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئۆمرىدىكى ئەڭ گۈزەل چاغلىرى «مۇستەقىللىق شەھىرى»دە ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ بۇ شەھەردە ئوقۇدى (ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىشتىن سىرت ئوقۇغان). ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشقا پۇلى بولمىغاچقا، ھەر كۈنى بانكىدىكى خىزمىتىدىن چۈشۈپ بىر كۇتۇپخانىغا بېرىپ ئۆزلۈكىدىن قانۇن ئۆگەندى. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئۇ بۇ شەھەرگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا، ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا دائىم بارىدىغان ھېلىقى كۇتۇپخانىنىڭ ھېلىھەم ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە پات - پات ئاشۇ كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولدى. 1960 - يىلى كېنىېدى ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا تەختتىن چۈشكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغان سابىق زۇڭتۇڭ ترومىن بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى ھەمدە ئىنتايىن ھۆرمەت تەلەپپۇزى بىلەن ئۇنىڭغا:

— سىز ئۇرۇش يىللىرىدىكى روزىۋېلتتىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم سىياسەتچى، مېنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىڭىز ھەم پىئانىنو چېلىپ بەرگىنىڭىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن. قانداق تەلىپىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ! يېڭى ھۆكۈمەتتە بىرەر ۋەزىپە ئۆتىگۈڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى،

ترومېن بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويۇپ:
— مېنىڭ ھېچقانداق ۋەزىپە ئۆتىگۈم يوق، ئەمەلدار بولۇش تەمەيىممۇ يوق، مەن پەقەت يۇرتۇمدا بىرەر زامانىۋى كۇتۇپخانا بولسا ئىكەن، شۇ يەردە كىتاب ئوقۇپ، يېزىقچىلىق قىلسام ئىكەن دەپلا ئويلايمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.
كېيىنكى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ماقۇل بولدى ھەمدە دۆلەت مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، ترومېن ئون تۆت ياش ۋاقتىدا كىتاب ئوقۇغان ھېلىقى كونا كۇتۇپخانىنىڭ ئورنىغا ئەينى چاغدىكى ئەڭ كاتتا قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدىغان «ترومېن كۇتۇپخانىسى»نى سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ترومېن بۇ كۇتۇپخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى.
مارگارىت دادىسى ئولتۇرغان چاقلىق ئورۇندۇقنى كۇتۇپخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يانتۇ يولغا ئاۋايلاپ ئىتتىرىپ چىقتى. بۇ «مۇستەقىللىق شەھىرى»دىكى مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۇتۇپخانىنىڭ ئالدى زالى ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيدىغان جاي، كەينى زالى بولسا ترومېننىڭ دۇنياسى ئىدى. ئىككى قەۋەتلىك بىنادا ئۇنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسى، كىتاب ئوقۇش ئۆيى، ھۆججەت ساقلاش ئۆيى، ھۇجرىسى ۋە تازىلىق ئۆيى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ يەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىشخانىسى ھېسابلىناتتى. زالغا كىرىشتىلا ئۇنىڭ 1945 ـ يىلى ئاقسارايدا مۇخبىرلارنى كۇتۇۋېلىش يىغىنىدا تارتىلغان سۈرىتى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مارگارىت ھەر قېتىم دادىسىنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، بۇ يەردىن ئىتتىرىپ ئۆتكەندە مېڭىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ دادىسىنىڭ تامدىكى ئاشۇ سۈرىتىگە قاراپ بىرۇنقى چاغلىرىنى ئەسلىۋېلىشىگە ئىمكان يارىتىپ بېرەتتى.
ترومېن ئۇ سۈرەتنى ھەربىر كۆرگىنىدە چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمەتتى. 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئاشۇ

ئۆتتۆلماس چاغلار ئىختىيارسىز يادىغا كېلەتتى. شۇ كۈنى چۈش-تىن كېيىن، روزۋېلتنىڭ جورجىيە شتاتىدىكى «كىچىك ئاقسا-راي» دا ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ئاقسارايىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى چوڭ زالدا ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان مۇخبىرلارغا: «مەن شۇ تاپتا ئاسماندى-كى ئاي، يۇلتۇزلار، ھەتتا بارلىق سەييارىلەر بىراقلا ئۇستۇمگە يوپۇرۇلۇپ چۈشكەندەك ھېسسىياتتا بولۇپ قېلىۋاتىمەن، مەن باشقىلار ئەزەلدىن قوبۇل قىلىپ باقمىغان ئەڭ زور مەسئۇلىيەت-نى ئۇستۇمگە ئالدىم! ...» دېگەنىدى.

ترومىننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك مىنۇتلار ئەنە شۇ كۈندىن باشلانغان، ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەڭ ھالقىلىق پەيتكە كىرگەندە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئاقسارايدا توپتوغ-را يەتتە يىل ئىشلىدى، يەنە كېلىپ ئۇ يەتتە يىل ناھايىتى تېز لا ئۆتۈپ كەتتى. ياشىنىپ قالغان ترومىن كۆزىنى يۇمسىلا، ئاقسا-رايدىكى يەتتە يىل داۋامىدا ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن خىلمۇخىل ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئۇ ئاقسارايغا كىرىشتىن بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەنىدى. لېكىن، ئاقسارايدا ئۆتكەن يەتتە يىل ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق سەھىپە ھېسابلىناتتى!

«ئەپسۇس، كىشىلىك تۇرمۇش ھەممىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەر-مەيدىكەن، شان - شەرەپمۇ ھامان ئۆتۈپ كېتىدىكەن، مۇبادا ئادەم مەڭگۈ يۈكسەك پەللىدە ياشىيالىسا قالتىس ئىش بولاتتى - دە!» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ترومىن چاقلىق ئورۇندۇقتا ھاڭۋېقىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى، ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىنى تامدىكى يوغان سۈرىتىنىڭ ئالدىدىن ئەكەتمەسلىكىنى، ئۆزىگە يەنە ئازراق خىيال سۈرۈۋالدىغان ۋاقىت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى مەز-گىلدە قىلغان ھەرقانداق ئىشىنى ئامېرىكا تارىخىدىكى ۋا-

ۋاشىنگتون، لىنكولن، روزېۋېلتقا ئوخشاش داڭدار شەخسلەرنىڭ-
كىگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. لې-
كىن، ئۇ يۇقىرىقى ئۈچ نەپەر داڭدار شەخسمۇ قىلىپ باقمىغان
بىر ئىشنى قىلغان: زوڭتوڭ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ياپونىيىگە
ئاتوم بومبىسى تاشلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەنىدى!

ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە ئاتوم بومبىسى تاشلىغانلىقى دۇنيا
تارىخىدا ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باقمىغان تارىخىي ۋەقە بولۇپ،
ترومېن «ئاشۇ ئىككى ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى بىلەن مېنىڭ
نامىممۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ قېپقالدى» دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، دەۋر بۆلگۈچ ئاشۇ مىنۇتلار يې-
تىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ ئامېرىكىنىڭ زوڭتوڭلۇق سالاھىيىتى
بىلەن پوتسدامدا پەيدا بولغانىدى! ئۇ 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنى بولۇپ، روزېۋېلت ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا،
ترومېن پوتسدامغا كېلىپ، ستالىن ۋە چېرچىللار بىلەن بىرلىك-
تە زوڭتوڭ روزېۋېلت ئاخىرلاشتۇرالمىغان ئىشنى — يەر شارى
خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا تېزرەك خاتىمە بېرىش مەسىلىسىنى مۇزا-
كىرە قىلدى. ئاشۇ تىنچىق ياز كۈنىدە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە
سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ بېشىنى بەكلا قاتۇرغىنى تەس-
لىم بولۇشقا ئۇنىمايۋاتقان جاھىل ياپونىيە بولدى. ئەسلىدە،
سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بېرلىنغا غەلىبىلىك ئىچكىرىلەپ
كىرگەندىن كېيىن، ئاسىيادا تەلۋىلەرچە ئۇرۇش قوزغاپ كېلى-
ۋاتقىنىغا سەككىز يىل بولغان ياپونىيىنىڭمۇ ھالى خارابلاشقاند-
دى. بىراق، ياپونىيە سامۇراي روھىغا تايىنىپ داۋاملىق تىركى-
شىپ، تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمايۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستى-
دا، ترومېن ۋاشىنگتوندىن ئايروپىلان بىلەن گېرمانىيىگە بې-
رىپ، بېرلىنغا ئانچە يىراق بولمىغان كىچىك شەھەر پوتسدامدا
جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ستالىن، چېرچىللار بىلەن كېڭەش-
مەكچى بولدى. ئەينى چاغدا ئاتوم بومبىسى مەخپىي ياسىلىش

باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ترومىن ستالىن بىلەن چىرچىلغا بۇ مەخپىيەتلىكنى تېخى ئاشكارىلىمىغانىدى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەنى ترومىن گېرمانىيىگە يېتىپ كەلگەننىڭ ئەتىسى ئەتىگىنى، ۋاشىنگتوندىن ئەۋەتىلگەن بىر مۇتلەق مەخپىي تېلېگراما ترومىننىڭ قولىغا تەگدى. بۇ ۋاشىنگتوندىكىلەر ترومىنغا ئەگىشىپ گېرمانىيىگە كەلگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ستىمسونغا يوللىغان مەخپىي تېلېگراما ئىدى. ترومىن ستىمسوننىڭ قولىدىن تېلېگراممىنى ئېلىپ كۆرۈپ، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. گەرچە ئۇ تېلېگراممىدا مەخپىي سۆز ـ ئىبارىلەر ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ترومىن ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىۋالغانىدى. تېلېگراممىدا: «ئوپېراتسىيە بۈگۈن ئەتىگەن ئېلىپ بېرىلدى، دىئاگنوز ماتېرىيالى تېخى چىقمىدى. بىراق، ئوپېراتسىيە نەتىجىسى كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بولدى، ھەتتا پەرىزىمىزدىكىدىنمۇ ياخشى بولدى. بۇنى يەرلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئېلان قىلىش كېرەك، چۈنكى، ئۇ يىراقتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. دوختۇر گرووۋس بەك خۇشال، ئۇ ئەتە قايتىپ كېلىدۇ. سىز بىلەن يەنە داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن...» دەپ يېزىلغانىدى.

بۇنىڭ ئاتوم بومبا تەتقىقاتىغا مەسئۇل گېنېرال لېيتنانت لېسلىي گرووۋس ۋاشىنگتوندىن يوللىغان تېلېگراما ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تېپىپ ئىبارىلەر ئارقىلىق ستىمسون ۋە زۇڭتۇڭ ترومىنغا تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىش ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى، ھەتتا «پەرەزدىكىدىنمۇ ياخشى» بولغانلىقىنى دوكلات قىلغانلىقىنى ترومىن بىرلا ئوقۇپ چۈشەندى. ئۇ بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى، روزېۋېلت ھايات مەزگىلىدە ستىمسوننىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكى ياپونىيە فاشىستلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشۋېتەلەيدىغان بىر قورالنى، يەنى قىرىش كۈچى ھەرقانداق قورالنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاتوم

بومبىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا كىرىشكەنىدى. ئەمدى ستىم-سوننىڭ قولىدىكى بۇ تېلېگراممىدىن ئاتوم بومبىسى تەتقىقاتى-نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەيلا دەپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنداقتىمۇ، تورومىن بۇنى ئاشكارا ئېلان قىلىشقا قوشۇلمىدى، ئۇ تېلېگراممىدىكى «يىراقتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى» دې-گەن گەپنىڭ ئەمەلىيەتتە يېڭى مېكسىكا شتاتىدىكى ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاتوم بومبىسى سىنىقى توغرىسىدى-كى خەۋەرنىڭ تارقىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىغا ياكى ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىنغاندا ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى رايونلارغا تەسىرى بولىدىغانلىقىغا قارىتىلغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا كەسكىن تۈردە ستىمسونغا مۇنداق دېدى:

— مەخپىي سىناق قىلىش ھالىتى داۋاملىق ساقلانسۇن، يېڭى مېكسىكا شتاتىدىكى سىناققا داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىۋې-رىڭ، ئاتوم بومبىسى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىل-سۇن، چۈنكى مەن ئۇنى ئىشلىتىمەن!

تورومىننىڭ مېڭ ھەم ئېسىدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. تورومىن قۇ-رۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ستىمسونغا يېڭى مېكسىكا شتاتىدى-كى تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى تېزدىن ياساپ چىقىش توغرىسىدا مەخپىي كۆرسەتمە بەرگەندىن كېيىن، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قانداق تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا ستالىن ۋە چېرچىل بىلەن جىددىي مۇزاكىرىلەشتى، ھەممە كىشىگە تونۇش بولغان «پوتسدام ئاخباراتى»نى ئېلان قىلدى. بىراق، «پوتسدام ئاخباراتى» تېخى ئېلان قىلىنمىغان چاغدىلا، تورومىن «ئاۋۋال سىلىق - يۇمشاق، كېيىن تاياق - توقماق» دېگەندەك بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرەلمەيدىغانلىقىنى، مۇبادا ئا-مېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى بولمىسا، ياپونلارنىڭ ئالدىراپ تەس-لىم بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ يەتكەنىدى. لېكىن، ئاتوم بومبىسى دېگەن بۇ غەلىتە مەخلۇقنى ياساش مۇۋەپپەقىيەتلىك

بولارمۇ؟ ترومىن بۇنىڭغا مۇتلەق بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، يەنە بىر 33556 ـ نومۇرلۇق مەخپىي تېلېگراممىا ستىمسون ئارقىلىق ترومىننىڭ قولىغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاندىن جايىغا چۈشتى. تېلېگراممىدا: «دوختۇر بايىلا قايتىپ كەلدى. ئۇ بەك خۇشال، ئوغۇلچاق سىمىز ئاكىسىغا ئوخشاشلا بىجىرىم تۇغۇلدى، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى خېخولتۇندا تۇرۇپمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى مېنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىمدا تۇرۇپمۇ ئاڭلىيالايسىز...» دەپ يېزىلغانىدى.

تەجرىبىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن بېرىلگەن بۇ مەخپىي دوكلاتنى كۆرگەن ترومىن خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئىككىنچى ئاتوم بومبىسىنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىدىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسىلىپ چىقىلغانلىقىنى، نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقتىمۇ ئۇنىڭ پارتلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. دېمەك، بۇ ئاتوم بومبىسىنىڭ غايەت زور يوقىتىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى! مۇشۇ ئىككى يېڭى قورال مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسىلىپ چىقىلغاچقا، چېرچىل بىلەن ستالىننىڭ «پوتسدام خىتابنامىسى» ئارقىلىق ياپونىيىنى بويسۇندۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا ترومىن باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، «پوتسدام ئاخباراتى» ئېلان قىلىندى. لېكىن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ترومىننىڭ پەرەز قىلغىنىدەك، تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ترومىن ئاقسارايدا يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللار بىلەن نەچچە كېچە جىددىي يىغىن ئاچقاندىن كېيىن، ئاخىر يۈرەكلىك ھالدا ياپونىيىگە ئىككى دانە ئاتوم بومبىسى تاشلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ترومىن ئالدى بىلەن ياپونىيىنىڭ خىروسىما ئارىلىغا بىرىنچى ئاتوم بومبىسىنى تاشلاش توغرىسىدا

بۇيرۇق چۈشۈردى. خروسىما ئارىلى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى، بىر مەھەل تېرىسىگە پاتماي قالغان ياپونىيە ئارمىيىسى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى؛ 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئىككىنچى ئاتوم بومبىسى يەنە ترومىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ناگاساكىغا تاشلاندى!

ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زەربىسى ئاستىدا، ياپونىيە ساماۋى پادىشاھى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئۇزۇل - كېسىل ئاياغلاشتى!

ترومىن ھەر قېتىم «مۇستەقىللىق شەھىرى» نىڭ مەركىزىگە جايلاشقان «ترومىن كۇتۇپخانىسى» غا كەلگىنىدە، ياپونىيىنىڭ خروسىما ئارىلى ۋە ناگاساكى رايونىدا كۆتۈرۈلگەن غايەت زور موگوسىمان تۈتۈننى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈپ قوياتتى. چۈنكى، دۇنيا بويىچە قىرىش كۈچى ئەڭ زور بولغان ئاتوم بومبىسىنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلغان ھەم شۇ ئارقىلىق ياپونىيىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاپ، ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرغان ئادەم دەل ترومىن ئىدى! مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭ ئاقسارايدىكى ھاياتىنى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن دېيىشكە بولاتتى! مارگارىت ئېڭىشىپ تۇرۇپ، دادىسىدىن سورىدى:

— دادا، ئاتوم بومبىسى تاشلىغان ئىشنى ئويلاۋاتامسىز؟

ترومىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ھەئە، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ئىش! — دېدى.

## كۇتۇپخانىدا كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلىدى

ترومىن ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر ناھايىتى تېپتىنچ بولۇپ، ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك قېلىن-

قېلىن كىتابلار، دۆۋىلىنىپ كەتكەن يازما ئورىگىناللار تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ترومىن يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يازغان نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك «ئەسلىمە» سىنىڭ قولىيازمىسىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ئاقسارايدا تۇرغان يەتتە يىل مەزگىلدە بېشىدىن كەچۈرگەن نۇرغۇن ئىشلار بايان قىلىنغانىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ترومىن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئىش قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتىنى شەپقەتسىز ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى سىياسىي بوران - چاپقۇنلاردا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىگەنىدى.

«مەن زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلىمدە، بېشىمنى ھەممىدىن بەك قاتۇرغىنى پۇل پاخاللىقى بولدى! مېنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئامېرىكا ئىقتىسادىنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ!» ترومىن «ئەسلىمە» سىنىڭ قولىيازمىسىنى ۋاراقلىۋېدى، كۆز ئالدىدا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاقساراي پەيدا بولدى. ئۇ نەقەدەر ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر ئىدى - ھە؟! شۇ مەزگىللەردە، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىلار ترومىننىڭ ئېللىپس شەكىللىك ئىشخانىسىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ھەرقايسى جايلاردا كۈندە دېگۈدەك زاۋۇتلار تاقىلىپ، ئىشچىلار ئىشسىز قالغان، مال باھاسى ئۆرلەپ، ئاشلىق ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇپ كەتكەنىدى. يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى كۈنىگە مىڭ خىل ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىمۇ مال باھاسىنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغان، بۇنداق باش قېتىنچىلىقىغا ترومىن ئەزەلدىن ئۇچراپ باقمىغانىدى.

كىچىكىدىن تارتىپلا «مۇستەقىللىق شەھىرى» دە ئاددىي بازىكا خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن ترومىن ئىقتىسادتىن ئانچە - مۇنچە خەۋەردار ئىدى. لېكىن، ئۇرۇشتىن ئاۋۋالقى ئىقتىساد بىلەن ئۇرۇشتىن كېيىن مالىمانلىشىپ كەتكەن ئىقتىسادىي ھا-

لەتنى بىر ـ بىرىگە سىڭىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ تېخىمۇ كەس-كىنرەك تەدبىر قوللىنىپ، مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىشىنى تىزگىنلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىلگىرى مۇشۇ مەق-سەتتە بىر «ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى» نى تەشكىل-لىگەن بولسىمۇ، تازا ئۈنۈمى بولمىغانىدى. قىسىمدىن چېكىن-گەن زور بىر تۈركۈم ھەربىيلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، زاۋۇتلارنىڭ تاقىلىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئىشسىز قالغان ئىش-چىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، خەلق ئاممىسىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇ پارلامېنتقا سىستېمىلىق بىر لايىھىنى تۈزۈپ سۇندى. «ھەممە ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇ-رۇش»، «مال باھاسىنى تۆۋەنلىتىش» دېگەندەك كىشىنى روھ-لاندۇرىدىغان شوئارلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەڭ جاپالىق مەزگىلىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋالدى.

ترومېن «مۇستەقىللىق شەھىرى»گە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ جاپالىق يىللار توغرۇلۇق ئەسلىمە يازغان چېغىدا، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قولىيازمىلار قوغۇشۇن ھەرپلەر بىلەن ئىككى قىسىملىق «ترومېننىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن كىتاب بولۇپ بېسى-لىپ چىقتى. ياشىنىپ قالغان ترومېن بۇ ئىككى قىسىملىق كىتابنى كۆرسىلا ھاياجانغا چۆمەتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئاخىرلاشقان چاغدا، 1948 ـ يىلى بەزىلەر ئۇنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇمكىنچىلىكىنى ناھايىتى تۆۋەن مۆلچەرلىگەنىدى. بەزىلەر ترو-مېننىڭ زۇڭتۇڭ بولالىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى روز-ۋېلتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بولغان دەپ قا-رايتتى؛ يەنە بەزىلەر بولسا «ترومېن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى

مەزگىلىدە ئىككى ئاتوم بومبىسىنى ئىشلىتىپ، ياپونىيىنى تەس-لىم بولۇشقا مەجبۇرلىغان، چوڭ سىياسەتچىلەرگە خاس سالاپەت-كە ئىگە ئادەم بولسىمۇ، ئۇ ئاتوم بومبىلىرى روزۋېلت ھايات ۋاقتىدىلا ياسىلىشقا باشلىغان. ترومىننىڭ ئورنىدا باشقا ھەرقان-داق ئادەم بولسىمۇ ئاتوم بومبىسىنى ئوخشاشلا ئىشلەتكەن بولات-تى، شۇڭا، پۈتۈن تۆھپىنى ترومىننىڭ نامىغا يېزىشقا بولماي-دۇ» دەپ قارايتتى.

ترومىن تۇنجى قېتىم ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى مۇنەۋۋەر سىياسەتچى دەپ قارايتتى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇ-قىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئۈچ يىلدا ئۇ دېمىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سىياسىي تالانتىنى نامايان قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، خەلق يەنىلا ئۇنى چۈشەنمىدى، ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. بۇ ھال ترومىننى قاتتىق ئازابلىدى!

— مەن ھەممە ئېتىراپ قىلغان سىياسەتچى بولمەن دېسەم، روزۋېلتنىڭ سايىسىدىن چوقۇم قۇتۇلۇپ چىقىشىم كېرەك ئى-كەن! — دېدى ترومىن ئايالى ئېلزابېت ۋاللاتس خانىم بىلەن قىزى مارگارىتقا، ئۇنىڭ نالىسىنى پەقەت مۇشۇ ئىككى غەمگۈزار ئاياللا چۈشىنەتتى.

ئەنگلىيە قان سىستېمىسىدىن بولغان ۋاللاتس خانىم ترو-مىنغا چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلدى. قىزى بىلەن ئىككى-سى ترومىنغا بۇ قېتىمقى چوڭ سايلامدا چوقۇم غەلىبە قىلىش توغرىسىدا مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ترومىن، ۋاللاتس خانىم ۋە مارگارىتتىن تەشكىللەنگەن سايلامغا قاتنىشىش گۇرۇپپىسى 1948 - يىل كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇزاققا سوزۇل-غان سەييارە نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ قېتىم-قى ئوتتۇز بەش كۈنلۈك سەپەر داۋامىدا، ترومىن ئايالى بىلەن قىزىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، نيۇيورك، چىكاگو، سىئاتۇل، سان فرانسىسكو قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يىگىرمە قېتىمدىن ئارتۇق

نۇتۇق سۆزلىدى. ترومىن كىشىلەرنى قايىل قىلغۇدەك نۇتۇق قابىلىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، بارغانلا يېرىدە ئاۋۋال ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئاۋامنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇ بۇ خىل قابىلىيەتنى ياشلىق دەۋرىدىلا يېتىلدۇرگەن بولۇپ، ئەينى يىلى ئۇ «مۇستەقىللىق شەھىرى» دە سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان، جان بېقىشقا ئامالسىز قالغان چېغىدا ئۇشتۇمتۇتلا ئەقلىگە كېلىپ، بىر قارا جەمئىيەتنىڭ كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان مالىيە گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋېشىنى مەغلۇپ قىلغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەددىنى قايتىدىن رۇسلىۋالغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا، يەنە شۇنداق تەسىرى زور بىر قارا جەمئىيەت كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولۇپ بەرگەچكە، ئۇ بىرلا ئېغىناپ سىياسىي ساھەگە قەدەم قويغان، ئاۋۋال يەرلىك سوت مەھكىمىسىدە سودىيە، كېيىن پارلامېنتتا كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولغانىدى. نامرات بىر شەھەر ئاھالىسىدىن بىراقلا ۋاشىڭگتوننىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىكى داڭدار شەخسكە ئايلانغان ترومىن، 1948 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدىغان ئەۋزەللىكىنى يەنە بىر قېتىم جارى قىلدۇردى، يېرىمدىن كۆپ ئاۋازغا ئېرىشتى! ترومىن يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى!

گۇگۇم چۈشكەن چاغدا، شامال چىقىشقا باشلىدى.

ئىلگىرى ئارتىس بولغان مارگارىت دادىسى ئولتۇرغان چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرگىنىچە كۇتۇپخانىدىن چىقىپ، ئۆيگە قايتىدىغان يولغا چۈشتى. بىر كۈنلۈك جىددىي خىزمەت يەنە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ — ترومىننىڭ بۇ كۇتۇپخانىغا ئاخىرقى قېتىم كېلىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خىل ۋىدالىشىش تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. ئۇ بۈگۈن بىر كۈن ئۆزى ئىلگىرى يازغان قولىيازما ۋە نۇتۇق ئورىگىناللىرىنى قايتىدىن كۆرۈپ

چىقتى، «ترومىننىڭ نۇتۇقلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن نۇتۇق ئورىگىناللىرىدىن باشقا، ئۆزى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ سۆزلىگەن نۇتۇقلارنىڭ ئورىگىناللىرىنى قايتىدىن رەتلىدى. يەتمىش ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان بۇ بوۋاي ھەتتا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ ئورىگىناللىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئۆزىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى ئىدىيىسى خاتىرىلەنگەن بۇ قولىيازمىلارغا ئۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايتتى. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئۆزىنىڭ «ترومىن كۇتۇپخانىسى»غا ئاخىرقى قېتىم كېلىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ قىلچىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتقاندا ھاۋا ئۆزگەردى. چۈشتىن بۇرۇن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، بىراق، چۈشتىن كېيىن، ئۇيۇقتىن توپ - توپ قارا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. سوغۇق شامال چىقىۋېدى، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بوۋاي ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئۇ يول بويى قىزى بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— چۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ «ئەسلىمە»منى كۆرۈپ، بۇرۇنقى ئىشلار يادىمغا كېچىپ قالدى. مارگارېت، مەن ئۆزۈمنىڭ روزېۋېلتتىنلا كېيىن تۇرىدىغان داڭلىق سىياسەتچى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، بىراق مەنمۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەن. مەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزگىنىم يوق. لېكىن ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ھېلىقى قارغىش تەگكۈر چاۋشيەن ئۇرۇشىنى قوزغىمىسام بوپتىكەن!...

نىھايەت، كەچنىڭ سالقىن شامىلىدا ئاسمان گۈمبىزىنى قاپساپ تۇرغان قارا بۇلۇتلاردىن يامغۇر ئۇنچىلىرى تامچىلاشقا باشلىدى. چاقلىق ئورۇندۇقتا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ ئولتۇرغان

ترومىن ئۆزى قوزغىغان مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشتىن ئۆكۈنۈۋاتقان- دەك قىلاتتى. ئەسلىدە، ئۇ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كې- يىن، ئۇرۇشقا نىسبەتەن سەگەك پوزىتسىيە تۇتقان، بولۇپمۇ 1948 - يىلى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر يەرلىك ئۇرۇشقا ئارىلىشىشىغا ئېھتى- ياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇ چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغانسېرى پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ- مۇ ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش ئۇرۇشخۇمار ئادەم بولۇپ، كوممۇنىستلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ھەم خەۋپسىرەش تۇيغۇسى ئۇنىڭ چاۋشيەن ئۇرۇشىنى قوزغىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ئىدى. ترومىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ستالىن بىلەن ئانچە - مۇنچە ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىشى- غىلا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىۋالدى. ئۇ ئىككى ئاتوم بومبىسى بىلەن ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەم ئامېرىكى- نىڭ دۇنيادىكى سۇر - ھەيۋىسىنى قايتىدىن تىكلىگەنىدى. لې- كىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ھەدەپ ئاتوم قورالى سىنىقى ئېلىپ بېرىۋاتقانلى- قىنى سېزىپ قالدى، ئۇ بۇنى بىر خىل تەھدىت دەپ ھېسابلىدى.

1946 - يىلىلا ترومىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قورال ياسىشى- نى چەكلىمەكچى بولغانىدى. بىراق، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نازارىتىگە پىسەنتمۇ قىلماي، ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈپ، ئاتوم قورالى ياساشنى تېزلەتتى. ئاخىر، 1949 - يىلى ترومىن كوم- پارتىيە رەھبىرى ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققانلىقىدىن چۆچۈگەن ھالدا خەۋەر تاپتى! روھى چۈ-

شۇپ كەتكەن ترومېن ئالاقىدار ئورۇنلارغا «ئاتومنىمۇ بىسىپ چۈشىدىغان قورال» نى، يەنى قىرغىن قىلىش كۈچى تېخىمۇ زور بولغان ۋودورود بومبىسىنى ياساش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى! 1952 ـ يىلى قىشتا، ئېنىۋېتوك رايونىدا ۋودورود بومبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىلغاندىن كېيىن، ترومېن كوممۇنىزمغا قارىتا يەنە چەكلەش ۋە بېسىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى ھەمدە نەزىرىنى ئاسىيا قىتئەسىدىكى كۈندىن ـ كۈنگە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان جۇڭگوغا يۆتكىدى. شىمالىي چاۋشيەن بىلەن ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ترومېننىڭ نەزىرىدىكى خەۋپلىك كۈچلەر ھېسابلىناتتى. جۇڭگودىن پەخەس بولۇش ئۈچۈن، ئۇ بىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيىسىنى تەشكىللەپ، چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش قارارىغا كەلدى.

ئەينى چاغدا، ئۇ ھەقىقىي بىر سىياسەتچى بولغان بولسا ئىدى، چوقۇم ئەستايىدىللىراق ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن قارار چىقارغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ پارلامېنتتا جار سېلىپ مۇنداق دېدى:

— چاۋشيەن گىرېتسىيىنىڭ ئۆزى. ئەگەر بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قاتتىقراق تەدبىر قوللانساق، ئۇلارغا قەددىمىزنى كېرىپ تۇرۇپ يۈزلەنسەك، ئۇلار ئۈچ يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاش بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، شۇنىڭدا بىز كوممۇنىزمنىڭ ئاسىيا قىتئەسىگە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز!...

شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا ترومېننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا چاۋشيەنگە قارىتا ئۇشتۇمتۇتلا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. دەسلەپتە، ئۇ ئامېرىكا قوشۇنلىرى چىڭراق تۇرسىلا، دۈشمەننى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھالاك قىلالايمىز دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن، بۇ ئۇرۇشقا جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىمىمۇ ئارىلىشىپ قالدى ھەمدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى «بىرلەشكەن

دۆلەتلەر قوشۇنى» نى ئوتتۇز سەككىزىنچى پاراللېلدىن تېز سۈر-ئەتتە قوغلاپ چىقىرىپ، ئامېرىكىنى پانمونجومدا ئۇرۇش توختى-تىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ئەمدىلىكتە، ياشىنىپ قالغان ترومىن چاقلىق ئورۇندۇقتا بارغانسېرى سوۋۇۋاتقان كەچنىڭ ھاۋاسى ۋە يامغۇردىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تىترەپ ئولتۇراتتى. ئۇ قىزى بىلەن داۋاملىق پىكىر ئالماشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، پەقەت ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىپ تۇرۇپ:

— مەن خاتا ۋاقىتتا، خاتا جايدا، خاتا بىر ئۇرۇشنى قوزغاپ-تىكەنمەن! ...، — دېدى.

ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

## بىئاراملىقتىن كېلىپ چىققان قاباھەتلىك چۈشلەر

ترومىن ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ «مۇستەقىللىق شەھىرى» نىڭ شىمالىي دېلاۋار كوچىسىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېلىشىگىلا، ئۇشتۇمتۇت قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالدى ھەمدە ئۇنى قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كەت-تى. ياشىنىپ قالغان، ئاجىز بۇ بوۋاي سوغۇق شامالغا بەرداش-لىق بېرەلمىگەنمۇ، قانداق، ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىر-لاپ كەتتى.

«مۇستەقىللىق شەھىرى» دىكى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى سېلىن-غان بۇ ئەنگلىيە پاسونىدىكى كاتتا تۇرالغۇ ئەسلىدە ترومىننىڭ ئايالى ۋاللاتس خانىمنىڭ دادا ـ ئاپىسىدىن مىراس قالغان ئۆي بولۇپ، ترومىن ئەينى يىللىرى بۇ شەھەردە ئادەتتىكى بىر سودى-يە بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا يېڭى توي قىلغان ئايالى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە بىللە تۇرغانىدى. 1953 ـ يىل باھاردا ئۇ

ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئايالى ۋە قىزىنى ئېلىپ يەنە مۇشۇ كاتتا تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئون توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى، تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى زېرىكىشلىك كۈنلەرنى ترومىن ئايالى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزدى. ئەمدىلىكتە ئۇ تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىۋىدى. ۋاللاتىس خانىم بىلەن قىزى مارگارىت ئۆزلىرىنىڭ هاياتلىق دەرىخى غۇلاپ چۈشكەندەك ئەندىكىپ، شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق دوختۇرلارنى كەينى ـ كەينىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى.

دوختۇرلار ناهايىتى تېزلا ترومىن ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بوپتۇ دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. شۇ چاغدا، پېنىتسىللىن ئامېرىكىدىكى باكتېرىيىگە قارشى ئەڭ ياخشى دورا هېسابلىناتتى، ترومىنغا بۇ دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلىنى ۋاقتىنچە تىزگىنلىيەلىگەن بولسىمۇ، تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتالمىدى. ئۇنىڭ كېسىلى گاھ كۈچىيەتتى، گاھ پەسىيىپ قالاتتى، بەزىدە قىزىتمىسى بەش ـ ئالتە كۈنگىچە يانمايتتى، يۆتەلگەن چاغدا خەپرۇكى قان ئارىلاش چىقاتتى. يازغا يېقىن، دوختۇرلارنىڭ داۋالىشى ھەمدە ۋاللاتىس خانىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈش ئارقىسىدا، ئۇنىڭ كېسىلىدە بىرئاز ياخشىلىنىش بولدى.

ئەتراپ رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن تولغان ياز كۈنىدە، ترومىن كېسەل كارىۋىتىدىن تۇرالايدىغان، ئايالى ياكى قىزىنىڭ ياردىمىدە چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ئۆيىنىڭ كەينىدىكى گۈللۈككە چىقىپ، هۇپپىدە ئېچىلغان چىرايلىق كۆركۆم گۈللىرىنى تاماشا قىلالايدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھەر كۈنى شەھەر مەركىزىدىكى «ترومىن كۇتۇپخانىسى»غا بېرىپ كىتاب ئوقۇيالمايتتى، يېزىقچىلىق قىلالمايتتى. ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى، ئۇ بىرقانچە قېتىم كۇتۇپخانىغا بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ، ۋاللاتىس خانىم بىلەن قىزى ئۇنى توسۇۋالدى.

— كۆزدە بېرىك، شۇ چاغدا كېسەلگىزمۇ ياخشىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن! — دېدى ئۇلار. ترومېن ئۇمىدىنى كۆزگە باغلىدى ھەمدە ئايالى بىلەن قىزىغا:

— مەن كۇتۇپخانامدىن ئايرىلالمىغۇدەكمەن، ئۇ يەرگە ئۇ-زۇن ۋاقىت بارمىسام، ئەڭ يېقىن سىردىشىمدىن ئايرىلىپ قال-غاندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن، — دېدى.

كۆزمۇ يېتىپ كەلدى، «مۇستەقىللىق شەھىرى» نىڭ شىما-لىي دېلاۋار كوچىسىدىكى بۇ كاتتا تۇرالغۇدىمۇ پەسىل ئۆزگەر-دى، لېكىن، ترومېننىڭ ئۆپكە كېسىلى ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ھاۋانىڭ بارغانسېرى سوۋۇشىغا ئەگىشىپ ئېغىرلاشتى، يۆتىلى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

كۆزنىڭ سوغۇق شامىلى ھەر كۈنى كەچتە ھويلىدىكى چى-نارلارنى ئۇيان - بۇيان ئىرغاڭلاتقاندا، كارىۋاتتا چۈش كۆرۈپ ياتقان ترومېن پات - پاتلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئاقسارايدا ئۆتكەن قىسقىغىنا كۈنلەر تولىمۇ جەلپ قىلارلىق، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق ئىدى. ترومېن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىيا-سىتىنى يۈرگۈزگەندە، ھەم ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىناۋىتىد-نى يۇقىرى كۆتۈرگەن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. بىراق، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىد-ۋاتقان غەزەپلىك سادالارغا ئېرەن قىلمىدى. ھەتتا خاتا ھالدا «خەلقئارادىكى نارازىلىق قانچىكى زور بولسا، بۇ مېنىڭ كېڭەي-مىچىلىك سىياسىتىمنىڭ شۇنچە ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى ئى-پادىلەپ بېرىدۇ» دەپ قارىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان نارازىلىقىنىڭ ئەيىبلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا قەستلەش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى چۆچۈگەن ھالدا بايقاپ قورقۇپ كەتتى!

كەچ كۈز كېچىسى ئۇ يىراقتىن پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغاند-دەك بولدى! كۆزلىرىنى ئالمان - تالمان ئۇۋۇلاپ، ئەتراپىنىڭ

گۆردەك جىمجىت ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنى يەنە قارا باسقاندى. ترومىن 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاقسارايدا يۈز بەرگەن ئەمەلگە ئاشمىغان بىر قېتىملىق پارتلىتىش دېلوسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى! ئۇ يازنىڭ تىنچىق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بولۇپ، پوچتىكەش ناھايىتى ئېغىر بىر زاكاز خەتنى ئېلىپ شەكىللىك ئىشخانىدىكى يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. كاتىپ زۇڭتۇڭغا ئەۋەتىلگەن خەلقئارالىق يوللانمىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ كۆرۈۋېتىپ، پەلەستىندىن كەلگەن بىر ئالاھىدە يوللانمىنى بايقاپ قالدى. ئۇ بەكلا ئېغىر بولۇپ، كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە «زۇڭتۇڭ ترومىنغا خۇسۇسىي خەت» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى.

«چاتاق!» ئايال كاتىپ تولىمۇ ئەستايىدىل بولغاچقا، خۇرۇم لېپاپىنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلاپ ئاچتى ھەمدە ئىچىدە يەنە بىر لېپاپ بار ئىكەنلىكىنى بايقىدى، يەنە كېلىپ، ئىككى لېپاپىنىڭ ئارىلىقىدا سىرىق رەڭلىك پاراشوك تۇراتتى. بۇنىڭ كۈچلۈك پارتلاتقۇچ دورا ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى! شۇنىڭ بىلەن، ئايال كاتىپ ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان ترومىنغا قاراپ ۋارقىرىۋەتتى. ترومىن ئىككى قولى بىلەن دەررۇ بېشىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، كاتىپقا ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئاچماڭ! تېز بولۇڭ، سىرتقا ئاچىقىپ كېتىڭ! — دەپ بۇيرۇدى. ئايال كاتىپ شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ، پارتلاتقۇچ دورا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھېلىقى كونۋېرتنى كۆتۈرگىنىچە ئىشىكنىڭ سىرتىغا يۈگۈردى.

ئاقسارايىنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى ئۇ كونۋېرتنى دەرھال بىر يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكىرىپ تەكشۈردى. ئەسلىدە، كونۋېرتنىڭ ئىچىگە كۈچلۈك پارتلاتقۇچ دورا ئورۇنتىلغاندىن باشقا، يەنە كىچىك تىپتىكى بىر باتارېيە بىلەن دېتوناتورمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەگەر ھېلىقى ئايال كاتىپ خەتنى بىراقلا

ئېچىۋەتكەن بولسا، ئېللىپس شەكىللىك ئىشخانا كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى!

ترۇمېن بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى دەرھال ئېنىقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاقساراي ۋە بەش بۇرجەكلىك بىنا جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ قېتىمقى زۇڭتۇڭ ترۇمېننى قەستلەش ۋەقەسىنى پەلەستىندىكى «ستوئان» تەشكىلاتىنىڭ قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئايال كاتىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەچكە، بۇ بىر مەيدان قانلىق دېلونىڭ ئالدى ئېلىنغانىدى!

«ئا... ئا...!» ترۇمېن قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. كەچ كۈز مەزگىلىدە، ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلىشىپ كەتتى. قىزىتمىسى ئۆرلەش بىلەن تەڭ يەنە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا يۈرىكى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ۋاپادار ھەمراھى ۋاللاتس خانىمنى ئەنسىرىتىپ قويدى. قىزى ئىككىسى ترۇمېنغا تەسەللى بەردى ھەمدە ئۇنى بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمەسلىككە دەۋەت قىلدى. لېكىن، ترۇمېننى قارا بېسىۋەردى، ئۇ كۈندە دېگۈدەك قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى.

كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇرۇلۇپ تۇرغان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ يەنە 1950 ـ يىل قىشتا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئەسلەپ قالدى! ئۇ 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈش ۋاقتى بولۇپ، ترۇمېن ئاقسارايدا يەنە سىرتتىن كېلىدىغان بىرەر خەۋپلىك ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، پەلەستىن تېررورلۇق تەشكىلاتى بومبا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھېلىقى خەتنى ئەۋەتكەندىن كېيىنلا، ئايالى ۋاللاتس خانىم بىلەن ئاقسارايدىن كۆچۈپ چىقىپ، ئاقسارايغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بلايېر سارىيىنىڭ ئون بەشىنچى قەۋىتىگە ئورۇنلاشقان-

دى. بۇ يەر بىلەن ئاقسارايىنى پېنسىلۋانىيە كوچىسىلا ئايرىپ تۇراتتى. ترومىن ھەر كۈنى شۇ بىنادىن چىقىپ، تۇرلۇك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتى، قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان سۇرلۇك ئاقساراي ئىگىسىز بىناغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ترومىننىڭ مەقستى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئەتراپىدا بىرەر تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنداق تەدبىر قوللانغانىدى.

ھالبۇكى، خەۋەر يەنىلا ئاشكارىلىنىپ كەتكەنىدى!

شۇ كۈنى چۈشتە، ترومىن ئايالى ۋاللاتس خانىم بىلەن بىللە نۇرغۇن مۇھاپىزەتچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بلايېر سارىيىدىن چىقىپ، زىياپەتكە بارماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بىنانىڭ سىرتىدىن تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— چاتاق بولدى! بىرى بىناغا ئېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ! — ۋاللاتس خانىم ئوق ئاۋازىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلىدى ھەمدە بالكونغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، قوللىرىدا ئەپلىككىنە قورال كۆتۈرۈۋالغان ئىككى چەت ئەللىكنىڭ بىناغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ترومىنمۇ دەرھال بالكونغا چىقىپ، بىنانى قوغداۋاتقان بىر مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنىڭ ئوق يەپ قانغا بويىلىپ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

«پاڭ! پاڭ، پاڭ! ...» ئوق ئاۋازى كەينى ـ كەينىدىن ياڭراپ كەتتى. بىنانىڭ ئىچىدىن تولۇق قوراللانغان بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەر يوپۇرۇلۇپ چىقتى ھەمدە كەسكىن ئېتىشىش ئارقىلىق، بىناغا بېسىپ كىرمەكچى بولغان چەت ئەللىك ئىككى قاتىلنى بويسۇندۇردى!

ترومىن يەنە بىر قېتىم خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى.

كېيىن سوراق قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى قاتىلنىڭ پورتوركودىن كەلگەن مىللەتچىلەر ئىكەنلىكى، بىرىنىڭ ئىسمىنىڭ كورىئاسو، يەنە بىرىنىڭ تورسولا ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم

زۇڭتۇڭ ترۇمەننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكى، ترۇمەننىڭ ئاقسارايدا تۇرمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىلايىر سارىيىغا قوراللىق بېسىپ كىرمەكچى بولغانلىقى ئېنىقلاندى!

«مەن قورقۇۋاتىمەن، بەك قورقۇۋاتىمەن! ···» ترۇمەن توختىماي جۆيلۈيتتى، ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان قاباھەتلىك چۈشلەر ئۇنىڭ نېرۋىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆپكە كېسىلى ياخشىلانماي تۇرۇپلا، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى كونترول قىلال-ماس ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۇ كۆپ مىقداردا قان تۈكۈردى. ئايالى بىلەن قىزى چۆچۈگىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ھەمدە ئاجىزلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ترۇمەننى «مۇستەقىللىق شەھىرى» دىكى مارىئا دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئې-لىپ باردى.

ترۇمەن دوختۇرخانىدا ياتقاندىن كېيىنمۇ توختىماي قان تۈكۈردى، پۈتۈن بەدىنى ھەرىكەتتىن قالدى. دوختۇرخانىغا كى-رىپ ئون كۈندىن كېيىن، ئۆپكىسى قاناپ كەتكەچكە، دوختۇرلار قان بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. 1972 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ترۇمەن ھوشىدىن كەتتى، دوختۇرلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئىنتا-يىن خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى، ئۆپكىسى قاناش تۈپەيلىدىن يۈرەك ۋە بۆرەك قىسمىنىڭ ئېغىر زەخىمگە ئۇچرىغان-لىقىنى بايقىدى. شۇ كۈنى كەچتە، ترۇمەننىڭ ئاجىز يۈرىكى ئاخىر سوقۇشتىن توختىدى.

ئاقساراي ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا قايغۇلۇق مۇسىبەت خەۋە-رى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگى-لىدە ئوينىغان ھالقىلىق رولىغا يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى ٢٠ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىچىلەرنىڭ بىرى دەپ تەرىپ-لىدى.

ئاقساراي ترومىننى ئالاھىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇزاتتى، ئۇنىڭ مېيىتى «مۇستەقىللىق شەھىرى» دىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى.

ترومىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، «مۇستەقىللىق شەھىرى» نىڭ شىمالىي دېلاۋار كوچىسىدىكى كونا تۇرالغۇسى «ترومىن خاتىرە سارىيى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، شەھەر مەركىزىدىكى جايلاشقان «ترومىن كۇتۇپخانىسى» بىلەن بىر قاتاردا مىسسۇرى شتاتىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇرىدىغان جايغا ئايلاندى.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى داڭلىق گېنېرال

## — ئوتتۇز ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ دۋايت دەۋىد ئېيسېنخوۋېر



دۋايت دەۋىد ئېيسېنخوۋېر 1890 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېكساس شتاتىدىكى دېنسون را- يونىدا تۇغۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئا- ئىلىسى كانزاس شتاتىدىكى ئابىلېن شەھىرىگە كۆچۈپ بارغان، ئۆسمۈر ئېيسېنخوۋېر پۇتبول، پەي توپ قاتار- لىق تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان؛

1911 ـ يىلى ۋېست ـ پوئېنت ھەربىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، تۆت يىلدىن كېيىن تېكساس شتاتى- نىڭ سان ـ ئانتونى رايونىدىكى ئون توققۇزىنچى پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە پودپو- روچىكى بولغان؛ 1925 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇرۇش سەنئىتى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ بىلىم ئاشۇرغان؛ 1926 ـ يىلى ئوفىتسېرلار ھەربىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان؛ 1928 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىغا كىرىپ، داۋاملىق بىلىم ئاشۇرغان؛

1922 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ھەربىي

مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن، 1923 - يىلى پانامادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا قوشۇنىدا شتاب ئوفىتسېرى بولغان. كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقى ياردەمچىسى بولغان؛

1935 - يىلى فىلىپپىننىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولغان؛ 1939 - يىلدىن باشلاپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۈچىنچى دىۋىزىيىسىدە پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرى ۋە پولكوۋنىك دەرىجىلىك شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛ 1940 - يىلدىن باشلاپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابى ھەربىي ئىشلارنى پىلانلاش ئىدارىسى ۋە ئۇرۇش قىلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛

1942 - يىل 6 - ئايدا، ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان، شۇ يىلى 11 - ئايدىن ئېتىبارەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قىسمىنىڭ باش قوماندانى، ئالىي قوماندانى بولغان ھەمدە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقا، سىتسىلىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىق جايلاردىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان، قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال لېيتېنانت ھەربىي ئۇنۋانىنى ئالغان؛

1944 - يىلى مەشھۇر نورماندىيە ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، نامى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان، ئۇرۇشتىن كېيىن بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرال پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگەن؛

1945 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «غالىبىيەت» ئوردېنىغا ئېرىشكەن؛ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ئىشغالىيەتچى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن؛ شۇ يىلى 11 - ئايدا دۆلىتىگە قايتىپ، ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى بولغان؛

1948 - يىلى ھەربىيلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەم قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولغان؛

1950 - يىلى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى قوراللىق قىسمىنىڭ ئالىي قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1953 - يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان، ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەربىي تەييارلىقنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن؛ 1953 - يىلى

«چاۋشيەندە ئۇرۇش نوختىتىش كېلىشىمى» نى ئىمزالىغان؛ 1954 ـ يىلى گۋاتېمالاغا ھەربىي ئىنغۋاگەرچىلىك قىلغان؛ 1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرى ئوتتۇرا شەرق رايونى ۋە لېۋان، ئىئوردانىيىگە ھەربىي ھۇجۇم قوزغىغان؛
1961 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، كانزاس شتاتىنىڭ ئابلېن شەھىرىگە يېقىن جايدىكى يۇرتى گىتتېسبۇرگ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ بېرىپ، باش چۆكۈرۈپ ئەسلىمە يازغان؛
1969 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەتمىش سەككىز يېشىدا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## «ئەسلىمە» يېزىش ئۇنى مىليونېرغا ئايلاندۇرۇۋەتتى

ئېيسېنخوۋېر خۇشال ھالدا پالاقنى كۆتۈرۈپ، ئاپئاق پەي توپنى يېنىككىنە ئۇرۇپ، ئاسمانغا كۆكلىتىۋەتتى. توپنىڭ ئۇدۇل چىملىققا چۈشكىنىگە قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى.
— دادا، بۈگۈن كەيپىياتىڭىز بەك ياخشى، توپنىمۇ شۇنداق ياخشى ئۇرۇۋاتىسىز! — دېدى ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى جون چىملىقنىڭ ئۇ بېشىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ. ئېيسېنخوۋېرنىڭ 1961 ـ يىل باھاردا ئۆزى سەككىز يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئاقسارايدىن ئايرىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۈگۈنكىدەك كۆڭۈللۈك ئويناپ باقمىغىنىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.
بۇ 1965 ـ يىل يازنىڭ ئىككىنچى ئېيى ئىدى. ئېيسېنخوۋېر بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن كانزاس شتاتىغا يېقىن جايدىكى گېتتىسبورگ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پەي توپ مەيدانى قۇياش نۇرىدا تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇسكە كىرگەنىدى. ياپيېشىل چىملىق، ئاپئاق سېتكا، توپ مەيدانىنىڭ نېرىقى چېتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ياۋروپا پاسونىدىكى سېرىق بىنا، بىنانىڭ كەينىدىكى بۈككىدە قارىغايزارلىق سەھراغا خاس جەزبىدار بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

ئېيسېنخوۋېر كۈن نۇرىدا پالاقنى كۆتۈرگىنىچە تىك تۇراتتى، ئارتۇقچە ھەرىكەت قىلىپ كەتكەنلىكتىن، پېشانىسىدە مونچاق - مونچاق تەرلەر پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ماختىشىغا جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:

— توغرا دەيسەن، جون، يۇرتۇمغا قايتىپ ئاددىي پۇقرالىق تۇرمۇشۇمنى باشلىغىنىمغا بەش يىل بولاي دەپ قاپتۇ، پۇقرانىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىقى بولىدىغانلىقىنى مانا بۈگۈن ھېس قىلدىم. ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چېغىمدا گېپىمنى ھېچكىم يىرالمايدىغان چوڭ ھوقۇقدار بولساممۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇلدار ئادەم بولۇپ قالىدىغىنىمنى ئويلىمايتىكەنمەن! ھا، ھا، مەن دېگەن ھازىر مىليونېر!

دادىسىنىڭ خۇشال تۇرقىنى كۆرگەن جون ئۇنىڭ ئارتۇقچە چارچاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى ھەمدە ئۇنى مەيداننىڭ چېتىدىكى توقۇما ئورۇندۇقتا بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىشقا ئۈندىدى. چۈنكى، ئېيسېنخوۋېرنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئېشىپ قالغان، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولۇپ، تېنىنىڭ بارغانسېرى ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى جون ئوبدان بىلەتتى.

— ياقەي، دەم ئالمىساممۇ بولىدۇ! مەن بەك خۇشال، شۇڭا، يەنە ئازراق ئوينىغۇم بار!

كىچىكىدىنلا ھەر خىل توپ تۇرلىرىگە قىزىقىپ چوڭ بولغان ئېيسېنخوۋېر ئوغلى جوننىڭ تەۋسىيىسىگە قەتئىي قۇلاق سالمىدى. ئەينى يىلى، ئۇ ئايالى مامىيى دوۋد بىلەن يالغۇز ئوغلى جوننى ئېلىپ، ۋاشىنگتوندىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن، ھوقۇقتىن ئايرىلغىنىغا بىر مەزگىل كۆنەلمەي، جىمغۇرلىشىپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى ئۇ ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چېغىدا، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېسىل مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، كۈن بويى ئەمەلدارلار سورۇنىدا يۈرەتتى، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسە، تېخىمۇ شان - شەرەپ تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى.

چۈنكى، ئۇ كىچىكىدىلا ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ۋېست ـ پوئېنت ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈچىسىغا ھەربىي فورما كىيگەندىن كېيىنكى يىگىرمە يىللىق ھەربىيلىك ھاياتىدا نۇرغۇن خېيىمخەتەرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، تۇرلۇك مۇشكۇلاتلار ئارىسىدا تاۋلىنىپ، ئاخىر دۇنياغا مەشھۇر ھەربىي قوماندانغا ئايلانغانىدى. ئۇ ئەزەلدىنلا دەبدەبىلىك سورۇنلارغا ئامراق بولۇپ، ئۆزىنى ئاۋامنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاشقا مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەم دەپ ھېسابلايتتى، ھېچكىم «ۋاي» دېمەيدىغان جىمجىت، زېرىكىشلىك مۇھىتنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا، ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ھەربىر كۈن ئۇنىڭغا بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

— ئېكېر، ئۇنداق شۈكلىشىپ كەتمەڭ، سىز بۇرۇنقىدەكلا جەسۇرانە ياشىشىڭىز كېرەك!

ئېيسېنخوۋېر بىئاراملىقتا ئۆتۈۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، ئايالى مامىي ئۇنىڭغا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. كاتتا سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئېسىلزادە خانىم ئەينى چاغدا تېخى ھېچقانداق نام ـ ئەمىلى يوق، ئېگىز بوي، كېلىشكەن ئېيسېنخوۋېرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە چوقۇم چوڭ ئىشلارنى باشقا ئاچالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. 1913 ـ يىلى ئېيسېنخوۋېر ۋېست ـ پوئېنت ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئوقۇغۇچىسى ئىدى. بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە گۈزەل مامىي خېنىم ئېيسېنخوۋېر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مامىي ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئەينى چاغدا، ئاتا ـ ئانىسى «ھەربىي دېگەننىڭ ھېچقانداق ئىستىقبالى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن» دەپ ئويلىغاچقا، ئۇنىڭ ئېيسېنخوۋېر بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلمىغانىدى. بىراق، ئۆزىگە خاس قاراشقا ئىگە مامىي خانىقىز ئېيسېنخوۋېر بىلەن توي قىلد-

مەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. دەرۋەقە، ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىد-
دەك بولدى، ئېيسېنخوۋېر ئارمىيە ئىچىدە ناھايىتى تېزلا كۆزگە
كۆرۈنۈپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ
مەشھۇر گېنېراللىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇگۇنكى كۇندە، ئېي-
سېنخوۋېر كىشىلىك ھاياتىدىكى شانلىق پەللىدىن بىراقلا پەسكە
چۈشۈپ، يۇرتىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا مىجەزى غەلىتە دېھقاند-
لار بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقان، كۆڭلىنى غەشلىك قاپلىۋالغان پەيت-
تە، مامىي يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتاتتى.

— ئەسلىمە يازسىڭىز بولامدۇ؟ سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ
ئۆزىلا كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان ھەم قىزىقىدىغان بىر كىتاب
ئەمەسمۇ؟

ئېيسېنخوۋېرنىڭ ئۆزىگە تازا ئىشەنچى بولمىغاچقا، ئىككى-
لەنگەن ھالدا:

— مەن دېگەن ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان ئادەم، ئەزەل-
دىن قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ باققىنىم يوق! يەنە كېلىپ، ھازىر
ئادەتتىكى بىر پۇقرا بولۇپ قالدىم، مەن ئۆز ھاياتىمنى كىتاب
قىلىپ يېزىپ چىققىنىم بىلەنمۇ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئوقۇشى
ناتايىن! — دېدى.

مامىي خانىم ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى رەت قىلدى:

— ياق، سىز تەختتىن چۈشۈپ كەتكىنىڭىز بىلەنمۇ، مې-
نىڭچە، ئامېرىكا خەلقى سىزنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇلارنىڭ
قەلبىدە سىز ھېلىھەم بىر قەھرىمان! ئەگەر كىتابىڭىز نەشر
قىلىنسا، كىشىلەر چوقۇم قىزىقىپ ئوقۇيدۇ! — دېدى.

ئېيسېنخوۋېر ئۆز ئەسلىمىسىنىڭ بازار تېپىش - تاپالماس-
لىقىغا يەنىلا ئىشەنچ قىلالماي تۇرغان چېغىدا، ئۇنىڭ يالغۇز
ئوغلى جونمۇ ئاپىسىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى:

— دادام راستىنلا ئەسلىمە يازماقچى بولسا، مانا مەن
ياردەمچى بولۇشقا تەييار! دادام ياشىنىپ قالغاچقا، ئېغىزىدا بايان

قىلىپ بەرسىلا بولدى، قەلەمنى مەن تەۋرىتىمەن!
ئېيسېنخوۋېر نائىلاج مامىيېنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. 1961 - يىل كۈزدىن باشلاپ، ئۇ ياپپېشىل چىملىقنىڭ يېنىدىكى بۇ داچىسىدا ئوغلى بىلەن بىللە ئەسلىمە يېزىشقا كىرىشتى. كۆڭلى غەش ئېيسېنخوۋېر بۇ كىتابنى كېيىنچە بازار تېپىپ قالار دەپ ئەمەس، بەلكى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېزىۋاتاتتى. شۇ باھانىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى.
يېزىقچىلىق سىجىل داۋاملاشتى. ئېيسېنخوۋېر ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئوغلى جونغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. جون ماشىنكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر ئېغىز گەپنى يېزىقتا ئايلاندۇراتتى. چۈشلۈكى، ئېيسېنخوۋېر قېنىپ بىر ئۇخلىۋالاتتى، ئاندىن، ھۇجرىسىدىكى كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە، ئەتىسى ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىدىغان ئىشلارنى بىر قۇر ئويلاپ چىقاتتى. ئۇ بەش يىلنى ئەنە شۇنداق ئەسلىمىلەر ئىچىدە ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۆزىنى تۇرۇپلا ئۆسمۈرلۈك دەۋرگە قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. تېكساس شتاتىدىكى دېنسون شەھىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى توي قىلغان كونا ئۆي بار ئىدى. ئېيسېنخوۋېردا بەكرەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى يەنىلا تېكساس شتاتىدىكى ھەربىي گازارما ئىدى. ئېيسېنخوۋېر ۋېست - پوئېنت ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپ شۇ يەردە تۇرغان، شۇ يەردە قۇرۇقلۇق ئارمىيە پراپورچىكلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، ۋاپادار ئايالى مامىي گېلىلىۋا دوۋد بىلەنمۇ شۇ يەردە تونۇشۇپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قېلىشقانىدى. ئېيسېنخوۋېر بۇرۇنقى ئىشلارنى يادىغا ئالسىلا، ئۆزىنىڭ مامىي بىلەن بولغان دەسلەپكى مۇھەببەتلىك كۈنلىرى

ۋە يېڭى توي قىلغان چاغلىرىنى ھاياجان بىلەن ئەسلەيتتى. ئىككىسىنىڭ تۇنجى بالىسىمۇ دەل شۇ يەردە ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ھازىر شۇ ۋاقىتنى ئويلىسىلا، ئېيسېنخوۋېرنىڭ كۆزلىرىگە يىغا ئولىشاتتى. ھېلىمۇ تەلىيىگە، مامىي كېيىن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەقىللىق بىر ئوغۇل — جوننى تۇغۇپ بەرگەندى!

تۆت قىشتىن كېيىن، ئېيسېنخوۋېرنىڭ «ئەسلىمە» سى ئاخىر نيۇيوركتا نەشردىن چىقتى! تۇنجى نەشرىلا ئۈچ يۈز مىڭ پارچە تارقىتىلدى، تەختتىن چۈشكىنىگە بەش يىل بولغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ «ئەسلىمە» سىنىڭ بۇنداق بازىرى ئىتتىك كىتاب بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغانىدى! ھېلىقى نەشرىيات سودىگىرى تېخىمۇ كۆپرەك پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي يەنە نەچچە يۈز مىڭ پارچىنى ئارتۇق باستۇرۇۋېدى، ئۇمۇ تېزلا سېتىلىپ بولدى. ئېيسېنخوۋېرنىڭ بۇ ئەسلىمىسى ھەقىقەتەنمۇ زور تەسىر قوزغىغانىدى. ئۇ نەشر قىلىنىشى بىلەنلا، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئېيسېنخوۋېر قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى. تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىل تىپتىنچ يۈرۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشكە تاسلا قالغان ئېيسېنخوۋېر تۇساتتىنلا يەنە كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك خۇشال قىلغىنى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم داڭلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالغىنى بولماستىن، بەلكى «ئەسلىمە» سىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بازار تېپىپ، ئەسلىدىكى توختام بويىچە نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشكەنلىكى بولدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا، ئۇ ئۈچ مىليون دوللاردىن ئارتۇق قەلەم ھەققىگە ئېرىشتى! ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى! شۇڭا خۇشاللىقىدا چارچاپ كېتىشىگە قارىماي، ئوغلى جون بىلەن پەي توپ ئويناپ كەتكەنىدى.

— جون، مەن بۈگۈنكىدەك خۇش بولۇپ باقمىغان، مېنى ئارامخۇدا ئويىنىغىلى قوي!

ئېيسېنخوۋېر ئوغلىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى بىر سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە ناھايىتى روھلۇق ھالدا پالاقنى كۆتۈرۈپ، قولىدىكى توپنى ئۇدۇلىغا قارىتىپ ئۇردى. كىم بىلسۇن، ئۇ توپنى ئۇرۇپ بولۇشىغىلا يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى ھەمدە «ۋايجان» دېگىنىچە چىملىققا يىقىلدى!

ئۇ ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، يۈرەك كېسەللى يەنە قوزغىلىپ قالغانىدى!

## ئۇ ئون يىل ئىلگىرى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى

يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئاق رەڭلىك بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى گېتتىسبورگ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى داچىدىن غۇيۇلداپ چىققىنىچە يېقىن ئەتراپتىكى بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

رېدېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسى دەرھال بىر داۋالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەختتىن چۈشكىنىگە خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئامېرىكىدا يەنىلا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بۇ ئالاھىدە كېسەلگە قارىتا جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. ئېيسېنخوۋېر يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشى سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي بىھوش ھالەتتە ياتاتتى. ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى بۇ داڭلىق بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرال ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپلا ئىنتايىن ساغلام ئىدى. مەيلى دۆلەت ئىچى مۇداپىئەسىدە بولسۇن، ياكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قانلىق ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بولسۇن، ئۇ ھېچقانداق خەتەرگە باش ئېگىپ باقمى-

غان ھەم ھېچقانداق كېسەلگە گىرىپتار بولمىغانىدى. شۇڭا يېشى ئاتمىشتىن ئاشقاندا زۇڭتۇڭ بولغان بولسىمۇ يەنىلا ناھايىتى ساغلام تۇرغانىدى. ئۇ ئورۇق بولسىمۇ، كېسەلدىن يىراق ئىدى. 1955 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، ئۇ ئايالى مامىيې خانىم بىلەن بىللە «زۇڭتۇڭ — 1» ناملىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان تېكساس شتاتىدىكى دېنسون شەھىرىگە دەم ئالغىلى كەلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ قېرىنداش ـ قېرىنداشلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئەينى چاغدا مۇشۇ يەردە ئەسكەرلىك ھاياتىنى باشلىغان ھەم ئايالى مامىيې خانىم بىلەنمۇ مۇشۇ يەردە تونۇشۇپ مۇھەببەتلەشكەنىدى. شۇڭا، ئۇ داۋىد لاگېرىغا بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، مۇشۇ شەھەرنى ئۆزىنىڭ دەم ئالىدىغان جايى قىلىپ تاللىغانىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ يەردە كۆڭۈللۈك دەم ئالارمەن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن كىم بىلسۇن، ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا ئاغرىپ قالدى. يەنە كېلىپ، ئۆزى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان كېسەل — يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قالدى!

كۈزنىڭ سالقىن بىر كۈنى ئىدى. چاۋشيەن ئۇرۇشىنى تېخى يېقىندىلا ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاسىيا قىتئەسىدىكى تۇگىمەس باش ئاغرىقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان ئېيسېنخوۋېر ئاران دېگەندە ئارامخۇدا دەم ئالىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشتى. ئەتە ئاقسارايغا قايتىمىز دېگەن كۈنى، ئۇ مامىيې خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا قېيناتىسىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى تاغقا ياندىش چىملىقتا يەتتە سائەت گولف توپ ئوينىدى، كېچىكىدىنلا تەنتەربىيىگە ھېرىسمەن ئېيسېنخوۋېر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىمۇ، ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىنمۇ بۇنداق ئويناش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ دېنسون شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بۇ داچىدا ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدى، قۇياش غەربكە پاتقان چاغدىلا، ئايالى ئۇنى ئويۇندىن توختاتتى. ئېيسېنخوۋېر كەچلىك تاماقتىن كې-

يىنلا ئۆخلىدى، ئۇ يېتىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا، كارىۋىتىدا ئازابلىق ئىڭراپ كەتتى.

— ئېكېر، نېمە بولدىڭىز؟ — مامىيېنىڭ نەزىرىدە ئېيسېنخوۋېر پولاتتەك چىڭ ۋە كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئايالى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەڭ قاباھەتلىك كۈنلەردىمۇ، ئېرىنىڭ ۋايىسىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە ئۇ دېنسوندىكى قېيناتىسىنىڭ ئۆيىدە يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقتىن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ۋايساپ ياتاتتى. ئۇ شۇ زامان دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى.

دوختۇرلار ئېيسېنخوۋېرنىڭ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ئېنىقلاپ چىقتى! ئاقسارايىنىڭ دوختۇرلىرى دەرھال ئايروپىلان بىلەن دېنسونغا يېتىپ كەلدى ھەمدە يەرلىك دوختۇرلار بىلەن بىرلىشىپ «زۇڭتۇڭنى داۋالاش گۇرۇپپىسى» بولۇپ تەشكىللەندى. ئۇلار شۇ چاغدىكى ئەڭ ئىلغار ھېسابلىنىدىغان داۋالاش ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلىتىپ، زۇڭتۇڭنىڭ كېسىلىنى تەكشۈردى ھەمدە «ئېيسېنخوۋېرنىڭ بەدەن ساپاسى ياخشى بولسىمۇ، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم يەتتە سائەت گولف توپ ئوينىغاندىن كېيىنكى ھارغىنلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئارتۇقچە چارچاپ ھەم ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، يۈرەك كېسىلى قوزغالغان» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ئۇلار زۇڭتۇڭنىڭ يۈرىكىنى ئوپېراتسىيە قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېرىنىڭ بەدىنىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، مامىي خانىممۇ داۋالاش گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىغا قويغان ئوپېراتسىيە لايىھىسىگە قوشۇلدى.

ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئېيسېنخوۋېر ناركوز دورىسىنىڭ تەسىرى تۈگەپ ئاستا – ئاستا ھوشىغا كەلگەن چاغدا، مامىي خانىم ئۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر دەستە ئەتىرگۈلنى كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى – دە، مۇنداق دېدى:

— ئېكېر، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئەمدى يۈز بەرمەيدۇ، چۈنكى، يۈرەك كېسەللىكىڭىز پۈتۈنلەي ساقايدى! سىز ئەمدى مەڭگۈ ساغلام يۈرىسىز!

ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان ھال سوراش تېلېگراممىسى ۋە خەت - چەكلەرنى ئېرىگە ئەكېلىپ بەردى. بۇلار دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە سىياسەتچىلەردىن كەلگەن ھال سوراش تېلېگراممىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پۇقرالار ئەۋەتكەن ھال سوراش خەتلىرىمۇ بار ئىدى. ئېيسېنخوۋېر ئۆزىنىڭ كېسەللىنىڭ ئامېرىكا خەلقىنى، شۇنداقلا دۇنيادىكى شۇنچىۋالا كۆپ دۆلەت باشلىقلىرىنى چۆچۈتۈۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغاچقا، ئايالى خەت ۋە تېلېگراممىلارنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ بەرگەن چېغىدا تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ تاشلىدى ھەمدە:

— مامىي، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندە، ئادەم باشقىچە ھېسسىياتتا بولۇپ قالىدىكەن! — دېدى.

بىر يېرىم ئايلىق داۋالاش مۇددىتى ئاياغلىشىپ ئېيسېنخوۋېر ئايالى بىلەن «زۇڭتۇڭ — 1» ناملىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، دېنسوندىن ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا، نەچچە مىڭلىغان ئاممىنىڭ ئايروپورتتىن ئاقسارايغىچە بولغان يول بويىغا ئۆزلۈكىدىن توپلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچقاندەك كېتىۋاتقان ئۈستى ئوچۇق پىكاپىغا قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا ئۆزىگە قىزغىن ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىنى ئۇ مەڭگۈ ئۇنتۇمايتتى!

ئاقسارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئالدىراش خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ، 1956 - يىلىنىڭ قىش پەسلى كىرىشىگىلا، تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتى گويا بىر ئېگىز تاغدەك ئۇنىڭغا قاراپ قىستاپ كەلدى. ئېيسېنخوۋېر قورقۇنچلۇق يۈرەك كېسەللىگە گىرىپتار

بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە بىر قېتىم مەيدانغا چۈشۈشى، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى!

— ياق، بولمايدۇ ئېكېر. بۇرۇنقىدەك ئۇيان - بۇيان چې-چىپ يۈرۈشىڭىزگە يۈرىكىڭىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ! — دېدى مامىي خانىم يىغلامسىرىغان ھالدا. ئۇ ئېرىنىڭ ساق - سالامەت تۇرۇشىنى ئۇنىڭ داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولۇشىدىنمۇ مۇھىم دەپ بىلگەچكە، ئېيسېنخوۋېر سەييارە نۇتۇق سۆزلەش سەپىرىنى باش-لاي دەپ تۇرغاندا، ئۇ قەتئىي قوشۇلماي قويدى.

ئېيسېنخوۋېرئۆزىنى يانار تاغنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىن ئەنسىرەيتتىيۇ، ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئېسىل پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قو-يۇشنىمۇ خالىمايتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى «زۇڭتۇڭنى داۋالاش گۇرۇپپىسى» نىڭ قارارىغا تاپ-شۇردى. داۋالاش گۇرۇپپىسى ئېيسېنخوۋېرنىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ئاخىرىدا: زۇڭتۇڭنىڭ يۈرىكىدە ھازىر ھېچقانداق چاتاق يوق ئىكەن، ئۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلى-رىغا بارسا بولۇۋەرگۇدەك دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

ئېيسېنخوۋېر 11 - ئاينىڭ سوغۇق بىر كۈنىدە ۋاشىنگتون-دىن يولغا چىقىپ، كالىفورنىيە، ئوخىئو، ھەتتا نيۇيورك شتات-لىرىغىچە باردى، يېرىم ئايغا يېقىن سەييارە نۇتۇق سۆزلەش داۋامىدا ئاممىنىڭ رايىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە تارتتى. قايتا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان بۇ پېشقەدەم گېنېرال تەسىر كۈچى خېلى-لا زور بولغان سايلام رىقابەتچىسى ستېۋېنسوننى مەغلۇپ قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆز سالامەتلىكىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ياخشى ئىكەنلى-كىنىمۇ ئىسپاتلىدى! ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى دوختۇرلارنىڭ ئەس-تايىدىل داۋالىشى نەتىجىسىدە قايتا قوزغالمايدىغان ھالەتكە يەتكە-نىدى. 1955 - يىلىدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ يۈرەك

كېيىنلى راستتىنلا قايتا قوزغىلىپ باقمىدى. لېكىن، 1965 ـ يىل يازدا، ئۇ «ئەسلىمە» سىنىڭ نەشرىدىن چىقىشى بىلەن نەچچە مىليون دوللار قەلەم ھەققىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە خۇش بولۇپ كەتكەچكە، پەي توپ ئويناۋاتقاندا يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ كەتتى، بۇ — ئېيسېنخوۋېر ئويلاپ باقمىغان ئاقىۋەت ئىدى.

رىدېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسى ئېيسېنخوۋېرنىڭ كېسىلىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ئەڭ ئىلغار شارائىتلارنى ھازىرلاپ، ئۇنى داۋالىدى. دوختۇرلار جىددىي ھەم ئەتراپلىق قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئېيسېنخوۋېر ئون يىل بۇرۇنقى ئېيسېنخوۋېر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، تېنى ھەددىدىن زىيادە ئاجىزلاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قېتىمقى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىشى تۇيۇقسىزلىقتىن ئون يىل بۇرۇنقى يارا ئېغىزى يېرىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنى داۋالاش ھەرگىزمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى.

ئۇ رىدېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا يېرىم يىل ياتتى. دوختۇرلار يەنە بىر قېتىم يۈرەك ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ كۈن بويى كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. كارىۋاتتا ئۇزاق ياتقاچقا، بەدىنى يارا بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈنسايىن ئورۇقلاپ، قاقشالدەك بولۇپ كېتىۋاتقان بەدىنىگە قاراپ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

— ئېكېر، قورقماڭ، ئىشىنىمەنكى، بۇ ۋاقىتلىق ئازاب، چىشىڭىزنى چىشلەپ، داۋاملىق بەرداشلىق بېرىۋەتسىڭىزلا، تېز ساقىيىپ كېتىسىز! — دەيتتى مامىي خانىم ھەر كۈنى ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇ ئون يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ھالىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ تەسەللىسى ئېيـ-سېنخوۋېرغا بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەتتى. دەل مۇشۇ ئېيسېنخو-ۋېر ئەينى يىلى دېنسوندا كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ

قالغان چاغدا، كۈچلۈك بىر داۋالاش گۇرۇپپىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان ھەم ئۇنى داۋالىغان؛ قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تولغان ھەر خىل ھال سوراش تېلېگراممىلىرى ۋە خەتلەر ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدىن، ھەتتا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كۈندە دېگۈدەك ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنى يەرلىك ئەمەلدارلار كۆتۈرۈپ كىرگەن ھەر خىل رەڭدار گۈللەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ھازىر ئۇنداق بولمىدى، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا رەڭدار گۈللەر ۋە ھال سوراش تېلېگراممىلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئېيسېنخوۋېر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى غەش بولغان ھالدا ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى.

مامىي خانىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك تەسەللى بەردى:

— ئېكىر، بۇرۇنقى ئۇ ئەرزىمەس ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمەڭ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتتا مەڭگۈ يۇكسەك پەللىدە تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ھوقۇقى بارغا ئەسسالام، ھوقۇقى يوققا ۋەسسالام دېگەن گەپ بارغۇ. نومۇسنى بىلمەيدىغان خۇشامەتچىلەردىن مەن بەكلا بىزار بولۇپ كەتكەنمەن. ئۇلارنىڭ يالغان ھىجىيىشلىرىنى پەقەتلا كۆرگۈم يوق. ياغلىما گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغۇم يوق! سىز خاتىرجەم داۋالانسىڭىزلا چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز!

ئېيسېنخوۋېرنىڭ كۆڭلى غەش بولسىمۇ، ئايالىغا مەدەت بېرىپ مۇنداق دېدى:

— مامىي، سىزمۇ مېنىڭ جىمىپ كەتكىنىمگە قاراپ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. ھوقۇقنىڭ ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى مەن ئەمدى ھېس قىلدىم. بۇرۇن شۇنچىۋالا ئادەم ئەتراپىمنى چۆرگىلەپ يۈرسە، ئۆزۈمدە باشقىلارنى چوقۇن-

دۇرغۇدەك ئالاھىدە سېھرىي كۈچ بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمەن. ئەسلىدە ئۇلارنى ئۇسسۇلغا سالغىنى قولۇمدىكى ھوقۇق ئىكەن ئەمەسمۇ!

مامىي ھەممىنى چۈشەنگەن ئېرىگە چۆچۈگەن ھالدا قاراپ قويدى ھەمدە غەزەپ بىلەن:

— ھوقۇق بەك رەزىل نەرسە ئىكەن! — دەپ پىچىرلىدى.

ئېيسېنخوۋېرمۇ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلغاندەك قىلىپ قوشۇپ قويدى:

— ھوقۇق بەئەينى بىر ئالۋاستى ئىكەن! ئۇ ئۆزىنى ئىلكىگە ئالغان ئادەمنى بىر كېچىدىلا تەڭداشسىز ئىلاھقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىكەن، ئۆزىدىن مەھرۇم بولغان ئادەمنى تۇيۇقسىزلا تېگى يوق ھاڭغا تاشلىۋېتەلەيدىكەن! ھېلىمۇ مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ-تىمەن، بولمىسا، خۇدۇمنى بىلەلمەي يۈرەر ئىكەنمەن. ھازىر كۆڭلۈمنى غەش قىلىۋاتقىنى شۇكى، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ھوقۇق دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئىنتىلىپ، شاپاشلاپ يۈرۈۋاتىدۇ! ئۇلار نېمىدېگەن بىچارە!

## «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئۇنىڭ سۈرىتىنى باستى

1967 - يىل قىشتا، ئېيسېنخوۋېر ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتى گېتتىسبۇرگ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قارلىق ئورمان بىلەن قاپلانغان كىچىك داچىسىغا قايتىپ كەلدى.

«پۇل يەنىلا ھوقۇققا ئوخشاشمايدىكەن!» كېسەل سەۋەبىدىن ئۇزۇن مەزگىل يېتىپ قالغان ئېيسېنخوۋېر ئىلگىرىكىدىنمۇ ئورۇقلاپ، جۈدەپلا كەتكەنىدى. يەنە بىر قېتىملىق يۈرەك ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن، ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسى ئۇنىڭ شامدەك پىلدىرلاپ قالغان جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسى-

مۇ، يېشى يەتمىشتىن ئاشقان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ بوۋاي داچىنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ماي بوياق رەسىمىنىڭ ئالدىغا كەلسىلا، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ كېتەتتى. بۇ ماي بوياق رەسىمى ئۇ ئاقسارايدىكى ۋاقتىدا ئىتالىيىلىك داڭلىق رەسسام كالدىنىنغا سىزدۇرغانىدى. ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى يالتىراپ تۇرغان بەش تال يۇلتۇز ئۇنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئېيسېنخوۋېر ھەر قېتىم بىنانىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي فورما بىلەن قىلىچ ئېسىپ تۇرغان مۇشۇ رەسىمنى كۆرسىلا، بۇرۇنقى دەبدەبىلىك كۈنلىرىنى يادىغا ئالاتتى. ئىككىلا قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇرۇش داۋامىدىكى قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر تۆھپە بولۇپ قالغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇ گەرچە بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە پودپولكوۋنىكى بولسىمۇ، گېنېرال ماك ئارتۇرنىڭ شتاب ئوفىتسېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇرۇشتا ئاجايىپ رول ئوينىغان؛ ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىلىرى ماك ئارتۇرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، نۇرغۇن تەكلىپلىرى ئۇرۇش داۋامىدا ئىشلىتىلگەن؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇ ئۆز تالانتىنى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە نامايان قىلغانىدى.

ئېيسېنخوۋېر ئۇدا ئېلىپ بېرىلغان ئاشۇ بىر قاتار ئۇرۇشلارنى پات - پات ئەسلەپ قالاتتى. ئۇ 1942 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سەھەر ۋاقتى بولۇپ، ئۇ يېڭى تىپتىكى بىر ئۇرۇش ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، لوندونغا قاراپ ئۇچقانىدى. شۇ چاغدا ئۇ زۇڭتۇڭ روزېۋېلتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياۋروپا ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن، شۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىلا، ئۇ قاتتىق باش قاتۇرۇپ تۈزگەن «ياۋروپا ئۇرۇشى پىلانى» روزېۋېلت بىلەن ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىلغا بەكلا ياراپ

كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ئېيسېنخوۋېر
ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ياۋروپاغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇ تۈزۈكرەك نامىمۇ
چىقىرالمىغانىدى. ئەنگلىيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى
تېزلا دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان گېنېرالغا ئايلاندى، چېر-
چىلمۇ ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. 11 - ئاينىڭ باشلى-
رىدا، لوندوندا، پات ئارىدا باشلىنىدىغان مۇھىم ئۇرۇش —
شىمالىي ئافرىقىغا توپلانغان گېرمانىيە ناتسىستلىرىنىڭ ئاساسىي
كۈچىنى تارمار قىلىپ، ئىتالىيە بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىنى
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىش پىلانى توغرىسىدا چېر-
چىل بىلەن بىرلىككە كېلىۋاتقان ئېيسېنخوۋېر بىروتودىكى قومان-
دانلىق شتابىغا بارىدىغان ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئامې-
رىكىدا تۇرۇۋاتقان ئايالى مامىيېغا بىر پارچە ۋىدالىشىش خېتى
ئەۋەتتى. خېتىدە ئۇ قەسەم بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «يېشىم
ئەللىكتىن ئېشىپ قالدى، بىر ئادەم ئەللىك ياشقا كىرگۈچىمۇ
ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسا، بىكار ياشىغان بولىدۇ.
شۇڭا، مەن بۇ قېتىم دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەيدان
ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم! مۇبادا، شىمالىي
ئافرىقىدا غەلىبىگە ئېرىشەلمەي قالسام، ئاشۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ
كېتىشكە رازىمەن! ...»

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئېيسېنخوۋېرنىڭ گېرمانىيە قو-
شۇنىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەپسىلىي لايىھىسى قىرىق
بەش پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى، ئالتە يۈزدىن ئارتۇق
چوڭ - كىچىك ھەربىي كېمىنىڭ يولغا چىقىشى بىلەن رېئاللىققا
ئايلاندى. ئۇرۇش كېمىلىرى دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگى-
رىلىدى، توپ ئوقلىرى كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇۋەتتى. ئۇرۇش
تولىمۇ جاپالىق ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئېيسېنخوۋېر ئۆزىنىڭ ھەر-
بىيلىك ھاياتىدا ئۇچراتقان ئەڭ كەسكىن بىر مەيدان ئۇرۇش

بولدى. نەچچە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان ئۇرۇشتا، سان ـ ساناقسىز جەسەتلەر دېڭىزدا لەيلەپ قالدى، دېڭىز يۈزى ئادەملەر-نىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويىلىپ كەتتى! ئېيسېنخوۋېر قوماندانلىق قىلغان، ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدىكى بۇ ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇش 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى!

ئېيسېنخوۋېرنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، دەل شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، ئۇ بۈيۈك غەلىبە قازانغان ئۇرۇش مەيدانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلگەندە، شۇ چاغدىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزىۋېلت ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدا ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرال پولكوۋنىكلىق ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلدى. روزىۋېلت شۇ چاغدا چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئۇ ئېيسېنخوۋېرنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى:

«ئېكېر، سىزگە بېرىلگەن بۇ بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرال پولكوۋنىكلىق ئۇنۋانى دۆلىتىمىز ئارمىيىسىدىكى ئالىي ئۇنۋان! بۇ بىر ئالاھىدە ئۇنۋان، شۇنداقلا بىر ئالاھىدە شان ـ شەرەپ! سىز يەنە ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىغا قايتىپ بېرىڭ، چەت ئەللىك-لەر سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ يېڭىلمەس جاسارىتىنى كۆرسۇن!...»

ئېيسېنخوۋېر داۋاملىق گېتتىسبۇرگدىكى داچىسىدا داۋالانغاچ ئارام ئالدى. 1968 ـ يىلىنىڭ قىش كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى، بەدىنى تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن ئېيسېنخوۋېر ئەمدى بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكىدەك ئايالى مامىي ۋە ئوغلى جوننىڭ ھەمراھلىقىدا داچىنىڭ سىرتىدىكى چىملىقتا سەيلە قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ پەقەت كارىۋىتىدا يېتىپ، قىرو باغلاپ كەتكەن دېرىزىدىن يىراقتىكى ئورمانلىققا نەزەر سېلىپ يېتىشقىلا مەجبۇر ئىدى. بۇ يىل قىش قاتتىق سوغۇق بولدى، ئېيسېنخو-

ۋېر دېرىزىدىن چىملىقنى بېسىپ ياتقان قېلىن قار دۆۋىلىرىنى كۆرسىلا، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى يادىغا ئې- لىپ قالاتتى ھەمدە ئۇھسىنغان ھالدا ئايالىغا: «كىشىلىك ھايات- نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بەئەينى مۇشۇ سوغۇق قىشقا ئوخشاي- دىكەن. ئىللىق قۇياش نۇرىنى، ياپيېشىل چىملىقنى كۆرگىلى بولمايدىكەن!» دەپ قوياتتى.

يۈرەك كېسىلى ئىككىنچى قېتىم قوزغالغاندىن كېيىن، ئېيسېنخوۋېرنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. ئۇ ھازىر پەقەت دورىغىلا تايىنىپ ياشاۋاتاتتى، پات - پات زۇكام بولۇپ قالاتتى. گېتتىسبۇرگقا قامىلىپ ياشاۋاتقان بۇ بوۋاينى ھەممىدىن بەك ئازابلاۋاتقىنى يۇقىرىقى كېسەللەر بولماستىن، بەلكى، ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۆھپىكار بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرالغا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلى- دىكى مەشھۇر دۆلەت باشلىقىغا ھېچكىمنىڭ ۋاي دېمەيۋاتقىنى ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ رىدېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانى- سىدىن گېتتىسبۇرگتىكى داچىسىغا قايتىپ كەلگىنىگە بىر يىل- دىن ئاشقان بولسىمۇ، ھېچقانداق بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئۇنى يوقلاپ قويمىغانىدى.

«كىشىلەر مېنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ - دە! بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك، ئۇلار مەندەك بىر ئادەمنىڭ دۇنيادا تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ!» ئېيسېنخوۋېر سىياسىي ساھەدىكى- لەرنىڭ ئۆزىگە ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن بۇيان، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى كۆرسەتمەي پىنھان ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، شاۋقۇن - سۈرەنسىز بۇنداق زېرىكىشلىك تۇرمۇشقا پەقەتلا كۆ- نەلمەيۋاتاتتى، بولۇپمۇ ئۆزى بۇرۇن بىر قوللۇق ئۆستۈرگەن ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغىنىغا، سوغۇق مۇئامىلە

قىلىۋاتقىنىغا پەقەتلا چىدىيالمايۋاتاتتى. ئېيسېنخوۋېر «مېنىڭ
روھىم ۋە كىشىلىك پەزىلىتىم ھوقۇقۇمدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا
تۇرىدۇ» دەپ قارايتتى. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ
قولىدىكى ھوقۇقىدىن ئايرىلىشىغىلا، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە
بولۇپ يۈرۈشكەن ئاشۇ ئەمەلدارلار ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قىلچە
نەزەرگە ئىلماي قويدى. ئېيسېنخوۋېر كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ،
ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شان ـ شۆھرەتكە چۆمۈلگەن كۈنلىرىنى ئويلى-
سىلا، قەلبىنى بىر خىل ئاچچىق ھېسسىيات چۇلغىۋالاتتى.
بەزىدە يېنىدا ئادەم قالمىغان چاغلاردا، ئۇ ئۇدۇل چىشلىرى
چۈشۈپ كەتكەن ئاغزىنى ئاستا ئېچىپ، كۆزلىرىگە يىغا ئولاشقان
هالدا ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق،
كىشىلەر ھوقۇقنى نېمىشقا كىشىلىك ھېسسىياتتىنمۇ ئەلا بىلى-
دىغاندۇر؟ ...» دەپ پىچىرلايتتى.
مامىي خانىم ئېرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئې-
رىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ قالغانلىقىنى كۆرسىلا، ئۇنىڭغا
تەسەللى بېرەتتى:
— ئېكېر، ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلاۋەرمەڭ، ئەينى چاغدا
ئۆزىڭىز ئۆستۈرگەن گېنېرال ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىمۇ
ئويلىماڭ. ئۆزىڭىزنى بىر چۈش كۆردۈم دەپلا ھېسابلاڭ، ئۇ
رەھىمسىز كىشىلەرنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىڭ!
ئېيسېنخوۋېرنىڭ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكۈسى بول-
سىمۇ، ئۇنتۇپ كېتىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن، ئۇنىڭ مىسكىن قەلبىگە ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق بې-
غىشلاش ئۈچۈن، مامىي خانىم ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كۆچۈپ كىر-
دى. ئۇ بەزىدە قىزىقارلىق يۇمۇرلارنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق
ئېرىنى كۈلدۈرۈپ تۇراتتى. مامىي خانىم يېنىدا بولغاچقا، كې-
سەل دەردىدىن قورايدەك بولۇپ قالغان ئېيسېنخوۋېر زېرىكىش-
لىك كۈنلەردە ئانچە ـ مۇنچە تەسەللىگە ئېرىشىپ تۇردى.

ئۇ كېسەل ئازابىدا ئاشۇنداق قىينىلىپ تۇرۇپ، 1968 ـ يىلىنىڭ مىلاد بايرىمىنى كۈتتۈۋالدى. شۇ كۈنى يەنە ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى جون كۈتۈلمىگەن بىر خۇش خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ قولىدا تېخى يېقىندىلا نەشر قىلىنغان «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، ھاياجانلانغان ھالدا:

— دادا، سىزنىڭ مېنى ھەممە ئادەم ئۇنتۇپ كەتتى دېگىنىڭىز توغرا ئەمەس ئىكەن، قاراڭ، سىزنىڭ سۈرىتىڭىز «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىغا بېسىلىپتۇ، — دېدى.

— شۇنداق ئىشمۇ بوپتۇما؟ — زېرىكىشلىك ئىچىدە قىينىلىپ ياتقان ئېيسېنخوۋېر جوننىڭ يۇقىرىقى گېپىگە دەسلەپىدە ئىشەنمىدى. چۈنكى، 1961 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۇ ۋاشىنگتوندىن كېتىشىبۇرگقا قايتىپ كېلىپ پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان سەككىز يىل مابەينىدە دوختۇرلاردىن باشقا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى. ئامېرىكا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا خېلى تەسىرگە ئىگە «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئەجەبا تەختتىن چۈشكىنىگە خېلى يىللار بولغان بىر سابىق زۇڭتۇڭنىڭ سۈرىتىنى مۇقاۋىسىغا باسارمۇ؟ بۇ جوننىڭ دادامنى خۇشال قىلىمەن دەپ تاپقان ئويۇنىمۇ، قانداق؟

تازا ئىشەنچ قىلالمىغان ئېيسېنخوۋېر جوننىڭ قولىدىكى ژۇرنالنى ئېلىپ، ئالدىن مۇقاۋىدىكى ئادەمنىڭ راستىنىلا ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. بۇ ئۇنىڭ 1960 ـ يىلى ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدا مۇخبىرلار تارتىۋالغان سۈرىتى بولۇپ، سۈرەتتىكى يارىشىملىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، مەشھۇر سىياسەتچىلەرگە خاس سالاپەت بىلەن تىككىدە تۇرغان ئېيسېنخوۋېر شۇ تاپتا كارېۋاتتا ياتقان مۇنۇ ۋىجىك بوۋاي بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى! بۇ زادى قانداق ئىشتۇر؟ جون خۇشال ھالدا دادىسىغا مۇنداق دېدى:

— ھەيران قالغۇدەك نەرى بار؟ ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت ئەمەلـ
دارلىرى سىزنى كېرەك قىلمىغىنى بىلەن، ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشنى ئوبدان بىلىدىغان ئامېرىكىلىقلار سىزنى يەنىلا ئۇنتۇـ
ماپتۇ!
ئەسلىدە، «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى يىل ئاخىرىدا كىتابـ
خانلارنىڭ رايىنى سىناش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان چاغدا، تەختـ
تىن چۈشكىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغان ئېيسېنخوۋېر ئامېـ
رىكىلىقلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەربىي گېنېرال بولۇش سۈـ
پىتى بىلەن ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن، شۇڭا «دەۋر» ھەپتىـ
لىك ژۇرنىلى ئۇنىڭ رەڭلىك سۈرىتىنى مۇقاۋىغا باسقانىدى!

## ئۇ باھاردا جان ئۈزدى

ئېيسېنخوۋېرنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تاراملاپ
تۆكۈلدى. ئۇزۇن مەزگىل زېرىكىشلىك ئىچىدە ياشىغان، ھېچـ
كىممۇ ئىزدەپ كېلىپ قويمىغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ئامېرىكا
خەلقىنىڭ ئۆزىنى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمىغىنىنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرۈپ باقمىغان، ھەتتا، «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئۇيۇشـ
تۇرغان تۇنجى قېتىملىق خەلق رايىنى سىناش پائالىيىتىدە ئۆز
ئىسمىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ
باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ تەسىرلەنگىنىدىن يىغلىۋەتتى:
— ئاۋام مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ ـ دە! ھۆكۈمەتتىكىلەر
يۈزسىزلىك قىلغىنى بىلەن، ئامېرىكا خەلقى مېنى يەنىلا ئېتىـ
راپ قىلىدىكەن، ئۇلار ئېتىراپ قىلسىلا، مەن يەنە نېمىدىن
ئېسەنكىرەيتتىم؟ — دېدى ئۆيىدىكىلەرگە.
بۇ خۇش خەۋەر كېسەلچان ئېيسېنخوۋېرنى بىردىنلا روھلانـ
دۇرۇۋەتتى. شۇ ئاخشىمى ئۇ خۇشاللىقىدا ئۇخلىيالماي قالدى.
تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى شۇنچە يىللاردىن بۇيان، ئۇ بۇـ

گۈنكىدەك خۇش بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ پات - پات كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى چىراغنى ياندۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى ئېلىپ، مۇقاۋىدىكى ئۆزىنىڭ سۈرىتىگە سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، خەلقتىن كەلگەن بۇ شان - شەرەپ ئۇ ئىلگىرى ئېرىشكەن ھەرقانداق ئالىي مۇكاپاتلاردىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى! ئامېرىكا خەلقى ئۇنى نېمىشقا ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمىدى؟ ئېيسېنخوۋېرغا شۇنىسى ئايانكى، خەلق ئۇنى ئىلگىرى زۇكتۇڭ بولغان دەپلا ئەسلەپ تۇرغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى، بولۇپمۇ 1943 - يىل 12 - ئايدا ئۇ ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدا بېكىتكەن ھەل قىلغۇچ چوڭ ئۇرۇش — 1944- يىل 6 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى! ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىنى بەلگىلىگەن ھەل قىلغۇچ دۇئېل، شۇنداقلا ئېيسېنخوۋېرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق بىر بەت ھېسابلىناتتى! قېرىپ ماكچىيىپ قالغان ئېيسېنخوۋېر كېسەل ئازابىدىن قىينىلىپ ياتقان بولسىمۇ، ئاشۇ نورماندىيە ئۇرۇشىنى يادىغا ئالسىلا، ۋۇجۇدى ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تولاتتى!

— ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ يىراققا يۇرۇش قىلغۇچى قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىرى، بىز ھازىر ئۆزىمىز ئۆزۈمىزدىن بۇيان كۈتكەن «ئۇلۇغ ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى» گە ئاتلىنىمىز. پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتى بىزدە، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان كىشىلەر ھەر ۋاقىت بىزگە تەلمۈرۈپ تۇرماقتا ھەم بىز ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلماقتا!

كارىۋاتتا ياتقان ئېيسېنخوۋېر قاراڭغۇ كېچىدە ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئىشلارنى ئەسلىدى. 1944- يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تارىخىغا مەڭگۈلۈك پۈتۈلگەن نور-ماندىيە ئۇرۇشىنى قوزغاشتىن ئىلگىرى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە يىراقلا يۇرۇش قىلغۇچى قىسمىنىڭ باش قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىغا توپلانغان ئىككى مىليون سەككىز يۈز مىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرگە رادىئو ئارقىلىق تەنتەنىلىك ھالدا «ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى» چۈشۈردى. شۇنىڭدىن ئاۋۋال، ئۇ گېرمانىيە قوشۇنلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ ھالقىلىق جەڭ ئۈچۈن، زوربىر تۈركۈم قوشۇننى يۆتكەپ كەلگەن، ئۇنىڭ «زومىگەر ئۇرۇشى» پىلانى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، قىسقىغىنا يېرىم يىل ئىچىدىلا ئەنگلىيىنىڭ مىتسو ـ جىما ئارىلىغا ئامېرىكا، قورۇقلۇق ئارمىيىسىدىن ئەللىك دىۋىزىيە، ئەنگلىيە ئارمىيىسى-دىن ئوتتۇز توققۇز دىۋىزىيە، ئون ئۈچ مىڭ دانە ئايروپىلان ۋە ھەر خىل ئۇرۇش كېمىلىرىدىن ئالتە مىڭدىن كۆپرەكى توپلانغا-نىدى. مۇشۇنداق غايەت زور ھەربىي كۈچنى ئېيسېنخوۋېر ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نورماندىيە ئۇرۇشىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇ ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئەگەر ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنالىسا، گېرمانىيە ناتسىستلىرى ياۋروپا ئۇ-رۇش مەيدانىدا ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاكەتكە يۈزلىنەتتى. ئەكسى-چە، ئېيسېنخوۋېر قوماندانلىقىدىكى نورماندىيىدە قورۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت ئارمىيىسى مۆلچەرلىگۈسىز زىيانغا ئۇچراپلا قالماستىن، ھەتتا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى تې-خىمۇ كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئېيزې-سېنخوۋېر يېرىم يىل پۇختا تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاندىن ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئۇ قوماندانلىق سۈپىتىدا تۇرۇپ، مىكرافون ئارقىلىق ئەڭ ئا-

خىرقى ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن چېغىدا، ئۆزىنىڭ
ھاياتى ۋە شان - شەرىپىنى پۈتۈنلەي بۇ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا
دو تىككەنىدى. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلە-
دى:

«ناتسىستلار 1940 - يىلىدىن 1941- يىلىغىچە غەلىبىگە
ئېرىشكەندىن بۇيان، ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئىتتى-
پاقداش ئارمىيە قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، گېرمانىيە قوشۇنلى-
رىنى ئەڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. سىلەرمۇ باشقا فرونتتىكى
قەھرىمان سەپداشلىرىمىز بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ
قىلىپ، گېرمانىيە ئۇرۇش ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايسى-
لەر، ناتسىستلارنىڭ ياۋروپادىكى شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۇنيا ئەركىنلىكىنىڭ بەختەرلىكىنى كاپا-
لەتكە ئىگە قىلالايسىلەر!…»

نورماندىيە ئۇرۇشى خۇددى ئېيسېنخوۋېرنىڭ تەسەۋۋۇر
قىلغىنىدەك، 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشتى!
ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىن تەش-
كىللەنگەن بەش يۈز مىڭ كىشىلىك ئىتتىپاقداش قوشۇن نورمان-
دىيىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلدى. ئۇ ئېيسېنخوۋېرنىڭ ئەڭ
خاتىرجەم بولغان كۈنلىرى ئىدى، چۈنكى، ئۇ رەھبەرلىك قىل-
غان بىر قاتار غەلىبىلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق، ئۇزۇن مۇددەت
ئۇرۇش تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان ياۋروپا ئاسمىنىدا قۇياش ئۆز
جامالىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. ئۇ بىرلا بۇيرۇق چۈشۈرۈ-
شى بىلەن، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق
بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئەنگلىيە تۇپرىقىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈ-
لۈپ، كۆكتە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر سەپنى ھاسىل قىلدى،
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ ئايروپىلانلاردىن
تاشلانغان نەچچە ئون مىڭ دانە بومبا گېرمانىيە ناتسىست قوشۇن-
نىڭ بازىلىرىدا كەينى - كەينىدىن پارتلىدى. 8 - ئاينىڭ 21-

كۆنى، ئامېرىكا بىلەن فرانسىيىنىڭ برونېۋىك دېڭىزىيىسى نور-ماندىيىدە قۇرۇقلۇققا غەلىبىلىك چىققاندىن كېيىن، بىر مەھەل ناتسىستلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا بېسىلىپ ياتقان قەدىمىي شەھەر پارىژغا ئىچكىرىلەپ كىردى...

ئۇرۇش بايرىقى پارىژدىكى زەپەر دەرۋازىسىغا قادالغان چاغ-دا، ئېيسېنخوۋېر ئۆزى قوماندانلىق قىلغان «زومىگەر ئۇرۇشى» پىلانىنىڭ ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ نامى ياۋروپا، ئامې-رىكا قىتئەسى، ھەتتا ئاسىيا قىتئەسىگىچە تارقالدى. ياۋروپا ئۇرۇش رايونىدا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى ياراتقان بۇ گېنېرال روزېۋېلت، چېرچىل ۋە ستالىن بىلەن بىر قاتاردىكى داڭلىق شەخسلەردىن بولۇپ قالدى! ...«زومىگەر ئۇرۇشى» پىلانى غەلى-بىگە ئېرىشكەن ئاشۇ پەيتتە، ئاقساراي ئېيسېنخوۋېرغا ناھايىتى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تولغان بىر پارچە تەبرىك تېلېگراممى-سى ئەۋەتتى: «گېنېرال ئېيسېنخوۋېر: سىز ئۇرۇش تارىخىدى-كى ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبە بىلەن ئۆز ۋەزىپىڭىزنى ئادا قىلدىڭىز. سىز ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور بىر قوشۇنغا قومان-دانلىق قىلىپ، ئوخشاشمىغان دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل مەنپەئەتىدى-گە بېرىپ چېتىلىدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى، شۇنداقلا خەلق-ئارادا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ناھايىتى مۇرەككەپ سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدىڭىز. سىز يېڭى بىر تارىخ ياراتتىڭىز، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر تارىخنى ياراتتىڭىز...»

كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ھەر خىل ئۇرۇش مەن-زىرىلىرى ئېيسېنخوۋېرنىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن نامايان بولۇۋا-تاتتى. ئۇ ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، كېچىچە ئۇخلى-يالمىدى. تاڭ سۈزۈلەي دېگەن چاغدا، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى يەنە بىر قېتىم قوزغالدى!

مامىي خانىم بىلەن جون ئۇنى يەنە رىدېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلارنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىشى ئارقىلىق، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان ئېيە-سېنخوۋېر يەنە بىر قېتىم ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئەنە شۇ چاغدىلا، مامىي خانىم ئېرىنىڭ بەكلا قېرىپ، ماغدۇر-سىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى، روھىي جەھەتتىكى ھەرقانداق بېسىمغا ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىرتتىن كېلىدىغان بارلىق خەۋەرلەرنى ئۈزۈپ تاش-لاپ، ئېرىگە — ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نۇرغۇن جەبىر - جاپاسىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ سابىق بەش يۇلتۇزلۇق گېنې-رالغا دوختۇرخانىدا خاتىرجەم يېتىپ داۋالىنىدىغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى تىنچ ئۆتكۈزىدىغان شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1969 - يىلىنىڭ باھار كۈنلىرىمۇ بىلىپ - بىلمەيلا كېلىپ قالدى. يەتمىش سەككىز ياشقا كىرىپ قالغان سابىق زۇڭتۇڭ ئېيسېنخوۋېر رىدېر دوختۇرخانىسىدىكى ئالاھىدە تەييارلانغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە جىمجىت ياتاتتى. كىشىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش-كە ماھىر مامىي خانىم ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئوغلى جونغا كۈندە دېگۈدەك شېرىن-گۈل، كۆركۈم گۈلى ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئەتىرگۈللەرنى ئەكەلدۈردى ھەمدە ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپقۇدەك مادارىمۇ قالمى-غان ئېيسېنخوۋېرغا:

— بۇ چىرايلىق گۈللەرنى يېقىن ئەتراپتىكى پۇقرالار سىز-دىن ھال سوراپ ئەۋەتىپتۇ، — دېدى.

— رەھمەت! ئۇلارنىڭ مېنى …ئۇنتۇپ قالمىغىنىغا رەھ-مەت! — ئېيسېنخوۋېرنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرىنى يىغىپ، گۈللەردىن تارقىلىۋاتقان خۇشبۇي ھىدنى پۇرىدى.

— ئەمەلىيەتتە، مەن ھوقۇق مەستانىسى ئەمەس، ھوقۇق-
تىن مەھرۇم بولغىنىم ئۈچۈنلا ئاغرىپ قالغىنىمۇ يوق.
ئەمەلىيەتتە... كۆڭلۈمنى پەقەت ئۆزۈملا چۈشىنىمەن...

1969 - يىل 3 - ئايغا كەلگەندە، ئېيسېنخوۋېرنىڭ كېسى-
لى بىردەم ياخشىلىنىپ، بىردەم قوزغىلىپ تۇردى. بەزىدە ئۇ
تۇيۇقسىزلا ھوشىدىن كېتەتتى، سەللا ئېسىگە كەلسە، بۇرۇنقى
ئىشلارنى ئويلايتتى. ئۇ ھەتتا ئۆزى ئۆستۈرگەن ھۆكۈمەت ئەمەل-
دارلىرىنىڭ يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۆ-
زىنىڭ گېنېرال پولكوۋنىك تۇرۇپ سىياسىي ساھەگە قەدەم بې-
سىپ قالغانلىقىغا پۇشايمانمۇ قىلاتتى!

ئېيسېنخوۋېر ئايىغى چىقماس ئۇرۇشلاردىن بىزار بولۇپ
كەتكەنىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ
ئەسلىدە خەلق ئارىسىغا قايتىپ بېرىپ، غەمسىز تۇرمۇش كەچۈ-
رۈشنى ئويلىغان، شۇڭا، يۇرتىدىن زېمىن سېتىۋېلىپ، گېتى-
تىسبۇرگ قورۇقىنى قۇرغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ راستىنلا قەتئىي
نىيەتكە كېلىپ، قورۇق ئىگىسى بولۇپ ياشىغان بولسا، ئۆمرى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇنچىۋالا ئىچ پۇشۇقى تارتىپ كەت-
مىگەنمۇ بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ھوقۇقنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا
ئاخىرقى ھېسابتا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. 1952 - يىلى ئۇ
باشقىلارنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ئاستىدا،
جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇش سالاھى-
يىتى بىلەن سايلامغا قاتنىشىشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن باش-
لاپ، ئۇ ھەربىي ئىشلارغا پەقەتلا ئوخشاشمايدىغان باشقا بىر
ئەگرى - توقاي يولغا كىردى. ئاقسارايدا سەككىز يىل تۇرغاندىن
كېيىن، ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى ھەق - ناھەق ۋە كۆز بويامچى-
لىقلارنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ئېيسېنخوۋېر خەلق ئارىسىغا
قايتىپ بېرىپ، يۇرتى گېتتىسبۇرگتا قورۇق ئىشلىرى بىلەن
مەشغۇل بولۇش نىيىتىگە كەلدى ھەمدە ئاقسارايدىن ئايرىلىدىغان

چېغىدا، مۇخبىرلارغا خوشلىشىش سۆزى قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇرۇشنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ئۇرۇشتىن كېلىپ چىققان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن دۇنيانىڭ مەڭگۈ تىنچ بولۇشىنى تىلەيمەن! غايەت زور بىر قوشۇن بىلەن بىر ئىلغار ھەربىي سانائەتنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن، بۇ ئامېرىكا تارىخىدا يەنىلا بىر يېڭى مەسىلە ھېسابلانسىمۇ، مەن بۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!...»

1969 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش سەۋەبىدىن خېلى كۈنلەرگىچە بىھوش ياتقان ئېيسېنخوۋېر ئاخىر كۆزىنى يۇمۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى!

ۋاشىنگتون ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈپ تەزىيە بىلدۈردى. ئېيسېنخوۋېر ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن سەھرادا پىنھان تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپاتى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىدە يەنىلا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

شۇ چاغدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان زۇڭتۇڭ نىكسون سابىق زۇڭتۇڭ ئېيسېنخوۋېر ئۈچۈن دۆلەت تەزىيىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدا، نىكسون بۇ مەرھۇم سابىق زۇڭتۇڭغا باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دۇنيا ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ھەربىي قوماندان، ئۇ ئۆزى بىر قوللۇق قوماندانلىق قىلغان نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى بالدۇرراق ئاياغلاشتۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان!»

ئېيسېنخوۋېرنىڭ مېيىتى ئۇ غەمسىز ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن ئابلېندىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بۇ قەھرىماننىڭ گرانىت تاشتىن

قوپۇرۇلغان قەبرە تېشىغا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۆزى: «مەن ئايالىمنى سۆيىمەن؛ ئوغلۇمنى سۆيىمەن؛ نەۋرەمنى سۆيىمەن؛ شۇنداقلا، ۋەتىنىمنى سۆيىمەن — ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى داڭلىق بىر گېنېرالنىڭ ۋەسىيەت سۆزى» دېگەن خەتلەر ئويۇپ قويۇلدى.

ئېيسېنخوۋېر ھايات ۋاقتىدا تۇرغان گېتتىسبۇرگ داچىسى كېيىنچە ئۇنىڭ خاتىرە سارىيىغا ئايلاندى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# كېننېدىنىڭ قەستكە ئۇچرىشىنىڭ سىرى

## —— ئوتتۇز تۆتىنچى زۇڭتۇڭ جون فىتز- گېرالد كېننېدى



جون فىتزگېرالد كېننېدى 1917 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى برۇكلىن بازىرىدا تۇغۇلغان. ئاتا ـ بوۋىسى ئېرلاندىيىلىك كۆچمەن بولۇپ، كاتتا بايلاردىن ئىدى. كىچىكىدىنلا زېرەك كېننېدى دەسلەپتە كاتولىك دىنى مەكتىپىگە كىرگەن، كېيىن يېڭى ئېنگلاند مۇقەددەس دىن ئۇيۇشمىسى ئاچقان جويت ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقتىن، كېيىن لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇغان؛

1936 ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1938 ـ يىلى ئوقۇشتىن ۋاقىتلىق توختاپ، ئەنگلىيىدە باش ئەلچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان دادىسىغا كاتىپلىق قىلغان؛

1940 ـ يىلى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا ئىنستىتۇتىدا داۋاملىق بىلىم ئاشۇرغان؛ 1941 ـ يىل كۈزدە ھەربىيلىككە قاتنىشىپ، دېڭىز

ئارمىيىسىنىڭ ئاخبارات بۆلۈمىدە مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئۇزاق ئۆتمەي-لا تورپىدا مەشىق ئىنستىتۇتىدا ھەربىي ماھارەت ئۆگەنگەن؛ 1943 - يىلى جەنۇبىي تىنچ ئوكياندا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ماتروسلارغا خاس ئەقىل - پاراستىنى نامايان قىلغان؛
1945 - يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن، مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا، قەلىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن «سىياسىي ئوبزورلارنى ئاساس قىلغان گېزىتلەرنىڭ مەخسۇس ستون يازغۇچىسى» بولۇپ قالغان؛
1947 - يىلى پارلامېنتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1953 - يىلى كېڭەش پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛ شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئايال مۇخبىر جاككۇېلىن بوۋۋېر بىلەن توي قىلغان؛
1958 - يىلى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن كېڭەش پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا سەككىز يۈز ئالتە ئاۋاز بىلەن رەقىبى جونسوننى يېڭىپ، زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن؛ شۇ يىلى 11 - ئايدا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛
1963 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى داللاستا بەختكە قارشى سۇيىقەستكە ئۇچراپ، 46 يېشىدا قازا قىلغان.

## داللاستىكى قاباھەتلىك جۈمە

1963 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى تېكساس شتاتىنىڭ داللاس شەھىرى بىر خىل قىزغىن بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. چۈنكى، بۈگۈن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى جون فېتزگېرالد كېننېدى بۇ يەرگە كەلمەكچىدى.
چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىردىن ئوتتۇز سەككىز مىنۇت ئۆتكەندە، زۇڭتۇڭ كېننېدى ئولتۇرغان رېئاكتىپ ئايروپىلان داللاس شەھىرىدىكى رىيېۋ ئايروپورتىغا ئاستا قوندى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، رىيېۋ ئايروپورتىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغان شە-

ھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن، ئەمدىلا 46 ياشقا كىرگەن زۇڭتۇڭ كېنىېدىنى ئاخىر كۆردى. زۇڭتۇڭ كېنىېدىنىڭ قامەتلىك بەستى ئايروپىلان ئىشىكىدە كۆرۈنگەندە، قارشى ئېلىش ئۇچۇن چىققان ئاممىا گۇل-دۇراس ئالقىش ساداسى ياڭراتتى. كۆكۈچ كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدىغان كېنىېدى قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋېدى، ئۇنىڭ ئاجايىپ سالاپىتى ئاممىنى يەنە بىر قېتىم ھاياجانغا سالدى… ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئايروپىلاندىن چۈشكىنى زۇڭتۇڭنىڭ ئايالى جاككۈېلىن بوۋۋېر ئىدى. «بىرىنچى خانىم» جاككۈېلىننىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، ئاممىا يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭراتتى. چىرايلىق ھەم ئۆزگىچە سالاپەتكە ئىگە جاككۈېلىن ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىر دەك دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان نۇقتىلىق شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كېنىېدىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ زور ئىدى.
1961 ـ يىلى كېنىېدى ئاقسارايغا كىرگەن چاغدا، جاككۈېلىن شـۇ مـەزگىللەردە قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئاقسارايىنىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يېڭىلاش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جاككۈېلىن ئاقسارايدىكى بىر يۈز ئەللىك ئېغىز ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. ئامېرىكىدىكى كىشىنىڭ يېغىرىنى ئېچىش بىلەن داڭق چىقارغان گېزىت ساھەسىدىكىلەر چېغىدا ئۇنى «ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئۆلچەملىك ئايال» دەپ ئاتىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جاككۈېلىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كېنىېدى بىلەن بىللە ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، ئاممىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق كۈتۈۋېلىشقا نائىل بولىدىغانلىقىنى ئۇ بۇرۇنلا پەرەز قىلىپ بولغانىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ

كېننېدى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يىراق سەپەرگە چىقىشى ھېسابلىناتتى. داللاسلىقلارنى ھاياجانغا سالغىنىمۇ مۇشۇ ئىدى.

ھەيۋەتلىك ماشىنا ئەترىتى ئايروپورتتىن چىقتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، ئىككى يۈز ئەللىك مىڭغا يېقىن داللاس ئاھالىسى زۇڭتۇڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن بۇ يەرگە توپلانغانىدى. كاتىپى كېننېدىغا ماشىنا ئەترىتىنىڭ مېڭىش لىنىيىسىنى خېلى بۇرۇنلا دەپ بەرگەنىدى. ئومۇمىي لىنىيە ئون بەش كىلومېتىر بولۇپ، ماشىنا ئەترىتى داللاس شەھىرىنىڭ سانائەت رايونى، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئولتۇراق رايونى ۋە يېڭى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەر مەركىزىگە قاراپ ماڭاتتى، ئاخىردا بۇ شەھەرنىڭ سودا بازىرىنى بىر ئايلىنىۋېتىپ، بۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇراتتى.

«لىنكولن» ماركىلىق زۇڭتۇڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرغان كېننېدى ئاممىغا توختىماي قول پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئوقتىن مۇداپىئەلىنەلەيدىغان ئاق رەڭلىك بۇ پىكاپنى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تېخى بايىلا ۋاشىنگتوندىن يۆتكەپ كەلگەنىدى. لېكىن چۈش مەزگىلى بولغاندا، ماشىنىدا ئولتۇرغان كېننېدى ئۆزىنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقان ئاممىغا قاراپ كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ قالدى ـ دە، ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى ئەينەكنى پۈتۈنلەي چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ، ئۈستى ئوچۇق ماشىنىدا كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. كېننېدى كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىگە تۇشلۇق غەم بار ئىدى. 1964 ـ يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمى يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغان بولۇپ، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ھەرقانداق بىر شتاتتىكى قوللىغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. بىراق، يېقىندا تېكساس شتاتىدا ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەر

پەيدا بولۇپ قالغان، شۇڭا، ئۇ شەخسەن ئۆزى بۇ يەرگە كېلىپ، داللاستىكى كېڭەش پالاتا ئەزاسى باللېر ۋە شتات باشلىقى كوننا-لى بىلەن كۆرۈشمەكچى، شۇ ئارقىلىق ۋەزىيەتنى ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇرىماقچى بولدى.

داللاستىكى كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قورۇلۇشلارغا هەر خىل رەڭلىك بايراقچىلار ئېسىۋېتىلگەنىدى. سېرىق رەڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن قورۇلۇشلاردىن ئاجايىپ قىزغىن كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى هايا-جانغا چۆمگەن داللاسلىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بۇنداق داغدۇغىلىق كەيپىيات چوڭ بايرام كۈنلىرىدىمۇ ئاز كۆرۈلەتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان زۇڭتۇڭ ماشىنا ئەترىتى ئامىنىڭ ئالدىدىن مېڭىپ ئۆتتى. كېنىېدى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئۆزلىرىگە يېقىملىق كۈلۈپ قاراپ تۇرغان چىرايلارنى كۆرۈپ شادلىققا چۆمدى.

— كەچۈرۈڭ، گرېل، ماشىنىنى توختىتىڭ! — دېدى كېنىېدى تۇيۇقسىزلا شوپۇرى گرېلغا. زۇڭتۇڭ ئولتۇرغان مەخ-سۇس پىكاپ يول بويىدا ئاستا توختىدى. زۇڭتۇڭنىڭ بىخەتەرلى-كىدىن يول بويى ئەندىشە قىلىپ كېلىۋاتقان مۇهاپىزەتچىلەر ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ دەرهال سە-گەكلەشتى، بىرنەچچە قوراللىق مۇهاپىزەتچى شۇ زامان ماشىنا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى هەمدە زۇڭتۇڭ كېنىېدىنىڭ كۈلۈمسى-رىگەن هالدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، بىر توپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئۇن ياش ئەتراپىدىكى بۇ باللار قوللىرىدا «زۇڭتۇڭ ئەپەندى، يېنىد-مىزدا توختاپ، بىز بىلەن بىر كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كەتسىڭىز!» دېگەن خەت يېزىلغان پلاكاتنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، كېنىېدى ئاشۇ پلاكاتنى كۆرگەچكىلا، ماشىنىسىنى توختىتىپ، بۇ ئوماق باللار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتاتتى! ماشىنىغا قاي-تىپ چىققاندىن كېيىن، مۇهاپىزەتچىلەر باشلىقى كېنىېدىغا بى-

خەتەرلىك مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ بولسىمۇ ماشىنىدىن چۈشـ-
مەسلىكنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا تەمشىلىۋېدى، كېننېدىنىڭ يەنە
بىر قېتىم ماشىنىنى توختاتقۇزغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كې-
چىككەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ قېتىم ماشىنا زۇڭتۇڭ كېننې-
دىنى قارشى ئالغىلى چىققان بىر توپ كاتولىك دىنى مۇناخلىرى-
نىڭ ئالدىدا توختىغانىدى. كېننېدى ماشىنىدىن چۈشۈپ، بۇ
مۇناخلارغا:

— مەنمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىمەن، مېنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغى-
نىممۇ دەل كاتولىك دىنى، دېمەك، مەنمۇ بىر كاتولىك دىنى
مۇرىتى، — دېۋىدى، مۇناخلار يېقىملىق كۈلۈپ كەتتى
ھەمدە:

—زۇڭتۇڭ ئەپەندى، سىز ئامېرىكا تارىخىدىكى كاتولىك
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىنبىر زۇڭتۇڭ ئىكەنسىز، —
دېيىشتى. كېننېدىمۇ كۈلدى:

— لېكىن، مەنمۇ باشقا زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاشلا دۆلىتىمىز
ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىمەن …

دالىلاس كوچىسىدا كېننېدى بىلەن ئاممىنىڭ خۇشال كۈل-
كىسى ياڭرىدى، كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن ئىدى.

كېننېدى ماشىنىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ
بىلەن بىر ماشىنىدا ئولتۇرغان شتات باشلىقى كوننالىنىڭ ئايالى
كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— زۇڭتۇڭ ئەپەندى، دالىلاسلىقلارنىڭ سىزنى قانچىلىك
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنسىز، — دېۋىدى، كېننېدى
كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ھەئە، ئۇلار مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ
جاۋاب بەردى.

كېننېدىنىڭ ماشىنا ئەترىتى بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت
ئىچىدە كۆزدىن كەچۈرۈش پىلانىنى ئاساسي جەھەتتىن تاماملاپ

بولدى، ماشىنا ئەترىتى سانائەت رايونى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى ۋە شەھەر مەركىزىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، خېيۇستون كوچىسىدىن ئېرمونت كوچىسىغا قاراپ ماڭدى، بۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ داللاس شەھىرىدىكى سودا ــ سانائەت ماگناتلىرى بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېمەكچىدى.

سائەت ئون ئىككىدىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە، كېننېدىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قاباھەتلىك ئىش يۈز بەردى، ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيغان بىر بەختسىزلىك ئاخىر ئىسپاتلاندى.

— زۇڭتۇڭ ئەپەندى، كېلەيلا دەپ قالدۇق، يەر ئاستى يولىنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدىلا، — دېدى كوننالى خانىم زۇڭتۇڭ كېننېدىغا ئۆزلىرىنىڭ بارماقچى بولغان يېرىنى ئىشارە قىلىپ. شۇ چاغدا، زۇڭتۇڭنىڭ ماشىنا ئەترىتى داللاستىكى تېكساس شتاتلىق ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى توپ ساقلاش بىناسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كوننالى خانىمنىڭ گېپى ئەمدىلا تۈگەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز ياڭرىغان بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازى ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى. زۇڭتۇڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان «بىرىنچى خانىم» جاككۇېلىن كېننېدىنىڭ بېشىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى چۆچۈگەن ھالدا بايقىدى، ئىككىنچى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندا، كېننېدىنىڭ بويىنى يارىلاندى، ئۇ قاتتىق بىر سىلكىندى ــ دە، جاككۇېلىننىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى...

ماشىنا ئەترىتى دەرھال توختىدى، مۇھاپىزەتچىلەر بارلىق ماشىنىلارنى قورشىۋالدى. ماشىنىدا ئولتۇرغانلار، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جونسون ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەممە باشقىلار قىسقىغىنا ئىككى مىنۇت ئىچىدە زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا زۇڭتۇڭنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن قاراپ تۇرغان كىشىلەر بولسا ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا

پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، غايىپ ئوق تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرد-
گەنلىرى يەرگە يېتىۋېلىشتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئوق ئاۋازىنى ئاڭ-
لىغان هامان، قوراللىرىنى بەتلىگىنىچە زوڭتوڭ ئولتۇرغان
ماشىنا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. شوپۇر گرېل شۇ چاغدا ماشىند-
نىڭ يانتۇ ئەينىكىدىن كەينى تەرەپكە قاراپ نېمە ئىش يۈز
بەرگىنىنى دەررۇ بىلدى - دە، ماي كلاپاننى كۆچەپ بېسىپ،
ماشىنىنى خېلى يىراق ئارىلىقا هەيدەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا،
ماشىنىنىڭ ئىچىدىكىلەر: «زوڭتوڭغا بايىقى كوچىدا ئوق تەگ-
دى!» دېيىشكىنىچە يىغا - زار قىلىشىپ كەتتى.
ئادەملەر توپى، ماشىنا ئەترىتى، ئوق، قىپقىزىل قان...
مانا بۇلار داللاستىكى قاباهەتلىك جۇمەنىڭ زوڭتوڭ كېنىېدىغا
ئاتىغان سوۋغىسى بولدى!

## سەكراتتىكى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلار

پاكارلاند دوختۇرخانىسى. سائەت ئون ئىككىدىن ئوتتۇز بەش
مىنۇت ئۆتكەندە، دوختۇرخانىنىڭ تىپتىنچ كارىدورىدىن تۇيۇق-
سىزلا ئاق خالات كىيىۋالغان بىرنەچچە دوختۇر جىددىي قۇتقۇ-
زۇش كارىۋىتىنى ئىتتەرگىنىچە يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئەڭ
ئالدىدىكىسى دوختۇرخانا باشلىقى مالكولم پېررى ئىدى. بايا،
چۈشلۈك تامىقىنى ئەمدىلا يەپ بولغان دوختۇر پېررى ساقچى
ئىدارىسىنىڭ بىر مۇھىم ياردارنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىش توغرد-
سىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان، گەپنىڭ ئورامىدىن ئۇ
بۇ ياردارنىڭ ناهايىتى مۇھىم شەخس ئىكەنلىكىنى پەملىگەن،
شۇڭا، كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا باشقا دوختۇرلارنى دەررۇ
چاقىرىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا ئۇ ياردارنىڭ يېتىپ كېلد-
شىنى ساقلاپ تۇرغانىدى.
سائەت ئون ئىككىدىن ئوتتۇز سەككىز مىنۇت ئۆتكەندە، ئاق

رەڭلىك بىر ئېسىل پىكاپ دوختۇرخانىغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەل-
دى، كەينىدىنلا ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنى يالت - يۇلت يورۇت-
قىنىچە بىرنەچچە ساقچى ماشىنىسى جىددىي سىگنال بېرىپ دوخ-
تۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ياردارنى جىددىي قۇتقۇ-
زۇش كارىۋىتىغا ياتقۇزغان چاغدا، دوختۇر پېررى ۋە باشقا دوخ-
تۇرلار ئۇنىڭ داللاسقا ئەمدىلا كەلگەن زۇڭتۇڭ كېننېدى ئىكەن-
لىكىنى تونۇپ چۆچۈپ كېتىشتى!

كېننېدى ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا بىهوش ياتاتتى. شۇ تاپتا، قانداقتۇر بىر غۇۋا خىيال كېننېدىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن مېڭىسىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىزلا، ئۇ بۇرۇنقى ئىشلارنى — ئۆزىنىڭ ئاقسارايغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا باس-
قان مۇساپىلىرىنى ئەسلەپ قالدى: 1943 - يىل 8 - ئايدا، ماتورلۇق تورپېدا مەشىق ئىنستىتۇتىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن كېن-
نېدى جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى ئۇرۇشتا ياپونىيىنىڭ بىر قوغلى-
غۇچى ھەربىي پاراخوتىنى مەغلۇپ قىلىپ، يىگىرمە بەش يېشىدى-
لا ئامېرىكىنىڭ كۆرەش قەھرىمانى بولۇپ قالدى؛ 1946 - يىلى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان كېننېدى قىرىق ئىككى پىرسەنتلىك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ماسساچۇسېتس شتاتى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى؛ 1952 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولدى؛ 1960 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل پەيتلەر ھېسابلى-
ناتتى، ئۇ شۇ كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىنىپ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ياش زۇڭتۇڭ بولۇپ قالدى. 1961 - يىل 1- ئاينىڭ 20 - كۈنى، كېننېدى قەسەم بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز تۆتىنچى زۇڭتۇڭى بولغان ئاشۇ كۈنى ۋاشىنگتوندا قاتتىق قار ياغدى، ھاۋا شۇنچىلىك سوغۇق بولسىمۇ، مەيداندىكى كەيپى-
يات كېننېدى ئويلىغاندەكلا ناھايىتى قىزغىن ئىدى، بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغان ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىنى

سۆزلىگەن چاغدا، نەچچە مىڭلىغان ئاmma چوڭقۇر ھاياجان بىلەن ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭراتتى.

«پۇقرالار:

بۈگۈن بىز بىر پارتىيىنىڭ غەلىبىسىنى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىكنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتىمىز. بۇ بىر خاتىمە ۋە بىر مۇقەددىمىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بىر خىل يېڭىلىقنى، بىر خىل ئۆزگىرىشنى ئىپادىلەپ تۇرماقتا.

بۈگۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇنجى ئىنقىلابىنىڭ ئىز باسارلىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. دوستلىرىمىز ۋە رەقىبلىرىمىز بىزنىڭ ئاۋازىمىزغا قۇلاق سالسۇن: مەشئەل يېڭى بىر ئەۋلاد ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، بۇ بىر ئەۋلاد مۇشۇ ئەسىردە دۇنياغا كېلىپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە چېنىقتى، ئازابلىق ھەم جاپالىق تىنچلىق يىللىرىدا ئۆز - ئۆزىنى تاۋلىدى، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مىللىي ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلار دۆلىتىمىز ئەزەلدىن ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتقان، ھازىرمۇ ئوخشاشلا ھىمايە قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھەرقانداق بىر جايدا دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىشىغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمايدۇ.

بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقماي، بارلىق ئېغىر ۋەزىپىلەرنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز، بارلىق دوستلىرىمىزغا ھەمدەم بولۇپ، بارلىق رەقىبلىرىمىز بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، ئەركىنلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە غەلىبىسىنى قوغدايمىز.

ئامېرىكىلىق قېرىنداشلىرىم، ئۆزۈڭلاردىن «دۆلىتىم مەن ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەر؟» دەپ سورىماي، بەلكى «مەن دۆلىتىم ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەرمەن؟» دەپ سوراڭلار. پۈتۈن دۇنيا پۇقرالىرى، سىلەرمۇ ھەرگىز «ئامېرىكا بىز ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەر؟» دەپ سورىماي، بەلكى «بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلارمىز؟» دەپ سوراڭلار.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم شۇكى، سىلەر مەيلى ئامېرىكا پۇقرا-
سى، ياكى باشقا دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇڭلار، ئىشقىلىپ، ساپ
ۋىجدان بىزگە بېرىلگەن ئەڭ ئىشەنچلىك مۇكاپات. تارىخ بىزنىڭ
ھەرىكىتىمىزگە ئەڭ ئاخىرقى كېسىم چىقارغۇچىدۇر. بىز تەڭ-
رىدىن مەدەت ۋە ئامان - ئېسەنلىك تىلەيمىز. لېكىن بىزگە
شۇنىسى ئايانكى، تەڭرىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى خىزمىتى ئە-
مەلىيەتتە بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ نەق ئۆزى. بىز سۆيۈملۈك
ۋەتىنىمىزنى ئالغا قاراپ يۈكسەلدۈرەيلى!»

كېننېدى ئۆزىنىڭ پاساھەتلىك نۇتقىدىن ھوزۇرلىنىپ تۇر-
غاندا، كېلىشكەن بىر ئادەمنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى كىچىك جوزېف
كېننېدى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. كىچىك جوزېف كېننېدى
1940 - يىللىرى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇل-
تىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ھەمدە ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىغا
قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان، كېيىن، پىيورىل
خاربور ۋەقەسىنىڭ پارتلىشى تۈپەيلىدىن ھەربىي سەپكە قاتناش-
قان، بىر قېتىم گېرمانىيىنىڭ «V—1» باشقۇرۇلىدىغان بومبا
قويۇپ بېرىش بازىسىنى بومباردىمان قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا
قىلىۋاتقاندا بەختكە قارشى قازا قىلغانىدى. «كېلىۋاتقىنى راست-
تىنلا مەن ئۇزۇندىن بۇيان سېغىنىۋاتقان، ئۇرۇش مەيدانىدا
ئۆلۈپ كەتكەن ئاكاممىدۇر؟» كېننېدى سىنچىلاپ قارىۋىدى،
ھېچنېمىنى پەرق قىلالماي قالدى...

پاكارانىد دوختۇرخانىسىدىكى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشى-
كىدىكى قىزىل چىراغ يېنىپ تۇراتتى. كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا
زۇڭتۇڭنىڭ ئايالى جاككۇېلىن خانىم گويا روھى چىقىپ كەتكەن-
دەك ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئولتۇرغىنى كولۇمبىيە ئالاھىدە را-
يونىدا تىزىمغا ئېلىنغان GG300— نومۇرلۇق «لىنكولن» مار-
كىلىق ئۈستى ئوچۇق پىكاپ بولۇپ، كېننېدى شۇ چاغدا ماشىنى-

نىڭ كەينى ئورۇندۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، جاككۇېلىن ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان، پىكاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقتا بولسا، تېكساس شتاتىنىڭ باشلىقى كوننالى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئولتۇرغانىدى. ئۇلار نىشانغا يېتىپ كەلگەنلىكلىرىدىن خۇشال بولۇشۇپ تۇرغان پەيتتە، ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئوق ئاۋازى ياڭراپ قالدى! جاككلۇېلىن شتات باشلىقى كوننالىنىڭ ئوق تېگىپ ئالدىغا يىقىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ چۆچۈگەن ھالدا ئېرىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئېرىنىڭ چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى! كېننېدى جاككۇېلىننىڭ قۇچىقىدا ياتقىنىچە ئارىلىقى ئەڭ يېقىن بولغان پاكىراند دوختۇرخانىسىغا ئەكېلىندى.

چىرايلىق ھەم ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە جاككۇېلىن خانىم بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى، ئۇ دوختۇرخانىنىڭ كارىدورىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئوپېراتسىيىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئازاب بىلەن شۇنداق يۇمۇۋىدى، ئېرى كېننېدىنىڭ ئەزىمەتلەرگە خاس ئۆزگەرمەس تۇرقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى: ئېگىزلىكى 6.1 فۇت كېلىدىغان بوي، ئاقۇچ تېرە، سارغۇچ چاچ، كۆكۈچ كۆز ⋯كېننېدى ھەقىقەتەنمۇ بىرلا كۆرگەن ئادەمدە ئالاھىدە تەسىرات قالدۇرالايدىغان سېھرىي كۈچــكە ئىگــە بولۇپ، ساھىبجامال جاككۇېلىن ئەينى چاغدا ئۇنىڭدىكى ئاشۇ خىل سالاپەت ۋە ئەقلى كامالەتكە چىن كۆڭلىدىن مەپتۇن بولغان، مۇخبىرلىق كەسپىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولغانىدى! 1953 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جون كېننېدى بىلەن جاككۇېلىن بوۋۋېر نىئوپورت چېركاۋىغا كىرىپ تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندىن بۇيان، كېننېدى جاككۇېلىننى ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم تايانچ كۈچ قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن، جاككۇېلىنمۇ كېننېدى خانىم بولغاندىن كېيىن، كېننېدى تاكى ئامېرى-

كىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى بولغانغا قەدەر، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مۇساپىلارنى بىللە بېسىپ كەلگەنىدى!

پاكاراند دوختۇرخانىسىنىڭ ئوپېراتسىيە بۆلۈمى ئالدىدىكى كارىدور زۇڭتۇڭ بىلەن بىللە داللاسقا كەلگەن ئامېرىكىنىڭ ئارمىيە - ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە شتاتنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جونسون ۋە ئۇنىڭ ئايالى، تېخى بايىلا زۇڭتۇڭ بىلەن ماشىنىدا تەڭ يارىلىنىپ، يارىسىنى ئانچە - مۇنچە تاڭدۇرۇپلا ئالدىراش يېتىپ كەلگەن شتات باشلىقى كوننالى ۋە ئۇنىڭ ئايالىمۇ بار ئىدى. دوختۇرخانىنىمۇ زۇڭتۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە يەرلىك ساقچىلار قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

جىددىي قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان مەسئۇل ۋىراچ مالكولم پېررىنىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىپ تۇراتتى. زۇڭتۇڭ كېنىنېدى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە ئەكىرىلگەندىن كېيىن، جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتى دەرھال باشلىنىپ كەتتى. ئىككى تال ئەجەللىك ئوق كەينى تەرەپتىن كېنىنېدىنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئېتىلغان بولۇپ، چوڭ مېڭىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. دوختۇر پېررى ئوكسىگېن بېرىش، يۈرەكنى قوزغىتىش، يۈرەكنى ئۇۋۇلاش... دېگەندەك بارلىق قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى ئىشلىتىپ كۆردى، بىراق ئۇ كېچىككەنىدى، زۇڭتۇڭ كېنىنېدىنىڭ نەپسى ئاللىبۇرۇن توختاپ كەتكەن، يۈرىكىمۇ ھەرىكەتتىن قالغانىدى!

1963 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە، پاكاراند دوختۇرخانىسىدىكى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ قىزىل چىرىغى ئاخىر ئۆچتى. كارىدوردا ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر كۆڭۈلدىكىدەك خەۋەرگە ئېرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، بىراق رېئاللىق ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولماي قالدى، زۇڭتۇڭ كېنىنېدى ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان بۇ دۇنيا-

دىن، ئۆزىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئامېرىكا خەلقى-
دىن مەڭگۈگە ئايرىلغان، ئۆزى ئاران ئىككى يىل ئون ئاي
ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىن ئاي-
رىلغانىدى!
كېننېدىنىڭ سەكراتتىكى مىنۇتلىرى داللاس شەھىرىدىكى
پاكارلاند دوختۇرخانىسىدا ئەنە شۇنداق تېزلا ئاياغلاشتى.

## جىددىي ئېلىپ بېرىلغان قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتى

زۇڭتۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى بىرى قورالىنى
بىر ئەرگە تەڭلىدى، ئوق ئاۋازى ياڭرىغان چاغدا، بۇ ئەر بىر
كىچىك قىزچاقنى كۆتۈرگىنىچە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي يۈ-
گۈرگەچكە، مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى قوز-
غاپ قويغانىدى. بىراق، ساقچىلار قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋالغان
چاغدا، ئۇنىڭ ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكەن تۇرقىنى كۆرۈپ، ئەمە-
لىيەتتە ئوق ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن بىگۇناھ ئادەم ئىكەنلىكى-
نى بىلدى!
ئۇنداقتا، زۇڭتۇڭغا ئوق چىقارغان زادى كىم؟
شۇ كۈنى چۈشتە، داللاس شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسى-
سىنىڭ بىر مۇخبىرى باشقا شەھەر ئاھالىلىرىگە ئوخشاشلا كوچى-
غا چىقىپ، زۇڭتۇڭ كېننېدىنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن
كۈتۈپ تۇرغانىدى. كېننېدى ئولتۇرغان ئاق رەڭلىك «لىن-
كولن» ماركىلىق پىكاپ داللاس كوچىسىدا پەيدا بولغاندا، بۇ
مۇخبىر ماشىنىدا ئولتۇرغان، ئۆزى بۇرۇن تېلېۋىزوردىلا كۆ-
رۈپ كەلگەن زۇڭتۇڭغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتى. ئاق
رەڭلىك «لىنكولن» ماركىلىق پىكاپ داللاس كوچىسىدا پەيدا
بولغاندا، بۇ مۇخبىر ماشىنىدا ئولتۇرغان، ئۆزى بۇرۇن تېلېۋى-

زوردىلا كۆرۈپ كەلگەن زۇڭتۇڭغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتى. ئاق رەڭلىك «لىنكولىن» ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىغىلا، ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەتراپتىكى ئامما پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەن شۇ پەيتتە، بۇ مۇخبىر كەسپىي سەزگۈرلۈكىنى دەرھال ئىشقا سېلىپ، ئەتراپتىكى گۇمانلىق نۇقتىلارغا سەپسالدى ھەمدە يولنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى — ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئېگىز بىناغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ قالدى. بۇ دەل تېكساس شتاتى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى توپ ساقلاش بىناسى بولۇپ، ئوق ئاۋازى ياڭرىغاندىن كېيىن، ئالتىنچى قەۋەتتىكى بىر دېرىزىدىن چىقىپ تۇرغان رېفلىلىق مىلتىقنىڭ ئاستا ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى مۇخبىر كۆرۈپ قالغانىدى. قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر ۋە يەرلىك ساقچىلار جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ، ئەتراپقا ناھايىتى تەكشى سەپسالغان بولسىمۇ، ھېچقانداق گۇمانلىق ئادەمنى بايقىمىدى. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئارىسىدىكى بىرەيلەن يول بويىدا تۇرغان بىر يىگىتنىڭ ئۆزىگە بىر نەرسىنى ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ھەمدە ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، ئۆزىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى توپ ساقلاش بىناسىنى كۆردى. ئۇنىڭغا بۇ بىنانى ئىشارەت قىلغان يىگىت دەل ھېلىقى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ئىدى.

زۇڭتۇڭ كېنىبېدى پاكلاند دوختۇرخانىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقاندا، ساقچىلار نەق مەيداندا جىددىي ئاختۇرۇشنى باشلىۋەتكەنىدى. بىر توپ قوراللىق ساقچى تېكساس شتاتىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى توپ ساقلاش بىناسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، بىنادىكى ھەربىر ئېغىز ئۆينى، ھەربىر قەۋەتنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئاخىر، ئالتىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدە ئۇلار چەنلەش دۇربۇنى ئورنىتىلغان 6.5 كالىبېرلىق بىر ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ تۇرغانلىقىنى، لېكىن ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى بايقى-

دى. نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تېخنىك خادىم-
لار قېپقالغان بارماق ئىزلىرىنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش
ئارقىلىق، ئۇنىڭ مۇشۇ بىنادا خىزمەت قىلىدىغان رى خاۋېر
ئوسۋارىد ئىسىملىك بىرىنىڭ بارماق ئىزى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخ-
شاش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. داللاس ساقچى ئىدارىسى شۇ
هامان جىددىي هەرىكەت قوللىنىپ، ئوسۋارىدنىڭ ئۆيىگە قاراپ
ئاتلاندى.

كۈچلۈك قۇياش نۇرى بىنانىڭ ۋەيرانە ئىشىكىدىن ئىچىدىكى
كارىدورغا تاشلىنىپ تۇراتتى، جىمجىت هەم قاپقاراڭغۇ كارىدور-
دىكى سوغۇق شامال كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. ساقچىلار
ئوسۋارىدنىڭ ئۆيى ئالدىغا توپلاندى. پىلان بويىچە، تىپپىت
ئىسىملىك ساقچى ئوسۋارىدتىن بىرنېمىلەرنى سورىغان بولۇپ
ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراپ تۇرماقچى، كەينىدىنلا باشقىلىرى ئېتىد-
لىپ كىرىپ ئۇنى تۇتماقچىدى. تىپپىت ئۆزىنى رۇسلىۋالغاند-
دىن كېيىن، ئىشىكنى چەكتى. بىر هازا ئۆتكەندە، ئىشىك قىيا
ئېچىلىپ، شۈبهىلىك بىر جۈپ كۆز كۆرۈندى.

— مەن ساقچى، سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم!

هېلىقى ئادەم بۇنى ئاڭلاپلا ئىشىكنى دەرهال ياپماقچى بولۇ-
ۋىدى، تىپپىت چاققانلىق بىلەن ئىشىكنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋەت-
تى. ئەتراپتىكى باشقا ساقچىلار ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى هېس
قىلىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان جايلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىشتى. بىد-
راق، تىپپىت ئۆزىنى ئوڭشىۋالالماي قالدى، ئوسۋارىد قولىدد-
كى تاپانچىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە توغرىلاپ بولغانىدى، ئۇ تەپكىنى
بېسىۋەتتى، تىپپىت شۇ هامان يەرگە يىقىلدى! ئېتىلىپ كىر-
گەن باشقا ساقچىلار ئوسۋارىدنى چاقماق تېزلىكىدە بويسۇندۇ-
رۇپ، ساقچى ماشىنىسىغا يالاپ ئاچىقتى. ئەپسۇسكى، تىپپىت
هېلىقى بىر پاي ئوق بىلەنلا جېنىدىن ئايرىلغانىدى.

ئوسۋارىد داللاس ساقچى ئىدارىسىگە ئەكىلىنگەن چاغدا،

قاتىللىق ۋەقەسىنىڭ يۈز بەرگىنىگە بىر يېرىم سائەتتەك بولغان، دوختۇرخانا ئەمدىلا 46 ياشقا كىرگەن زۇڭتۇڭ كېنىېدىنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقتىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي جان ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ بولغانىدى. بىراق، ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن، ئىلگىرى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدا ئەسكەر بولغان گۇمانلىق قاتىل ئوسۋارىد ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى قەتئىي بويىنىغا ئالمىدى. ساقچىلار نائىلاج ئۇنى داللاستىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ۋاقىتىنچە قاماپ قويدى. كېيىنكى ئىككى كۈندە، ساقچىلار ھەر خىل ئېغىر تەدبىرلەرنى ئىشلىتىپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ جىنايىتىنى ئىقرار قىلغىلى ئۇنىمىدى. سوراقتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى، ئوسۋارىد پەقەت ئۆزىنى «كۇباغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش كومىتېتى» نىڭ رەئىسى دەپلا تۇرۇۋالدى!

1963 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، داللاس شەھىرىدە تاڭ قۇياشى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇ كۈنى سەھەردە، داللاس ساقچى ئىدارىسى ئوسۋارىدنى رايونلۇق تۈرمىگە يۆتكىمەكچى بولدى. داللاس تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ ئالدى قاتتىق سوغۇققا قارىماي ئەتىگەندىلا كېلىۋالغان مۇخبىرلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. سائەت سەككىزلەر بولغان چاغدا، قارا رەڭلىك بىر مەھبۇس توشۇش ماشىنىسى بىلەن قوراللىق ساقچىلار لىققىدە ئولتۇرغان بىرقانچە ساقچى ماشىنىسى جىددىي سىگنال بەرگەن پېتى داللاس تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا كىرىپ مەھبۇسلار قامالغان بىنانىڭ ئالدىدىكى مەيداندا توختىدى. نەچچە ئون ساقچى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، مۇخبىرلارنى ئېھتىيات سىزىقىنىڭ نېرىسىغا سۈرۈپ ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن نەزەر سالغىنىچە جىددىي ھالەتتە تۇردى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، تۆمۈرنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوسۋارىد قامالغان يەر ئاستى ئۆيىنىڭ تۆمۈر ئىشىكى

ئېچىلىپ، ئوسۋاربدىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ ئېگىز ھەم بەستلىك بولۇپ، كۆكۈچ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەسەبىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى! ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، يۈزىنى قۇياش نۇرى-دىن دالدىغا ئالغىنىچە، ساقچىلارنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن پۈتىدىكى ئېغىر تۆمۈر ئىشكەلنى سۆرەپ، مەھبۇس ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدى ... ئېھتىيات سىزىقىنىڭ كەينىدە ساقلاپ تۇرغىنىغا نەچچە سائەت بولغان مۇخبىرلارئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بۇ ئادەمنى ئاخىر كۆرۈۋېلىشتى، ئۇلاردىكى چارچاش ۋە تىت - تىت بولۇش ئالامەتلىرىمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئوسۋاربد يەر ئاستى ئۆيىدىن يالاپ ئاچىقىلغاندىلا، مۇخبىرلار قاماقتا ئىككى كۈن ياتقىنىغا چىرايلىرى پۈرۈشۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆ-سۈپ كەتكەن بۇ گۇمانلىق قاتىلنى توختىماي سۈرەتكە تارتىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاپپاراتلىرىنىڭ يالت - يۇلت قىلىپ يېنىۋېرىشى ئەسلىدىنلا تەمكىن مېڭىپ چىقىۋاتقان ئوسۋاربدىنىڭ جېنىغا تەگدى بولغاي، مۇخبىرلارغا غەزەپ بىلەن بىر قارىۋەت-تى، ئاندىن قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، ئون نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان مەھبۇس ماشىنىسـى تەرەپكە ماراپ ماڭدى. ئۇ مۇخبىر-لارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، مەھبۇس ماشىنىسىغا قاراپ ماڭغان ئاشۇ پەيتتە، مۇخبىرلارنىڭ ئىچىدىن بەدىنى ۋىجىك كەلگەن بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئوسۋاربدىنىڭ قور-سىقىغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى، ئوسۋاربد شۇ ھامان يەرگە يىقىلدى! بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى كۆرگەن ساقچىلار دەرھال يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ھېلىقى قورallىق ئادەمنى يەرگە يىقىتتى ھەمدە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. ئۇلار ئوسۋاربدنى تەكشۈردى، ئوسۋاربد نەق مەيداندىلا ئۆلگەنىدى! كېيىن ھېلىقى ئەرنىڭ ئىسمىنىڭ جېك رۇبىي ئىكەنلىكى، شۇ يەردىكى بىر كېچىلىك بەزمىخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. بۇ-گۈن ئەتىگەندە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە كېنىنېدىنىڭ قەستكە ئۇچراش

ۋەقەسىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى.
زۇڭتۇڭ كېنىېدى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جونسون زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا ئولتۇردى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، كېنىېدىنىڭ قەستكە ئۇچراش ۋەقەسىگە قارىتا مۇناسىپ تەدبىر قوللاندى ھەمدە يەتتە كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاررېن كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، زۇڭتۇڭ كېنىېدىنىڭ قەستكە ئۇچراش دېلوسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا مەسئۇل بولدى. ئوسۋاردنىڭ قولغا ئېلىنىشى، ئۇنىڭمۇ قەستكە ئۇچرىشى، جېك رۇبىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ··· بۇ بىر قاتار گۇمانلىق ئەھۋاللار تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.
1964 ـ يىل يازنىڭ بېشىدا، ۋاررېن باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى جېك رۇبىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سوراق قىلدى. بىراق، سوراق نەتىجىسىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى.
— ئوسۋاردنى تونۇمسەن؟
— تونۇمايمەن!
— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈردۈڭ؟
— ئۇنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر زۇڭتۇڭ كېنىېدىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى مېنى بەكلا غەزەپلەندۈردى. شۇ كۈنى كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ تۈرمىدىن مېڭىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپلا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كەلگەنىدى. بىراق يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، ئۇ مۇخبىرلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئاندىن يۈگۈرۈپ چىقتىم! ھا···ھا···
1964 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ۋاررېن باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى زۇڭتۇڭنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچ-

راش دېلوسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاخىر ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەندى:

«زۇڭتۇڭ كېننېدىنى رى خاۋۋر ئوسۋاردىن قەستلەپ ئۆلتۈرگەن، باشقىلارنىڭ چېتىشلىقى يوق. ئۇ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازدىن نەپرەتلەنگەچكىلا كېننېدىنى قەستلىگەن. جېك رۇبىي بولسا غەزىپىگە پايلىمىغانلىقتىن ئوسۋاردىنى ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭ قىلمىشى ھەرگىزمۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئىزىنى يوقىتىش قىلمىشىغا ياتمايدۇ...»

تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق غۇلغۇلا پەيدا بولدى. بۇ دوكلات ھېچكىمنى قايىل قىلالمىغانىدى، چۈنكى، ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشلەردە، زۇڭتۇڭ كېننېدىغا تەگكەن ئوقنىڭ ئەمەلىيەتتە ئوسۋاردنىڭ مىلتىقىدىن ئېتىلمىغانلىقى مەلۇم بولغانىدى. ئوسۋاردىن كېننېدىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۇ؟ جېك رۇبىي ئوسۋاردىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۇ؟ كېننېدىغا تەگكەن ئوق زادى نەدىن ئېتىلغان؟ مانا بۇلار كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكى يېشىلمىگەن سىر بولۇپ قالدى.

1967 - يىل 1 - ئايدا، زۇڭتۇڭ كېننېدىنى قەستلىگەن پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقىي قاتىل توغرىسىدا كىشىلەر ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر خەۋەرنى ئېلان قىلدى: زۇڭتۇڭ كېننېدىنى قەستلەش دېلوسىغا چېتىشلىق بىردىنبىر ئادەم جېك رۇبىي تۇرمىدە كېسەل بىلەن ئۆلگەندى.

رۇبىينىڭ ئۆلۈمى خۇددى ئەلئېھرامنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئەكەتكەندەك، داللاس بىلەن كېننېدىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئۇ دۇنياغا ئەكەتكەن، كىشىلەرگە پەقەت يېشىلمەس بىر سىرنىلا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

# ۋاشىنگتوننىڭ شەھەر سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت دەپنىسى

ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوننىڭ شەھەر سىرتىغا جايلاشقان ئالىنگتون دۆلەت قەبرىستانلىقى دەرەخلەر بۈككىدە ئۆسۈپ تۇرغان، تولىمۇ تىپتىنچ ھەم ئازادە قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ يەرگە ئامېرىكىنىڭ ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى دەپنە قىلىناتتى. 1964 ـ يىل باش باھارنىڭ بىر كۈنى، ئالىنگتون قەبرىستانلىقىغا تۇتىشىدىغان يولدا تولۇق قوراللانغان ھەربىي ۋە ساقچىلار قاپلاپ كەتتى، كەيپىيات ھەرقانداق چاغدىكىدىن جىددىي بولۇپ، يېقىندا قەستكە ئۇچراپ قازا قىلغان سابىق زۇڭتۇڭ جون كېننېدى بۈگۈن مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنماقچىدى.

جونسون ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ قەستلەش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى. 1963 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پاكاراند دوختۇرخانىسى زۇڭتۇڭ كېننېدىنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۇ داللاستىكى رىيېۋ ئايروپورتىغا قايتىپ كېلىپ، كېننېدى ئىككى سائەت ئىلگىرى ئولتۇرغان «ھاۋا ئارمىيە — 1» ناملىق مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇردى ھەمدە يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىكى ئايال سودىيە خوگبىسنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قەسەم بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز بەشىنچى زۇڭتۇڭى بولۇپ قالدى. كېننېدىنىڭ بەستلىك قامىتىنى جونسون مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى. ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىدە، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئەزەلدىنلا ئىسمى بار جىسمى يوق ئەمەلدار، زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقىنىلا ئىجرا قىلىدىغان قورال بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، جونسون ئۇنداق بولمىغانىدى. ئۇ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان ئوتتۇز بەش ئاي ئىچىدە، كېننېدىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى ۋە ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى ئىلگىرىكى

مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلارنىڭ ھەرقاندىقىنى بىسىپ چۈشكەن بولغاچقا، جونسون ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. كېننېدى ھەتتا ئىلگىرى قول ئاستىدىكىلەرگە: «جونسوننىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ئىنىم روبېرتنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ!» دېگەن، جونسون باشقىلاردىن بۇنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇش بولغانىدى.

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىشى جونسوننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. كاتىپى كىرىپ ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى بەردى. جونسون ئاچ سېرىق رەڭلىك كونۋېرتنىڭ ئۈستىدىكى «زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ قاتنىشىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!» دېگەن چىرايلىق بىر قۇر خەتنى كۆردى. بۇ كېننېدى خانىم جاككۋېلىننىڭ خېتى ئىدى، جونسون دەرھال خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، جاككۋېلىننىڭ كېننېدىغا دۆلەت دەپنىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى ئۇقتى ھەمدە ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا جاككۋېلىننىڭ ئىلتىماسىغا «قوشۇلىمەن» دەپ تەستىق سالدى.

داللاستىكى قاباھەتلىك جۈمە جاككۋېلىندا تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئەسلىمە قالدۇرغان بولۇپ، قىران ئېرىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە «مەن ھەسرىتىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، جېكنىڭ (كېننېدىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى) ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلاي، شۇندىلا، ئۇنىڭ روھى تەسەللى تاپىدۇ!» دەپ تەسەللى بەردى ھەمدە يېڭى زۇڭتۇڭ جونسونغا خەت يېزىپ، كېننېدى ئۈچۈن دۆلەت دەپنىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېننېدىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا، ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئېغىر - بېسىق بولدى! بىراق، ھەر كۈنى كەچتە ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچاتتى، كېننېدى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن بەختلىك كۈنلەرنى ئەسلەيتتى. جاككۋېلىن بىلەن كېننېدى 1951 - يىل يازدا تونۇشقانىدى. شۇ كۈنى،

جاككۆبلىن تەكلىپكە بىنائەن، يېقىن دوستى چارلىز باتنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا باردى ھەمدە ياش، كېلىشكەن جون كېننېدى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى.

چارلىز بات شۇ مەزگىلدە ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان كېننېدىغا جاككۆبلىننى تونۇشتۇرۇپ:

— بۇياق «دەۋر ئاۋانگارتلىرى گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى جاككۆبلىن بوۋۋېر خېنىم بولىدۇ، — دېدى.

ئىككىسى ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن، كېننېدى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى. ئەمدىلا يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ ياش ئاۋام پالاتا ئەزاسىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە خاس قاراشقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتتىمۇ مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكى، گەپ - سۆزنىڭ ئورۇنلۇق ھەم ۋەزمىنلىكى جاككۆبلىننى ھەيران قالدۇردى. خوشلىشىدىغان چاغدا، ھەر ئىككىلىسى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش تېلېفونلىرىنى يېزىۋېلىشتى. كېننېدى جاككۆبلىندا ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇرغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، كېننېدىنىڭ ئۆزگىچە سالاپىتى ۋە خۇش چاقچاق مىجەزى ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى.

ئاي نۇرى ئەينەكتىن ئۆتۈپ ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ تۇراتتى، جاككۆبلىن ھۇجرىسىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئەتە كېننېدىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى. لېكىن، شۇ تاپتا جاككۆبلىن يەنىلا كېننېدى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن مۇھەببەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتاتتى. شۇ قېتىم ئىككىسى تۇنجى يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، كېننېدى جاككۆبلىن بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇردى. ئىككى يىلغا يېقىن ئارىلىشىش داۋامىدا، ئۇلار بىر - بىرىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. كېننېدىنىڭ ياش سىياسەتچىلەرگە خاس ئالاھىدە

سىھىرىي كۈچى ۋە جاككۈبلىنىڭ ئائىلىلارغا خاس نازاكەتلىك تۇر-
قى ئۇلارنى ئاخىر ئايرىلماس جۈپلەرگە ئايلاندۇردى. 1953 -
يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇلار توي قىلدى. ئون يىلدىن
كېيىنكى شۇ كۈنى، ئۇلار خامېرسىمېت دېھقانچىلىق مەيدانىدا
توي قىلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلىدى. بىراق ئويلىمى-
غان يەردىن، ئىككى ئاي ئۆتۈپلا، داللاستا قورقۇنچلۇق ئوق
ئاۋازى ياڭرىدى...

قارا رەڭلىك بىر توپ ماشىنا ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ مۇھا-
پىزىتى ئاستىدا ۋاشىنگتوننىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئالىنگتون دۆ-
لەت قەبرىستانلىقىغا قاراپ ماڭدى. يول بويى جىددىي ھالەتتە
تۇرغان ھەربىي ۋە ساقچىلار كىشىدە ئاجايىپ سۇرلۇك بىر تۇيغۇ-
نى پەيدا قىلاتتى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، كېنىېدىنىڭ ئائىلى
جاككۈبلىن ئالىنگتون دۆلەت قەبرىستانلىقىدىكى سابىق زۇڭتۇڭ
كېنىېدىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان نەق مەيداندا پەيدا
بولدى. ئۇ ئۇچىسىغا قارا رەڭلىك كىيىم كىيگەن بولۇپ، بېشى-
غا ئارتىۋالغان قارا گاز ياغلىقىنىڭ ئۇچى سوغۇق شامالدا يەلپۈ-
نۈپ تۇراتتى! قەبرىستانلىق زۇڭتۇڭ كېنىېدىنىڭ دەپنە مۇراسى-
مىغا قاتنىشىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن
دۆلەت باشلىقلىرى، پادىشاھلار ۋە ئەلچىلەر بىلەن توشۇپ كەت-
كەن بولۇپ، ھەممىسىلا دەپنە مۇراسىمىنىڭ باشلىنىشىنى كۈ-
تۈپ تۇراتتى. قايغۇلۇق مۇزىكا ئارلىنگتون قەبرىستانلىقىدا ياڭ-
راشقا باشلىغاندا، جاككۈبلىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىدىن
تامىملاپ ياش تۆكۈلدى! ئېرى كېنىېدىنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋې-
لىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا
ياڭرىغاندەك بولدى.

«ئۆزۈڭلەردىن ‹دۆلىتىم مەن ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ
بېرەر؟› دەپ سورىماي، بەلكى ‹مەن دۆلىتىم ئۈچۈن نېمە
ئىشلارنى قىلىپ بېرەرمەن؟› دەپ سوراڭلار...»

كېنىېدى دۆلىتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىدى.
كېنىېدىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر ئۇ ئاقسارايغا كىرگەندىن
كېيىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مىڭ كۈننى كۆز ئالدىغا كەلتۈر-
دى. كېنىېدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىچكى سىياسەت جە-
ھەتتە شەھەرلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاش، مائا-
رىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، يېزا
ئىگىلىك پىلانىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، تەبىئىي بايلىق مەن-
بەلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش، ياشانغانلارغا خاتىرجەم داۋالىنىش
شارائىتى يارىتىپ بېرىش، ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش،
نېگىرلارنى باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىشقا ئوخشاش ئامېرىكا خەل-
قىگە پايدىلىق نۇرغۇن تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ تاشقى
سىياسەت جەھەتتە، «جانلىق ئىنكاس ئىستراتېگىيىسى»نى ئوت-
تۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئەۋزەل-
لىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، زامانىۋى قورالLARنى زور كۈچ
بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە ئامېرىكىنىڭ نورمال كۈچى ۋە ھەربىي ئىشلار
جەھەتتىكى ھەرىكەتچانلىقىنى پائال كۈچەيتىپ، ئامېرىكىنى
«ھەر تەرەپلىمە ھەربىي ئىقتىدار»غا ئىگە قىلىش ئارقىلىق،
رايونلار ئۇرۇشى ۋە ئالاھىدە ئۇرۇشلارغا قاتنىشالايدىغان ھالەتكە
كەلتۈرگەنىدى...

قارا رەڭلىك بىر مەرمەر تاش كېنىېدى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا
كەتكەن تۇپراقنىڭ ئۈستىگە مەزمۇت قىلىپ تۇرغۇزۇلدى ھەمدە
كېنىېدىنىڭ سۈرىتى ئاستىغا «جون فېتزگېرالد كېنىېدى
(1917 — 1963)» دېگەن بىر قۇر خەت ئويۇپ قويۇلدى.

دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن شۇ كۈنى ئاخشىمى، كېنىې-
دىنىڭ ئايالى جاككۇېلىن ئاقسارايدىكى زىياپەت زالىدا كېنىېدى
بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن كەلگەن ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلىرى
بىلەن كۆرۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ قامەتلىك بىر ئوفىتسېرنىڭ ئۆزى

تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ھەمدە ئۇنىڭ گېنېرال دېگول ئىكەنلىكىنى تونۇدى. دېگول ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋىدى، ئۇ ئىچ - ئىچىدىن مىننەتدار بولدى ھەمدە يېنىدىكى گۈللەر ئارىسىدىن بىر تال كۆك يوپۇرماقلىق دەستارگۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، دېگولنىڭ قېشىغا كەلدى:

— بۇ كېننېدىنىڭ سىزگە قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى خاتىرە بۇيۇمى بولۇپ قالسۇن، سىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولسۇن...

شۇ تاپتا، ئۇنىڭ خىيالى يەنە جون كېننېدى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن قەبرىستانلىقتا ئىدى. ئېرىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ھېلىھەم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراۋاتاتتى:

«بىز سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنى ئالغا قاراپ يۈكسەلدۈرەيلى!»

## كېننېدىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەقىقىي سىرى

1964 - يىلى، ۋاررېن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش كومىتېتى «كېننېدىنى ئوسۋارىد ئۆزى ئۆلتۈرگەن!» دەپ خۇلاسە چىقارغان بولسىمۇ، تەكشۈرۈش داۋامىدىكى بەزىبىر ئالامەتلەردىن، كېننېدىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىككى تال ئوقنىڭ ئەمەلىيەتتە ئوسۋارىدنىڭ مىلتىقىدىن ئېتىلمىغانلىقى مەلۇم بولغانىدى. نەچچە ئون يىل مابەينىدە، كېننېدىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەقىقىي سىرى كىشىلەر بىردەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مۇرەككەپ تېپىشماق بولۇپ كەلدى.

1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، داللاس شەھىرى. كېننېدىنىڭ قەستكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش زالى ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، بۈگۈنكى بۇ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ئامېرىكىلىق

يىگىرمە توققۇز ياشلىق ياش رىككىي ۋايت كىنىنبىدىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ئۆزى بىلىدىغان ھەقىقىي ئەھۋاللارنى جامائەتكە ئاشكارىلىماقچىدى. ئۇ تەمكىن ھالەتتە ئولتۇرۇپ، زالدىكى مۇخبىرلارغا تەكشى سەپسېلىپ بىر قارىۋەتتى - دە، ئاندىن:

— مېنىڭ دادام روسكوئى ۋايت يىگىرمە يەتتە يىل ئىلگىرى زۇڭتۇڭ كىنىنبىدىنى قەستلەش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، — دېدى. زالنىڭ ئىچىدىكىلەر ھەيران بولغىنىدىن گۇرۇلدىشىپ كەتتى. بىراق، رىككىي ۋايت يەنە شۇنداق تەمكىن ئولتۇراتتى، ئۇ مۇخبىرلارغا ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئالدىرىماي باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەردى. ئون ئىككى يىل ئىلگىرى، رىككىي دادىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى تاسادىپىي ئوقۇپ قالغان ھەم شۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى قەستلەش ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ قالغانىدى. ئەينى چاغدا، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىگە جەمئىي تۆت ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. ئوسۋارىد بۇ قېتىمقى سۇيىقەستكە قاتناشقان بولسىمۇ، كىنىنبىدىگە قارىتىپ ئوق ئاتقان ئۇ ئەمەس ئىدى، كىنىنبىدىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، رىككىينىڭ دادىسى ئايروپورتقا بارىدىغان يولدا يەنە بىر شېرىكىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قەستلەش ھەرىكىتىگە قاتناشقان يەنە بىر قاتىل — رۇبىي بولسا ئوسۋارىدنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى… مۇخبىرلار رىككىي ۋايت دەپ بەرگەن بۇ ئەينى ئەھۋالنى شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا جامائەتچىلىككە ئېلان قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا دەرگۇماندا قالدى، چۈنكى، رىككىي دادىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى نەق مەيداندا كۆرسەتمىگەن، مۇخبىرلارغا ئۇنى نەچچە يىل ئىلگىرىلا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئەكەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى!

كىشىلەر يەنىلا ھەر خىل پەرەزلەردە بولۇۋەردى، ھەش - پەش دېگۈچە سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى. 1998 - يىلى، فرانسىيىدىكى «فېگاللو» ژۇرنىلىدا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىد-

غان بىر مەخسۇس زىيارەت خاتىرىسى ئېلان قىلىندى. بۇ خاتىرى-
دە كىشىلەرگە ئاشكارىلانمىغان نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغانىدى. كېننېدىنى ئۆلتۈرگەن ئاساسلىق قاتىلنىڭ
تېكساس شتاتىدىكى نېفىت ماگناتى رودسېن خونتېر بىلەن شۇ
چاغدىكى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لىندېن جونسون ئىكەنلىكى ئىسپاتلان-
غانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭدا زىيارەت قىلىنغان شەخس دەل
كېننېدى قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەندىن كېيىنلا قەسەم بېرىپ ۋەزى-
پىگە ئولتۇرغان زۇڭتۇڭ جونسوننىڭ ئاشنىسى مادېرىننا براۋن
ئىدى. «فېگاللو» ژۇرنىلى ئەڭ باشتا مادېرىننا براۋن توغرىسىدا
قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بەردى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ ياش ۋاقتىدا
جونسوننىڭ ئاشنىسىغا ئايلانغان، يىگىرمە نەچچە يىللىق ئاشنى-
دارچىلىق داۋامىدا جونسوندىن بىر ئوغۇل تۇغقانىدى. 1973 ـ
يىلى جونسۇن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئوغلىمۇ 1990 ـ يىلى
راك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. شۇ يىلى، داللاستىكى رىك-
كىي ۋايت كېننېدىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى قىسمەن ئەھۋاللار-
نى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، مادېرىننا براۋن ئىشنىڭ ھەقىقىي
ئەھۋالىنى بىراقلا ئاشكارىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن، قەستلەش
ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئوتتۇز بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى 1998-
يىلى، ھېچقانداق تىل قىسىنچىلىقى بولمىغان شارائىتتا، ئۇ
ئۆزى بىلىدىغان بارلىق ئەھۋالنى مۇخبىرغا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

1963 ـ يىل 10 ـ ئايدا، كېننېدى ئامېرىكىنىڭ باج
يىغىش سىياستىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولدى، بۇ ئامېرىكىدىكى
نۇرغۇن چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتماي
قالمايتتى، تېكساس شتاتىدىكى نېفىت مونوپول گورۇھىنىڭ خو-
جايىنى رودسېن خونتېر ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. باج سىيا-
ستىدە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،
رودسېن ئولتۇرالماي قالدى، ھەتتا «كېننېدىنىڭ بۇ قىلىقى
ئامېرىكا ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ!» دەپ قاقشىدى. ئۇ

مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جونسون بىلەن يۇرتداش ھەم ئۇزۇن يىللىق دوست ئىدى. شۇڭا، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا، ئۇ جونسوننى ئىزدەپ بېرىپ، بۇ ئىسلاھاتقا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جونسوننىڭ كېننېدى بىلەن بولغان نازۇك مۇناسىۋىتىنى ئۇ ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. 1960 - يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدىن ئىلگىرىلا، كېننېدى جونسوننى مەغلۇپ قىلىپ، زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاچقا، جونسوننىڭ ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچمەنلىكى بار ئىدى. كېيىنچە، كېننېدى ئۇنى ئۆزىنىڭ سايلام ھەمراھى — مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتى قىلىپ تاللىۋالغان بولسىمۇ، بۇنىڭ جونسوننى قوللايدىغان جەنۇب تەرەپتىكى سايلىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىر ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. كېيىن، جونسون كېننېدى ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا، كېننېدى ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، كېننېدىنىڭ ئۆزىنى ئىنىسى روبېرتچىلىك كۆرمەيدىغانلىقىنىمۇ ئۇ ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. يەنە كېلىپ، پات ئارىدا باشلىنىدىغان زۇڭتۇڭ سايلىمىدا، كېننېدىنىڭ ئۆزىنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئورنىدا داۋاملىق ئولتۇرغۇزۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئۇ ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. كېننېدى «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. رودسېن بىلەن جونسوننىڭ كۆرۈشكەندە نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، ئىككىسىنىڭ كېننېدىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

1963 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، داللاستىكى ئېلمو كوچىسىدا نومۇر تاختىسى يوق ئۈچ ماشىنىنىڭ جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقان رايوندا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى بىر تۆمۈريول ئىشچىسى كۆرگەنىدى.

قەستلەش ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، سائەت ئون ئىككىلەر بولغان چاغدا، ئۇ يەنە ئۈچ ئادەمنىڭ يول بويىدىكى ياغاچ رېشاد-كىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرغانلىقىنى، ئارىسىدىكى بىرىنىڭ قورال كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردى ھەمدە ئۇلارنى زۇڭتۇڭ كېنې-نېدىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى. بۇ ئىشچى 1966 ـ يىلى يازدىكى بىر قېتىملىق غەلىتە قاتناش ۋەقەسىدە سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ تەمىنلىگەن ئەھۋاللاردىن، زۇڭتۇڭنى قەستلىگەن قاتىلنىڭ ھەرگىزمۇ بىرلا ئادەم ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىپ قالغانىدى. مادېرىننا بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە كېنىېدىنىڭ دالّلاسقا زىيارەتكە بارىدىغان-لىق خەۋىرى ئېلان قىلىنىشتىن ئون كۈن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ رودسېن خونتېرنىڭ يېقىن دوستى، كېچىلىك بەزمىخانىنىڭ خوجايىنى جېك رۇبېنىنىڭ ئۆيىدە كېنىېدىنىڭ ماشىنا ئەترىتى-نىڭ مېڭىش لىنىيىسى چۈشۈرۈلگەن خەرىتىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى!

1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يەنى زۇڭتۇڭ كېنىېدى دالّلاسقا زىيارەتكە بارىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى، مادېرىننا ئېدگار خوئوۋېر ئىسىملىك بىرى ئۆتكۈز-گەن كەچلىك زىياپەتكە قاتناشتى. زىياپەتكە نۇرغۇن كاتتا ئەمەل-دارلار ۋە بايلار يىغىلغان بولۇپ، جونسون بىلەن رودسېن خون-تېرمۇ بار ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە، جونسون بەكلا كېچىكىپ كەلدى، كېلىپلا ئۇزاق ئۆتمەي، رودسېن قاتارلىق بىرنەچچەيلەن-نى بىر كىچىك ئۆيگە چاقىرىپ ئەكىرىپ، يىگىرمە نەچچە مىنۇت يىغىن ئاچتى. ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىققان چاغدا چىرايىنى مەمنۇن-لۇق ئالامەتلىرى قاپلىغانىدى. ئۇ ئاشنىسى مادېرىننانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئاندىن ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئاپىرىپ:

— ئەتىدىن باشلاپ ئۆلگۈر كېنىېدى ماڭا پۇتلىكاشاڭ بولال-

مايدۇ. بۇ تەھدىت ئەمەس، مەن دېگىنىمنى قىلىمەن، — دەپ پىچىرلىدى. ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى، مادېرىنىنا جونسوننىڭ كېنىنېدى بىلەن بىللە چۈشكەن مېھمانخانىدىن بەرگەن تېلېفوننى ئالدى. بىردەم ئىشقىي پاراڭلارنى قىلىشقاندىن كېيىن، جونسون يەنە ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى دېگەن گېپىنى قايتا بىر تەكرارلىدى. شۇ چاغدا، كارىۋاتتا ئەمدى ئۇخلاي دەپ ياتقان مادېرىنىنا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئېرەن قىلماي كۈلۈپلا قويدى - دە، ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى. بىراق، نەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۇ كېنىنېدىنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىدا، جونسوننىڭ ئۆزىگە ئىككى قېتىم دېگەن گېپىنىڭ ھەرگىزمۇ بىكار ئېيتىلغان گەپ ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئاندىن چۈشەندى.

1963 - يىل 12 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئاخشىمى، يەنى، كېنىنېدى قەستكە ئۇچراپ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مادېرىنىنا ئۆزىنى پەقەتلا باسالماي، جونسوندىن ئۇنىڭ كېنىنېدىنى قەستلەش دېلوسىغا قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىنى سورىدى. كەيپى خۇش ئولتۇرغان جونسوننىڭ شۇ ھامان قاپىقى تۈرۈلدى ھەمدە ئۇنىڭغا:

— بۇ يىرگىنچلىك سوئالنى ئەمدى ئىككىنچىلەپ سورىماڭ! — دېدى. بىرنەچچە مىنۇتلۇق سۈكۈتتىن كېيىن، غەزىپى بېسىلغان جونسون مادېرىنىناغا يېقىن كېلىپ، پەس ئاۋازدا، — سىز رودسېن خونتېر قاتارلىق دوستلىرىمنى تونۇيسىزغۇ، كېنىنېدىنى ئەنە شۇلار ئۆلتۈردى! — دېدى. مادېرىنىنا جونسونغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مىلاد بايرىمى يېتىپ كەلدى. بايرامنىڭ ھارپا كۈنى ئاخشىمى، مادېرىنىنا تېكساس شتاتىدىكى نېفىت ماگناتى رودسېن خونتېر بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. رودسېن ناھايىتى كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە زوڭتۇڭ جونسوننىڭ بۇ ئاشنىسىغا: «بىز بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدۇق!» دېدى. ئۇنىڭ زوڭتۇڭ كېنىنېدىنى قەستلەش ھەرد-

كىتىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى مادېرىننا دەرھال چۈشەندى! شۇ
كۈنى بايرام ھارپىسى بولسىمۇ، ئۇ قىلچە خۇشال بولالمىدى،
چۈنكى، ئۇ كېننېدىنىڭ قەستكە ئۇچرىشىدىكى بارلىق ئەھۋاللار-
دىن تولۇق خەۋەردار ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى! مادېرىننا ئۇ-
زاق يىللار ئويلاندى ھەمدە بۇ مەخپىيەتلىكنى جامائەتچىلىككە
ئاشكارىلىماسلىق نىيىتىگە كەلدى. ئوتتۇز بەش يىلدىن كېيىن،
ئۇ قارارىنى ئۆزگەرتىپ، كېننېدىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەقىقىي سى-
رىنى ئاخىرقى ھېسابتا دۇنياغا ئاشكارىلىدى!

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## نادامەت ئىچىدە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى

### — ئوتتۇز بەشىنچى زۇڭتۇڭ لىندون بايىنىس جونسون



لىندون بايىنىس جونسون 1908 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېكساس شتاتىنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك كەنت ستونۋېلدا تۇغۇلغان. ئاتا ـ بوۋىسى ئەنگلىيىلىك كۆچمەن بولۇپ، ئائىلە شارائىتى خېلىلا ياخشى ئىدى. ئۇ 1924 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كالىفورنىيە شتاتىغا بېرىپ ئىشچى بولغان. ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك يولى تاپالمىغاندىن كېيىن، 1927 ـ يىلى تېكساس شتاتىدىكى غەربىي جەنۇب پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، تارىخ ۋە سوتسىئولوگىيە ئىلمىنى ئۆگەنگەن؛

1930 ـ يىلى تەكلىپكە بىنائەن خيۇستوندىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان، شۇ مەزگىللەردە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، سىياسىي ساھەدىكى نۇرغۇن داڭلىق ئەربابلار بىلەن تونۇشقان، كېيىنكى يىلى يېڭىدىن سايلانغان پارلامېنت ئەزاسى كلايبېرگېرنىڭ كاتىپى بولغان؛ ئۇزاق ئۆتمەيلا كلاۋدىيە تايلېر خېنىم بىلەن تونۇشقان،

ئىككىسى توي قىلغاندىن كېيىن، كلاۋدىيە خېنىمنىڭ دادىسىدىن قالغان نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ۋارىسلىق قىلىپ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئارد-ىسىغا قوشۇلغان؛

1935 ـ يىلى مەملىكەتلىك ياشلار مەھكىمىسى تېكساس شتاتلىق شۆبە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1937 ـ يىلى ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1941 ـ يىل 12 ـ ئايدا پالاتا ئەزالىقىدىن ۋاز كېچىپ، دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتناشقان ھەمدە مايور بولغان؛ ئىككىنچى يىلى ھەربىيلىك ھاياتىنى تاماملاپ، ئاۋام پالاتاسى دېڭىز ئارمىيە كومىتېتى ئالاھىدە تەكشۈ-رۈش گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان؛

1948 ـ يىل 11 ـ ئايدا كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ھەم شۇ مەزگىلدە ھەربىي تەييارلىقلارنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن؛

1951 ـ يىلى كېڭەش پالاتاسىدىكى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ داھىيـ-سى بولغان ھەمدە قوشۇمچە كېڭەش پالاتاسى ئاۋئىئاتسىيە ۋە ھاۋا بوشلۇقى پەن ـ تېخنىكىسى كومىتېتىنىڭ رەئىسى، پۇل تەستىقلاش كومىتېتى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىد-گەن؛

1960 ـ يىل 7 ـ ئايدا، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا ئېرىشەلمىگەن، لېكىن، ئىككىنچى يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلانغان؛

1963 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېنىدى قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان؛

1964 ـ يىلدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن يەنە بىر نۆۋەت زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛

1969 ـ يىل 1 ـ ئايدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇپ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، تېكساس شتاتىدىكى فېرمىسىغا قايتىپ كەلگەن، بىكارچىلىقتا «يىراققا نەزەر» ناملىق ئەسلىمىنى يېزىش ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغان؛

1973 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاتمىش بەش يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ۋېيتنام ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت ئۇنى ئاممىنىڭ لەنىتىگە قالدۇردى

جونسون ئاخىر ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان يۇرتى ستونۋېلغا قايتىپ كەلدى.

بۇ 1969 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىدى.

تەختتىن چۈشكەن بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ كەتكەن يايلاق يېيىلىپ ياتاتتى. تېكساس شتاتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ يايلاق ياز پەسلىدە ياپيېشىل تۈسكە كىرەتتى، قوي ـ كالىلار ئەركىن يايلاپ يۈرەتتى. جونسون كىچىك چاغلىرىدا مۇشۇ يايلاقتا چوڭ بولغان، پادىچىلارنىڭ يېقىملىق ناخشىسى ئۇنىڭدا چەكسىز گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇ ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كەلگەن چاغدا سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان يايلاقتا تېخىچە قار توپلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتتى.

«باينېس، ئىچىڭىز نېمدېگەن تار؟ ئىشلارنى توغرا تەرەپكە تارتىپراق ئويلىسىڭىزچۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، زۇڭتۇڭ سايلىمىغا ئەمدى قاتناشمايمەن دېگەنمۇ ئۆزىڭىزغۇ؟» يايلاقتىكى تارغىنە يولغا توختىتىپ قويۇلغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتىن پۇزۇر كىيىنگەن بىر خانىم چۈشتى. ئۇ جونسون بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئايالى كلاۋدىيە تايلېر ئىدى. ئەينى يىللاردىكى بۇ ئېسىلزادە خېنىمنىڭ ھازىر چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان بولسىمۇ، ئېسىلزادىلەرگە خاس سالاپىتىنى ھېلىھەم يوقاتمىغانىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ئېرىنىڭ قارلىق دالاغا غەمكىن ھالەتتە قاراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلىرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلىرىنى ئويلاپ قالدى. ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە كۈنلەر بىلەن خوشلاشقىنىغا ئۇنىڭمۇ ئىچى ئېچىشۋاتقان بولسى-

مۇ، بۇنداق چاغدا ئېرىنىڭ تەسەللىگە تېخىمۇ بەكرەك موھتاج ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەتتى.

جونسون تايلېر خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى، ئۇ ئۇچىسىغا كۇل رەڭ پىلاش يېپىنچاقلىۋالغان بولۇپ، سوغۇق شامالدا ئۈن - تىنسىز تۇراتتى. تۈنۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى نېكسون ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا كۆلىمى ئىنتايىن زور بولغان ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنىدى. جونسون يېڭىدىن تەختكە چىققان بۇ ئادەمنى ياقتۇرمىسىمۇ، تايلېر خانىمنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىپ، ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى روھىي ئازابقا زورمۇ زور چىداپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقانىدى.

جونسونغا روھىي جەھەتتىن ئېغىر كەلگىنى ھەرگىزمۇ نېكسوننىڭ تەختكە چىققىنى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سايلام مەزگىلىدە ۋيېتنام ئۇرۇشىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلغانلىقى ئىدى. چۈنكى، ۋيېتنام ئۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، بىر يىل ئىلگىرىلا جونسون دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەمدى زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىنى تالاشمايدىغانلىقىنى، داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولۇش خىيالىنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى. ئەينى يىلى ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ قوزغىغان ۋيېتنام ئۇرۇشىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئېغىر بىر يۈككە ئايلىنىپ ئۆزىنى بىر مىنۇتمۇ ئارامىدا قويمايدىغانلىقىنى ئۇ ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

«بۇنداق بولارىنى بىلسەم، ئەينى چاغدا ئۇ ئۇرۇشنى قوزغىماس ئىدىم.» جونسون ئۆز يۇرتىدىكى قار - مۇزلار تېخى ئېرىمىگەن يولدا ئالغا قاراپ كېتىپ باراتتى. بىر جۈپ غەمكىن كۆزى قارلىق دالادىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يىراقتىكى كىچىك بىر

داچىغا تىكىلدى. نەچچە يىل ئىلگىرى تايلېر خانىم ئىككىسى پۇل
چىقىرىپ سېتىۋالغان بۇ داچا ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى فېرمىسىنىڭ
مەركىزى ھېسابلىناتتى. «ھەي، مەن ۋىيېتنامغا ئەۋەتكەن شۇن-
چىۋالا كۆپ ئەسكىرىي كۈچنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈمنىڭ
بويىنىغا سىرتماق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويى-
لاپ يەتمىگەندىمەن؟» جونسون زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن بوشى-
نىپ، ئۆتكەنكى ئىشلارنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئەسلىگەن چېغى-
دا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى تېخى-
مۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. 1963 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 -
كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر كۈن ھېسابلىناتتى.
شۇ كۈنى، ئۇ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق سالاھىيىتى بىلەن زۇڭتۇڭ
كېننېدىغا ھەمراھ بولۇپ، يۇرتى تېكساس شتاتىغا زىيارەتكە
كەلگەنىدى. ئويلىمىغان يەردىن، ئۇلارنىڭ ماشىنا ئەترىتى داللا-
س شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا،
ئۇستى ئوچۇق ماشىنىدا ئولتۇرغان كېننېدى قاتىللارنىڭ سۇيى-
قەستىگە ئۇچرىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئايالى تايلېر
خانىم بىلەن زۇڭتۇڭ كېننېدىدىن قالغان «ھاۋا ئارمىيە — 1»
ناملىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، داللاس ئايروپورتىدىن پايتەخت
ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلدى. ۋاشىنگتونغا قايتىپ كېلىۋاتقان
يول ئۈستىدە، ئايال سودىيە خوگېسنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قەسەم
بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز بەشىنچى زۇڭتۇڭى بولغانلىقى ھې-
لىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ئۆزىنى بارسا كەلمەس يولغا باش-
لاپ ماڭدى. چۈنكى، ۋىيېتنامغا قارشى بىر مەيدان ئۇرۇش
قوزغاش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مۇنداقلا كاللىسىغا كېلىپ قالغان ئوي
ئەمەس ئىدى. 1954 - يىلى جەنۋەدە ئىمزالانغان «كېلىشىم»
گە ئاساسەن، ھىندىچىنى دۆلەتلىرى كەينى - كەينىدىن مۇستە-
قىل بولدى. لېكىن، ھەرقانداق بىر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كوممۇ-

نىزىم ئېقىمىنىڭ ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىغىچە يامراپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايتتى. ئېيزىنخائۇئېر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدىلا، ئۇ ۋيېتنامغا پات - پات ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ۋۇتىڭيەننى قوللىغانىدى. كېيىن، كېنىېدى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، شىمالىي ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىي ۋيېتنامنى يۇتۇۋېتىش ئېھتىماللىقىغا ئالاھىدە ھوشيار پوزىتسىيە تۇتتى ھەمدە ۋيېتنام ئورمانلىقلىرىغا زور بىر تۈركۈم ھەربىيلەرنى ئەۋەتىپ خۇ جىمىڭغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەردى. جونسوننىڭ ھازىر ئۆكۈنىدىغىنى شۇكى، شۇ چاغدا ئۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى تولۇق پەرەز قىلماي تۇرۇپلا، زوڭتۇڭ كېنىېدىنىڭ سىياسىتىنى قارىغۇلارچە ئىجرا قىلىپ، ۋيېتنامغا تېخىمۇ زور تۈركۈمدە ئەسكىرىي كۈچ يۆتكىگەنىدى. مۇبادا، ئۇ يېڭىلا تەختكە چىققان چاغدا، ئۇرۇشنىڭ بۇگۈنكىدەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن بولسا، كېنىېدى ۋيېتنامغا ئاران ئون مىڭ ئەسكەر ئەۋەتكەن چاغدىلا ئىشنى دەرھال يىغىشتۇرۇۋالسا تامامەن ئۇلگۇرەتتى. ئەپسۇسكى، شۇچاغدا ئۇ ۋيېتنامدىكى ئۇرۇشنى بىر ياكى ئىككى يىل ئىچىدىلا ئاخىرلىشىدۇ دەپ خاتا پەرەز قىلغاچقا، ئەسكىرىي كۈچىنى داۋاملىق كۆپەيتكەن، 1966 - يىلى بۇ ئۇرۇشنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىدا ئاللىبۇرۇن كېچىككەنىدى. چۈنكى، بەش يۈز مىڭغا يېقىن ئامېرىكا ئەسكىرى ۋيېتنام ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلىپ بولغانىدى. جونسون قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى!

«مەن نېمىدېگەن ھاماقەت!»

جونسون ئۆزى يالغۇز ئالغا قاراپ مېڭىپ كېتىۋاتاتتى، تايلېر خانىم كەينىدىن نېمىلەرنىدۇر دەپ توۋلىغان بولسىمۇ، ئۇ چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن قار - مۇزلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ ماڭغىنىچە ھېلىقى داچىغا قاراپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ

كۆڭلى بەكلا پاراكەندە بولغاچقا، ئۆزى يالغۇز ماڭغاچ خىيال
سۈرۈۋالغۇسى كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى زۇڭتۇڭ-
لاردىنمۇ ئۆتەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تەختتىن چۈشكەنلى-
كىنى، بۇنىڭ ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق ۋيېتنام ئۇرۇشىغا قول
تىقىپ سالغانلىقىدىن بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتاتتى.
ئۇ دەسلەپتە ئېيزىنخائۇئېرغا بەكمۇ ھەۋەس قىلغان، ئۇنىڭ ياۋرو-
پا ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىپ، پۈتكۈل ئامېرىكىلىقلارنىڭ
نەزىرىدىكى قەھرىمانغا ئايلانغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن زوقلانغان،
شۇڭا ۋيېتنامدا بىر مەيدان غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىپ، شۇ
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلىمەكچى بولغان، ھەتتا مۇشۇ
نەتىجىسى بىلەن ۋاشىنگتون، روزېۋېلتلارغا ئوخشاش ئەۋلادتىن-
ئەۋلادقا نامى يادلىنىپ تۇرىدىغان مەشھۇر زۇڭتۇڭ بولۇپ قېلىش
تەمەسىدىمۇ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئاقسارايغا كىرىپ ئۇزاق ئۆت-
مەيلا، يۇقىرىقىدەك تەۋەككۈلچىلىك كەيپىياتىدا تۇرۇپ، «ما-
دوكس» ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوتنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، دۇن-
يانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «شىمالىي قولتۇق ۋەقەسى»نى پەيدا
قىلدى ھەمدە پارلامېنتنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا ھوقۇق بېرىشىنى
قولغا كەلتۈرۈپ، ۋيېتنامدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا چوڭ - چوڭ
ئىشلارنى تەۋرەتمەكچى بولدى. ئەپسۇسكى، كېيىنكى ئەمەلىيەت
ھەم كۆلكىلىك، ھەم پاجىئەلىك بولدى، 1965 - يىل 2 -
ئايدا ئۇ ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ۋيېتنام-
نىڭ شىمال تەرىپىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى؛ بىر ئاي-
دىن كېيىن، يەنە قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىمنى ۋيېت-
نامنىڭ داناڭ پورتىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشقا بۇيرۇدى؛ 1966-
يىلى يەنە ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى شىما-
لىي ۋيېتنامنىڭ پايتەختى خانويىنى بومباردىمان قىلىشقا باشلى-
دى. شۇ چاغدا، جونسۇن ۋيېتنامدا قىسقا مۇددەتلىك ھەم تېز
سۈرئەتلىك ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق تېزرەك

غەلىبىگە ئېرىشىشنى ئويلىغانىدى. بىراق، ئىش ئۇ ئويلىغاندەك بولماي قالدى، ئۇ ئەسكەرنى كۆپلەپ ئەۋەتىۋەرگەنسېرى، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى ۋيېتنام ئۇرۇشىغا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرىي كۈچنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكىنىمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكى، ئۇرۇش چىقىمىنىڭ ئېزىنخائۇئېر ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىغا سەرپ قىلغان ھەربىي چىقىمدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا دوكلات سۇنغان چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈچۈگەن ھالدا ھېس قىلدى: ۋيېتنام ئۇرۇشى داۋاملىشىۋەرسە، ئامېرىكىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى، ھەربىي چىقىمى ۋە قورال - ياراغلىرى تېخىمۇ زور زىيانغا ئۇچرايتتى، غەلىبىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى!

جونسون ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا قالدى. پارلامېنت ئۇنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. نۇرغۇن پارلامېنت ئەزالىرى: «جونسوننىڭ ۋيېتنامدىكى ئۇرۇشنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋېتىشى پۈتۈنلەي بىر خىل ھەربىي تەۋەككۇلچىلىك!» دەپ قارىدى. جونسون ئەينى چاغدا شىمالىي ۋيېتنامنىڭ كەينىدىكى جۇڭگونى ئانچە نەزىرىگە ئېلىپ كەتمىگەنىدى. بىراق، ۋيېتنام ئۇرۇشىنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ خۇ جىمىڭ رەھبەرلىكىدىكى شىمالىي ۋيېتنامنىڭ جۇڭگوغا ئوخشاش كۈچلۈك سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاندىن سېزىپ قالدى. ئۇ ئەۋەتكەن ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئۆز ۋەتىنىدىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەچكە، تىرىپىرەن بولۇپ، كەينى - كەينىدىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراۋاتاتتى، ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي خىراجەتنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىپ بېرىشى تۈپەيلىدىن، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىدا بوشلۇق پەيدا بولۇپ،

پۇل پاخاللىشىپ كەتتى. ئەمدىلا تەختكە چىققان جونسون بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— باينىس، ئۇنچىۋالا ئۇمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ! ھوقۇقتىن ئايرىلىش ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەسقۇ! — تايلېر خانىم جونسوننىڭ قارلىق دالىدا بېشى قېيىپ قالغاندەك ئۇنتىنسىز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشكە دەماللىققا كۆنەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشەندى ھەمدە قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇرۇنقىدەكلا مېھرىبانلىق بىلەن:

— ھەرقانداق بىر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالمىغانلا بولسا سىزگە ئوخشاشلا مۇشۇنداق قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن. باشقىلار ئاددىي پۇقراغا ئايلىنالىغان يەردە، سىز نېمىشقا ئاددىي پۇقرا بولۇشتىن قورقىسىز؟ — دېدى. جونسون تۇرۇپ قالدى. ئايالىنىڭ گېپى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانىدى، «توغرا، مەن جونسون ئاددىي پۇقرا بولسام نېمىشقا بولمايدىكەن!» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

## «ئەسلىمە» يېزىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى ئاقلاش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى

ستونۋېل كەنتى تولىمۇ جىمجىت ئىدى. جونسون ھوقۇقتىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ بۇ تۇرمۇشقا بىر مەزگىل كۆنەلمىدى. ئايالى تايلېر خانىمنىڭ قايتا ـ قايتا تەسەللى بېرىشى بىلەن، جىمجىت سەھرا تۇرمۇشىغا ئاخىرقى ھېسابتا بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدى.

كەڭ كەتكەن چارۋىچىلىق مەيدانىدا توپ ـ توپ كالىلار

يايلاپ يۈرەتتى. بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى بېسىش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى پادىچىلار بىلەن بىللە دائىم دېگۈدەك يايلاققا چىقىپ ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ پادىچى بولۇپ قېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ چارۋىلارغا يەم - خەشەك تەييارلاپ بېرىش، چۆپ ئورۇش ۋە چارۋىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆگىنىۋالدى. بەزىدە ئۇ يايلاقتا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيىتاتتى. پادىچىلار بىلەن قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلىشەتتى. كەچتە داچىغا قايتىپ كېلىپ، ئايالى تايلېر خانىم بىلەن ئېسىل ئىچىملىكلەرنى بىللە ئىچكەچ، قىزى روسسىغا شۇ كۈنكى «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» نى ئوقۇتۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلايتتى.

بۇ خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغىمۇ بىر يېرىم يىلدىن ئېشىپ قالدى. جونسون نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى «پۇقراچە» ئۆتكۈزۈشكە، سىياسىي ساھەدىكى باش قېتىنچىلىقلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ، تېكساس شتاتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بۇ تىپتىنچ ماكاندا فېرما خوجايىنى بولۇپ ياشاشقا نىيەت باغلىغان بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈنلەي ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن بۇرۇنقى شان - شەرەپكە مۇشەررەپ بولۇپ ئۆتكەن مىنۇتلار زادىلا يىراق كەتمەيۋاتاتتى، ئاقسارايدىكى مەزگىللەردە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى پات - پات ئەسلەپ قالاتتى. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە، ئۇ چارۋىچىلار بىلەن يايلاقتا ئاۋۇنۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈز ۋە قىش پەسلى يېتىپ كېلىپ، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغان ھامان، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ سىرتقا چىقالمايتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئورۇق بولسىمۇ، چوڭ كېسىلى بولمىغاچقا، تايلېر خانىم بىلەن ئىككى قىزى ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. شۇنداقتىمۇ، جونسون سىياسەتچى

بولغانلىقى ئۈچۈن، سەھرادىكى بۇ خىل تىپتىنچ تۇرمۇشتىن ناھايىتى تېزلا زېرىكىپ قالدى ھەمدە ئايالىغا:

— مۇشۇنداق ياشاۋەرگىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ، — دەپ كۆپ قېتىم زارلاندى. تايلېر خانىم چۆچۈپ كەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— بايېس، سەھرادىكى تۇرمۇشتىن زېرىككەن بولسىڭىز، شەھەردىن ئۆي سېتىۋالايلى، سىز ئۇ يەرگە پات - پات بېرىپ تۇرۇڭ. نيۇيوركتىن بولامدۇ، چىكاگودىن بولامدۇ ياكى ۋاشىنگتوندىن بولامدۇ، ئىشقىلىپ سىز قەيەرنى ياقتۇرسىڭىز، بىز شۇ يەردىن ئۆي سېتىۋالايلى!

جونسون بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدى، ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق بىر شەھىرىدە بىكار يۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاشلا زېرىكىشلىك ئىش ئىدى. كۈن بويى بىكارچىلىقتا ئۆتۈش — ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتقان بىردىنبىر سەۋەب ئىدى.

تايلېر خانىم ئېرىنىڭ نېمىگە تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى - دە، مۇنداق بىر تەكلىپنى بەردى:

— سىز قىلىدىغان ئىشلار شۇنداق جىققۇ، ئەگەر فېرمىغا بېرىشتىن زېرىككەن بولسىڭىز، ئۆيدە ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ ئېزىنخائۇئېرمۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن شۇنداق قىلغانغۇ؟

— يېزىقچىلىق دەمسىز؟ — جونسوننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى.

— ھەئە، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىڭىزنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ، كېيىنكىلەرگە قىممەتلىك بىر مەنىۋى مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ قويىمامسىز؟

— تايلېر، «ئەسلىمە» يېزىشقۇ ياخشى ئىش، ئۇنىڭدا ھەم نام چىقارغىلى، ھەم پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەگەر ياخشىراق نەشرىيات سودىگىرىنى تاپالىساق، بىرمۇنچە قەلەم ھەققىگىمۇ

ئىگە بولۇپ قالىمىز. لېكىن ... ئەنسىرەيدىغىنىم، مېنىڭ «ئەس-لىمە»منى خەقلەر ئوقارمۇ؟
— سىز نېمىلا دېگەنبىلەن زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم ـ دە!
— لېكىن مەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلىمدە ۋېيتنام ئۇرۇ-شىنى قوزغاپ قويدۇم، بۇ ئۇرۇش تا بۇگۈنگە قەدەر داۋاملىشىۋا-تىدۇ. مەن تېرىغان بۇ بالايىئاپەتنى ئامېرىكىلىقلار ھەرگىز كە-چۈرمەيدۇ!
ئېرىنىڭ ئاشۇ نەس باسقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوز-غاپ قويغانلىقى تۈپەيلىدىن تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولغانلى-قىنى، ئۇ ئۇرۇشنىڭ تېخىچە ئاياغلاشمايۋاتقانلىقىغا ھازىرمۇ ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى تايلېر خانىم ئوبدان بىلەتتى. جونسون ھەر كۈنى دېگۈدەك رادىئو ۋە گېزىتتىن ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ۋېيتنام ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت ئەھۋالى توغرى-سىدىكى خەۋەرلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. تايلېر خانىم بىر-دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ مۇنداق دېدى:
— باينېس، ئامېرىكا خەلقى سىزنىڭ بۇ نەس باسقان ئۇ-رۇشقا نېمە سەۋەبتىن سۆرىلىپ كىرىپ قالغانلىقىڭىزنى چۈشەن-مەيۋاتقان گەپ. سىز شۇڭا بىر كىتاب يېزىپ، كۆڭلىڭىزدىكى گەپلەرنى ئۇلارغا دېيىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىزلا، كى-شىلەر سىزنى چۈشىنىدۇ ھەم ئەپۇ قىلىدۇ!
جونسون ئايالىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە 1970-يىلى يازدىن باشلاپ، «ئەسلىمە» سىنى يېزىشقا كىرىشتى. «يە-راقتا نەزەر — 1963 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە بولغان ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق بۇ ئەسلىمىسىدە، ئۇ ئالدى بىلەن تەختكە چىققاندىن كېيىنلا يولغا قويغان «ئۇلۇغۋار جەمئى-يەت» پىلانىنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسى-لىي توختالدى. ئۇ جونسوننىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش پروگرام-

ىمسى ۋە دۆلەتنى ئۆزگەرتىش پىلانى بولۇپ، ئەگەر ئۇ مۇشۇ پىلاننى ھەقىقىي تۇردە ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولسا، ئامېرىكىلىق-لارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇمۇ ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش، تەختكە چىقىپلا يۇرگۈزگەن تاشقى سىياسىتىدە «ھەربىي كېڭەي-مىچىلىك» تىن خالىي بولالمىدى. 1962 ـ يىلى دومىنىكا جۇم-ھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ خۇئان بورسېلنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ئاسا-سىي قانۇننى ئېلان قىلىۋىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا، جونسون ھەربىي قالايمىقانچىلىق قوزغاپ، نەچچە ئون مىڭلىغان ئامېرىكا ئەسكە-رىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بۇ دۆلەتنى بېسىۋالدى. بىر ەر كىچىك دۆلەتكە قوراللىق مۇداخىلە يۇرگۈزۈشنى جونسون چوڭ ئىش دەپ قارىمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇ «ئەسلىمە» يېزىۋاتقان چېغىدا، ئۆزىنىڭ ۋيېتنام ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قالغىنىغىلا چوڭقۇر ئۆكۈندى!

ئۇ ستونۋېل فىرمىسىدىكى داچىسىدا ئولتۇرۇپ، «ئەسلە-مە» يېزىش داۋامىدا، ئەينى يىلى ۋيېتنام ئۇرۇشىنى كەسكىن-لەشتۈرۈۋەتكەن خاتا تەدبىرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قۇر يەكۈن-لەپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇ-رۇش 1967 ـ يىلى قىشقىچە داۋاملىشىپ، ھەممە ئەھۋال ئۆزگە پايدىسىز بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ نائىلاج ئۇرۇشنى توختىتىپ، شىمالىي ۋيېتناملىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن، ۋيېتنام كومپارتىيە-سىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنىڭ «تىنچلىق تەشەببۇسى» غا قىلچە ئىن-كاس قايتۇرماي، ئۇرۇشنى 1968 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە سوزۇۋەت-تى، ئاندىن، ئىككى تەرەپ فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە تىنچ-لىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى. تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، جونسون خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن كېلىۋاتقان بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، 1968 ـ يىل

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خانوينى بومباردىمان قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا زۇڭتۇڭ سايلىمى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سايلامغا يەنە قاتنىشىش خىيالى بولسىمۇ، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ۋيېتنامدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى كەڭ ئاممىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا، ئۇ سايلامدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. زۇڭتۇڭلۇق ئورنىنى ئۆزىنىڭ ۋيېتنام ئۇرۇشىنى قوزغىغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى رىچارد نىكسونغا ئۆتۈنۈپ بەردى!

«يىراقتا نەزەر — 1963 - يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە بولغان ئىشلار توغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق بۇ ئەسلىمىنى جونسون تايلېر خانىمنىڭ يېقىندىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاخىر تاماملىدى. 1971 - يىلى ئۇنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ۋاشىنگتوندىكى بىر نەشرىيات سودىگىرى سېتىۋالدى ھەمدە ناھايىتى تېزلا نەشر قىلىپ بازارغا سالدى. لېكىن، جونسوننى ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ بۇ ئەسلىمىسى ئېزىنخائۇئېرنىڭ ئەسلىمىسىدەك بازار تاپالماي قالدى. كىتاب نەشردىن چىققان ۋاقىت دەل نىكسوننىڭ ۋيېتنامدىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىۋاتقان، ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان پەيتكە توغرا كېلىپ قالغاچقا، بۇ ئەسلىمىگە ھېچكىم قىزىقمىدى، جونسوننىڭ قولىغىمۇ ناھايىتى ئازلا قەلەم ھەققى تەگدى.

## كېنىيدىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى ئارام تاپقۇزمىدى

جونسون بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ستونۇۋېلدىكى ھەربىر كۈنى گويا بىر يىلدەك ئۆتمەكتە

ئىدى. ئۇ بەزىدە تېكساس شتاتىدىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە بېرىپ، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى كونا بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى، لېكىن، سىياسىي ساھە-دە ھېلىھەم ھوقۇق تۇتۇۋاتقان بۇ كىشىلەر جونسون بىلەن ھازىر-قى زۇڭتۇڭ نىكسوننىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋىيېتنام ئۇرۇشى مەسىلى-سىدە ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلگەچكە، بۇ سابىق زۇڭتۇڭغا بەك يېقىنلىشىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. بۇنى چۈشىنىپ قالغان جونسون كېيىنچە چارۋىچىلىق مەيدانىدىن سىرتقا ئانچە كۆپ چىقماس بولۇپ قالدى.

جونسوننىڭ ھېچقانداق خەتەرلىك كېسىلى بولمىسىمۇ، ئۇ-زۇن مەزگىل ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشا-ۋەرگەچكە، بەدىنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. تايلېر خانىم ئېرىنىڭ بەكلا ئىچ پۇشۇقى تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پادىچىلارغا ئات ھارۋىسى ۋە ئوۋ مىلتىقلىرىنى تەييارلاتقۇزدى - دە، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئوۋغا چىقتى. مۇشۇنداق چاغلاردىلا، جونسوننىڭ يادىڭغۇ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىپ قالاتتى.

جونسون تىپتىنچ فېرمىدا ياشاۋېتىپمۇ، سىرتتىكىلەرنىڭ ئاۋارىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇردى. بۇ ئاۋارىچىلىك ئامېرىكىنىڭ ۋىيېتنامدىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىدىنلا پەيدا بولغان ئاۋارى-چىلىك بولماستىن، بەلكى سابىق زۇڭتۇڭ كېنىدىنىڭ تېكساس شتاتىدا قەستكە ئۇچرىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان باش - ئاخى-رى يوق تەھلىللەر ئىدى!

جونسون تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، «كېنىدى-نىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كومىتېتى» نى قۇ-رۇپ، بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ قەستكە ئۇچرىشىدىكى ھەقىقىي ئارقا كۆرۈنۈشنى ئېنىقلاپ چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگە-نىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ھەقىقىي قاتىلنى

تۇتۇشتىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ بۇ سۇيىقەست بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، كېننېدى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى مەلۇم سۈركىلىشلەر يۈز بەرگەن، 1960 - يىلى دېموكراتلار پارتىيىسى لوس - ئانژېلىستا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىپ، زۇڭتۇڭ نامزاتى سايلىمى ئۆتكۈزگەن چاغدا، جونسون ئۆزىنىڭ جەنۇبىي رايونلاردىكى غايەت زور تەسىر كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ، نامزاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشقان، لېكىن، شەرقىي رايونلاردا تەسىرى زور بولغان پالاتا ئەزاسى كېننېدى ئۇنى مەغلۇپ قىلغان، جونسوننىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق قورسىقى كۆپۈپ، ئۆز سايلىغۇچىلىرىنى قۇترىتىش ئارقىلىق، يىل ئاخىرىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا رەقىبى كېننېدىنى مۇرادىغا يەتكۈزمەسلىك نىيىتىگە كەلگەنىدى. دەل شۇ چاغدا، كېننېدى باشقىلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتى قىلىپ تاللىۋالدى. كېننېدىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، جەنۇبىي رايونلاردىكى سايلىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە جونسون بىلەن بولغان شەخسىي ئاداۋەتنى تۈگىتىش ئىدى. نەتىجىدە، ھەر ئىككىلىسى سايلانغان بولسىمۇ، جونسون بىلەن شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش زۇڭتۇڭ كېننېدىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئارىلىق ساقلىنىپ قالدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كېننېدى ئۇنىڭ يۇرتى تېكساس شتاتىدا قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا «كېننېدىنى قەستلىگەن پەردە ئارقىسىدىكى قاتىل چوقۇم جونسون» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈردى.

جونسون ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سەككىز يىلدا، «كېننېدىنىڭ قەستلىنىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى» نىڭ خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھېچقانداق بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى،

قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، گۇمانلىق قاتىل قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقىي پىلانلىغۇچى قانۇن تورىغا چۈشمىدى. ئەمدىلىكتە، جونسون ئائىلىي ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغان شارائىتتا، تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق ھەم ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. بىرەرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەممە گۇناھنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويسا نېمە دېگۈلۈك؟ مانا بۇ جونسوننىڭ كېننېدىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە كۇندە دىققەت قىلىپ يۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

1969 - يىلى جونسون ئاقسارايدىن يۇرتى ستونۋېل كەنتىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر باشقىچە غەيرىي ئىنكاستا بولمىغان. گېزىتلەردە كېننېدىنىڭ تۇل قالغان ئايالى جاككۋېلىننىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدىلا خەۋەر بېرىلىپ، مۇنداق دېيىلگەنىدى: «كېننېدى قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەندىن كېيىن، جاككۋېلىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى، ئىگىلىنىشىچە، ئۇ نيۇيوركتىكى بىر نەشرىياتتا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ قانداق كىتابلارنى تەھرىرلەۋاتقانلىقى بىزگە نامەلۇم. مۇخبىر يېقىندا ئۇنى ئىزدەپ تاپتى، سابىق زۇڭتۇڭنىڭ تۇل قالغان بۇ ئايالى ھېچقانداق گىرىم قىلمىغان بولسىمۇ، كىشىگە ھەدېسىلا ھەيۋە بىلەن گەپ قىلىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەن، قولىدا بىرنەچچە پارچە كىتابنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئۇ مۇخبىرغا ئۇدۇللا قىلىپ: ‹بۇ سىزنىڭ سوئالىڭىز ھەم جاۋابىڭىزمۇ؟› دېدى. ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغىنى باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانتى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى يۇمۇرىستىك خاراكتېر ئۇنىڭ كېننېدى قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن. مۇخبىر ئۇنىڭدىن: ‹ئېرىڭىزنى قەستلىگەن پەردە ئارقىسىدىكى قاتىل سىزچە كىمدۇر؟› دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا غەزەپلىك تۈس

ئالدى ھەمدە مۇخبىرغا: «مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، تەكشۈرۈش
كومىتېتىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشنى ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ
ئېنىقلىشىنى تەلەپ قىلىمەن! ئىشىنىمەنكى، ئېرىمنىڭ قەستكە
ئۇچرىشىدىكى ھەقىقىي سىر ئاخىر بىر كۈنى خەلقئالەمگە ئاشكا-
رىلىنىدۇ، ھەقىقىي قاتىلنىڭ ئىسمىنى مەن شۇ چاغدا دەپ
بېرەلەيمەن!…»، دېدى.»
جاككۇېلىنىنىڭ سەككىز يىلدىن كېيىنمۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈمى
توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان جوذ-
سون چۆچۈپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋاشىنگتوندا نەشر قىلى-
نىدىغان بىر ژۇرنالغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى: «ئامېرىكا
تېببى ئىلىم جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ باش مۇھەر-
رىرى گېئورگى لوندېنبورگ يېقىندا نيۇيوركتا ئۆتكۈزۈلگەن
مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ ئەينى يىلى كېنىدى-
نىڭ جەسىتىنى يېرىپ تەكشۈرگەن ئىككى دوختۇرنى زىيارەت
قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ زۇڭتۇڭغا كەينى تەرەپتىن ئوق چىقار-
غان قاتىل چوقۇم رىفلېلىق مىلتىق ئېتىشقا ماھىر ئادەم دەپ
خۇلاسە چىقارغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. «كېنىدىنى قەستلەش دې-
لوسى» ناملىق فىلىم قويۇلغاندىن بۇيان، نۇرغۇن كىشىلەر
ئۇنىڭ بىر قېتىملىق بىرلەشمە سۇيىقەستتە ئۆلگەنلىكىگە ئىشەذ-
گەنىدى. ئەينى يىلى كېنىدىنىڭ جەسىتىنى يېرىپ تەكشۈرگەن
ئىككى نەپەر پاتولوگ — جامېس خېئوستون بىلەن سانتون بوس-
ۋېل ئۇزۇن يىللىق سۈكۈتنى بۇزۇپ تاشلاپ: كېنىدىغا ئۇچىنى-
چى پاي ئوقنىڭ تەگكەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق ئىسپات يوق،
كەينى تەرەپتىن سىرت، يەنە باشقا تەرەپتىن ئوق ئېتىلغانلىقىغا
دائىر ئالامەتلەرمۇ يوق، دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىت-
تىكى دوكلاتىغا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەرقانداق بىر ئەمەلدارنىڭ
ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىكىنى ئىنكار قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ مە-
لۇم بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن ئۇ دوكلاتقا ئۆزگەرتىش كىرگۈز-

گەنلىكىنىمۇ، كېنىېدىنىڭ جەسىتى يېرىپ تەكشۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا بىرەرسىنىڭ چېقىلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلدى! ...

بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ، جونسوننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىككى دوختۇرنىڭ راست گەپ قىلغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرۈشى ئەمەلىيەتتە «ئاقساراي، ھەتتا جونسون ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گۇمانىي قاراشلارنى ئاشكارا ئىنكار قىلغانلىقى، يەنىمۇ ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا، سابىق زۇڭتۇڭ جونسوننى ئاشكارا ئاقلىغانلىقى ئىدى!

بىراق، ستونىۋېل كەنتىدە پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ سابىق زۇڭتۇڭنى بىئارام قىلغىنى شۇ بولدىكى، بەزى كىچىك گېزىتلەر يەنىلا يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، كېنىېدىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ھەرخىل خەۋەرلەرنى بېسىش ئارقىلىق، بىر مەھەل تىنچىپ قالغان «كېنىېدىنىڭ قەستكە ئۇچراش دېلوسى»نى تېخىمۇ داشقايناق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر گېزىت ئاشكارا ھالدا مۇنداق بىر خەۋەرنى باستى:

«1963 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېنىېدى داللاستىكى شەھەر مەركىزىدە قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قاتىلنىڭ دەرھال تۇتۇلغانلىقى شۇ كۈنىلا ئېلان قىلىندى. ئوسۋارىدنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىن يالاپ ئاچىقىۋاتقاندا، ئۇنى يەنە بىرسى ئېتىپ تاشلىدى. بۇ قاتىل كېچىلىك بەزمىخانىنىڭ خوجايىنى جېك رۇببى ئىدى. ‹ئوسۋارىدنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟›، دېگەن سوئالغا ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇمۇ تۈرمىدە ئۆلدى. يېقىنقى تەكشۈرۈشتە ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئوپتىكا ئىلمى مۇتەخەسسىسى گرودىننىڭ زۇڭتۇڭ

قەستكە ئۇچرىغان چاغدا تارتىۋېلىنغان كىنو لېنتىسىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كېننېدىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن تەڭلا ئوق ئېتىلغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئوسۋاردنى سوراق قىلىش نەتىـجىسىدە ۋە پاتومېتىر خاتىرىسىدىمۇ ئوسۋارد كېننېدىغا ئوق چىقارمىغان دەپ قارالغان. قاتىل زادى كىم؟ تەكشۈرۈش قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى ئىشلار شۇنچىلىك مۇجمەللىشىپ بارماقتا. تېخىمۇ غەلىتە يېرى شۇكى، كېننېدى جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى مىس تاۋۇت ئىچىدە ساقلانغان، ئۇنى ئاقسارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى كېچە - كۈندۈز قوغداپ تۇرغان. لېكىن، كېننېدىنىڭ جەسىتى داللاس ئايروپورتىدا «ھاۋا ئارمىيە - 1» ناملىق ئايروپىلانغا ئاچىقىلغان چاغدا، ئايروپىلان خېلى ۋاقىتقىـچە قوزغالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، تاۋۇتنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغانلار ليۇتچىكنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ۋارقىرىشىپ قالغان. ئۇلار ئون تۆت مىنۇتقىچە تالاش - تارتىش قىلغان، دەل شۇ ئارىلىقتا، كېننېدىنىڭ جەسىتى ئوغرىلاپ كېتىلىپ، ئايرو-پىلاننىڭ باشقا بىر يېرىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان. ئايروپىلان ۋا-شىنگتوندىكى ئاندېروس ئايروپورتىغا يېتىپ بارغاندا، مۇھاپىزەتـچىلەر جەسەت يوق تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىپ، بېتېسدا دېڭىز ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا كەتكەن. كېننېدىنىڭ جەسىتى سېلىنـغان ئاددىي تاۋۇتنى بولسا ھېچقانداق بەلگىسى يوق بىر ماشىنا يېرىم سائەت ئىلگىرىلا بېتېسدا دېڭىز ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بولغان. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، مىس تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغان قۇتقۇزۇش ماشىنىسى دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە تۇيۇقسىزلا كەينىگە يېنىپ كەتكەن. دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر دەرھال ئارقىدىن قوغلىغان بول-سىمۇ يېتىشەلمىگەن. بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن ھېلىقى مىس تاۋۇت دوختۇرخانىنىڭ كەينىدىن

تېپىلغان، كېنىېدىنىڭ جەسىتىمۇ مىس تاۋۇتنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇپ قالغان. بېتېسدا دېڭىز ئارمىيە دوختۇرخانىسىدىكى دوختۇرلار جەسەتنى رەسمىي تەكشۈرۈشكە باشلىغان چاغدا، ئۇنى ئورىغان رەختنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، جەسەتنىڭ باش قىسمىدىكى يارا ئېغىزىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇلغان چاغدىكىگە ئوخشاشماي قالغانلىقىنى، كېنىېدىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بىر تال ئوقنىڭ ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئاللىبۇرۇن ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى بايقىغان…»

جونسون ستونۋېل كەنتىدىكى داچىسىدا بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ، قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ كېنىېدىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان زۇڭتۇڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەينى چاغدا مەرھۇم زۇڭتۇڭنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغاندا بىرەر گۇمانلىق نۇقتىنى قالدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىغان، ھەتتا كېنىېدىنىڭ قەستكە ئۇچراش دېلوسىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكىلەر بىلەنمۇ كۆپ ئۇچراشمىغان، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بىلەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئاڭلاشقا مەسئۇل قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، باشقىلاردا ئۆزىنى كېنىېدىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن چېتىشلىقى بار ئىكەن دېگەن گۇماننى تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولۇشتىن ئىلگىرى، زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىنى تالىشىش سايلىمىدا كېنىېدى بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېنىېدى تېكساس شتاتىدا زىيارەتتە بولۇشنى قارار قىلغاندا، ئۇمۇ بىللە كەلگەنىدى. ئۆزى توغرىسىدىكى گۇمانىي قاراشلار ئۇ ئاقسارايدىكى مەزگىلدىلا پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغلاردا ئۇ ئالىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ئۇنىڭغا بولغان گۇماننى كۆپچىلىككە يېتىنالمىغانىدى. لېكىن، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەرگەن، جونسون باشقىلارغا تەھدىت پەيدا قىلالايدىغان ھېچقانداق ھوقۇققا

ئىگە بولمىغاچقا، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر يوقىرىقىدەك پەرەز خاراكتېرلىك خەۋەرلەرنى قورقماي ئېلان قىلىشقا باشلىغانىدى.
كېنىېدىنىڭ جەسىتىگە باشقىلار چېقىلغان دېگەن بۇ خەۋەر گويا تىغ ئۇچىنى جونسونغا قاراتقاندەكلا تۇراتتى. چۈنكى، كېنىېدىنىڭ جەسىتى «ھاۋا ئامىيە — 1» ناملىق ئايروپىلانغا ئاچىقىلغان چاغدا، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ جەسىتىگە چېقىلىش ھېچقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى، پەقەت جونسوندىلا ئادەم ئەۋەتىپ جەسەتنى ئالماشتۇرۇۋېتەلەيدىغان ھەم ئۇنىڭ باش قىسمىدىكى پاكىت خاراكتېرلىك ئوقنى ئالدۇرۇۋېتەلەيدىغان ھوقۇق بار ئىدى!

ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، كېنىېدىنىڭ ئۆلۈمى جونسوننى پەقەتلا ئارامىدا قويمىدى، ئۇنى ئازابلىدى ھەمدە كۆزلىرىنى تەشۋىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئاقسارايىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى «كېنىېدى دېلوسىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى»نىڭ ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك بىرەر خۇلاسىنى تېزرەك ئوتتۇرىغا قويۇشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلدىيۇ، ئۇ خۇلاسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپمۇ قالدى. نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بەزىدە ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالاتتى. بەختكە يارىشا، تاكى ئۇ ستونۋېل كەنتىدە جان ئۈزگەنگە قەدەر، «كېنىېدى دېلوسىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى» پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىنى ئېنىقلاپ چىققان بىرەر دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى.

## ئۇ ئۆلگەننىڭ ئەتىسى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى

1973 ـ يىل يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. ستونۋېل كەنتى ناھايىتى تىنچ بولۇپ، بۇ يەردە چوڭ شەھەرلەردىكىدەك كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بابرام كەيپىياتىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەن جونسون بۇ كۈننىمۇ بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. چۈنكى، ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىكى قار ياغقان بىر كۈنى، ئۇ سىرتقا ھاجەتكە چىققاندا ئېھتىياتسىزلىق-تىن يىقىلىپ چۈشكەن، پۇتى ھېچقانداق زەخىملەنمىگەن بولسى-مۇ، شۇ سەۋەبتىن ئازراق سەكتە بولۇپ قالغان، يۈرىكىدىمۇ كېسەللىك ئالامىتى پەيدا بولغانىدى. يۈرىكىنىڭ ئادەتتىن تاشقى-رى تېز سوقۇشى ئورۇق جونسوننى ئۆيدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلال-ماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. تايلېر خانىم ئەتراپلىق قارى-غان، داڭلىق دوختۇرلار بەزى ئامالLARنى قىلىپ كۆرگەن بولسى-مۇ، لېكىن يۈرىكى ئاجىزلاپ، بەدىنىدە ماغدۇر دېگەن نەرسە قالمىغان بۇ بوۋاي كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. ئىل-گىرى ئەزەلدىن ئاغرىپ باقمىغان، تېنى ئورۇق بولسىمۇ ناھايى-تى ساغلام ۋە چەبدەس ياشاپ كېلىۋاتقان جونسون ئاشۇ بىر يىقىلىش بىلەنلا پېتىدىن بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. خۇددى ئۇزۇن مەزگىل جىددىي ھەرىكەت بىلەنلا ئۆتكەن بىر كونا ماتورغا ئوخ-شاش، بىر زەربە بىلەنلا كېسەلكۆرپىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۇنىڭغا ھېچقانچە تەسەللى ۋە كۆ-ڭۈل ئازادىلىكى ئەكېلەلمىدى. ئۇ بارغانسېرى قېرىپ، كۈچ - ماغدۇردىن قېلىشقا باشلىدى. ئىلگىرى، ئاقسارايدا ۋىيېتنامنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كەڭ كۆلەملىك بومباردىمان قىلىشقا قوماندان-لىق قىلغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ئەمدىلىكتە شۇ چاغدىكى كەسكىن ۋە تەلۋە ئەپتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى.

كېسىلى ئېغىرلاشقان كۈنلەردە، جونسون روھىي جەھەتتىن-كى غايەت زور بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، نۇرغۇن قېتىم يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى روھىي بېسىمنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى پەقەت ۋاپادار ئايالى تايلېر خانىملا چۈشىنەت-تى. ئۇنى ئازابلاۋاتقىنى كېنىېدىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا تاھازىر-غىچە تۇزۇكرەك تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقمىغانلىقىلا بولۇپ قال-

ماستىن، بەلكى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ۋېيتنام ئۇرۇشى ئىدى.

1973 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە جونسون بىر تەرەپتىن ئۆزىنى قىيناپ كېتىۋاتقان كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بەرگەچ، ۋېيتنام ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە ئىزچىل ھالدا دىققەت قىلدى. نىكسون تەختكە چىققاندىن كېيىن، جونسوننىڭكىگە قارىمۇ قارشى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى ۋېيتنام ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ، بۇمۇ ئاسانغا توختىمايۋاتاتتى. ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ۋېيتنامدا كەينى ـ كەينىدىن تالاپەتكە ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاۋەرگەنسېرى، جونسون ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، بەزىدە ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، يۈزىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپمۇ كېتەتتى.

— بايېس، ئۇ نەس باسقان ئۇرۇش ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشىڭىزنىڭ، ياش تۆكۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، سىزنىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىۋاتقىنىڭىزغا خېلى بولدى!

ئېرىنىڭ كېسىلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقى تايلېر خانىمغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېرىنى يىغلىماسلىققا دەۋەت قىلدى.

— توغرا، مېنىڭ تىنچلىقنى تىلەۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى، لېكىن، ئۇ نېمىشقا ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟ — جونسون ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىلا ۋېيتنام ئۇرۇشىنى تېزرەك ئاياغلاشتۇرۇشقا ئىنتىزار بولۇۋاتقان بولماستىن، بەلكى 1968 ـ يىلى ئاقسارايدىن ئايرىلىش ئالدىدىلا ئۇنىڭدا مۇشۇنداق ئارزۇ پەيدا بولغانىدى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۇ ھەتتا تېلېۋىزور ئارقىلىق خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكىلەرگە سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ بالدۇرراق ئاياغلىشىشىنى ئۈمىد

قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا چىن كۆڭلىدىن
مۇنداق دېگەنىدى:

«خەلقىمىز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتى-
جىلەر ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ گۇمانى، شەخسىيەتچىلىكى ھەمدە
ئوخشاشمىغان سىياسىي قارشى تۇپەيلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىسا
بولمايدۇ. ئامېرىكا خەلقى يىراق جايدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان، ئامې-
رىكىنىڭ ئىستىقبالى دۆلەت ئىچىدە توسالغۇغا ئۇچراۋاتقان پەيت-
تە، ۋېيتنام ئۇرۇشىنى بالدۇرراق ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەن
تاجاۋۇزچىلىقنى توختىتىپ، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل
قىلىشنى، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق كېلىشىمىنى ئىمزالاش-
نى خالايمەن! شۇڭا، مەن پارتىيىمىزنىڭ مېنى كېلەر نۆۋەتلىك
زۇڭتۇڭلۇق نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلمايمەن ھەم ئۇن-
داق تەكلىپنىمۇ قوبۇل قىلمايمەن!...»

ئۇ شىمالىي ۋېيتنامنى بومباردىمان قىلىشنى توختىتىپ
ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىككى تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ پارىژدا
ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغانلىقى ئۇنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئېسىدە ئى-
دى. لېكىن، ئۇ يۇرتىغا قايتىپ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ،
ئامېرىكا بىلەن ۋېيتنامنىڭ پارىژدىكى تىنچلىق سۆھبىتىدىن
ھېچقانداق نەتىجە چىقمايۋاتاتتى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى
سوغۇق كۈنلەردە، ستونۋېل كەنتىدىكى داچىسىدا ئورنىدىن قو-
پالماي ياتقان جونسون يەنىلا قىزى روسسىغا كۈندىلىك خەۋەرلەر-
نى ئوقۇتۇپ، ۋېيتنامدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى ۋە پارىژدىكى سۆھ-
بەت نەتىجىسىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەھەردە، جونسون يەنە يېرىم
بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ سەللا ئېسىگە كەلسە، يېنىدا
تۇرغان ئايالى تايلېر خانىم ۋە قىزى روسسىدىن:

— پارىژدىكى سۆھبەتتە... ئىلگىرىلەش بوپتۇمۇ؟ — دەپ
سوراپ تۇراتتى. تايلېر خانىم بىلەن روسسى ئۇنىڭغا تۇزۇكرەك

جاۋاب بېرەلمەيتتى. چۈنكى، تېكساس شتاتىدىكى ستونىۋېل كەن-تىدە تۇرۇۋاتقان ئانا - بالا ئىككىسى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھى-رىدىكى تۆت يىلغا سوزۇلغان مارافونچە تىنچلىق سۆھبىتىدە ئاخىر دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۇرگۈدەك نەتىجە ھاسىل بولغانلى-قى، پەقەت ئىمزا قويۇش باسقۇچىلا قالغانلىقىدىن پۈتۈنلەي خە-ۋەرسىز ئىدى.

بىراق، جونسون ساقىيالمىدى. شۇ كۈنى ئۇ ھارغىن كۆز-لىرىنى مەڭگۈلۈككە يۇمدى.

جونسون ئالەمدىن ئۆتكەنىنىڭ ئەتىسى — 1973 - يىل 1-ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئامېرىكا بىلەن ۋيېتنامنىڭ تىنچلىق كېلى-شىمى ئاخىر پارىژدا ئىمزالىنىپ، دۇنياغا ئېلان قىلىندى!

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەينى چاغدا ۋيېتنام ئۇرۇشىنى ئۆزى بىر قوللۇق پىلانلاپ قوزغىغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسا بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشمايۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن ھەسرەتلەن-گەن بۇ سابىق زۇڭتۇڭ تىنچلىق كۈنىنى كۆرەلمەي كەتتى!

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

# كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش

## —— ئوتتۇز ئالتىنچى زۇڭتۇڭ رىچارد مىلخوۋس نىكسون



رىچارد مىلخوۋس نىكسون 1913 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كالىفورنىيە شتاتىنىڭ ئولىنچ ناھىيەسىدىكى بارىندا كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئەقىللىق ھەم تىرىشچان بولۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. نامرات ئائىلە شارائىتىدا بىر تەرەپتىن مەدىكارلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان، ئاندىن يەنە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇپ، ۋىتىر ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ھەمدە باكلاۋرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛

1934 - يىلى شىمالىي كارولىنا شتاتىدىكى دۇك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قانۇن پەنلىرى بويىچە باكالاۋرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛

1937 - يىلى سان فرانسىسكودا ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ۋىتىردا ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛

1942 ـ يىل 8 ـ ئايدا دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، پودپورۇچىك بولغان. ئىككىنچى يىلى جەنۇبىي تىنچ ئوكيان ھاۋا ترانسپورت ئەترىتىدە پورۇچىكلىققا ئۆستۈرۈلگەن، 1945 ـ يىلى يەنە مايورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن؛
1946 ـ يىل 11 ـ ئايدا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان؛
1948 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسى شىمالىي ئامېرىكا پائالىيەت كومىتېتى-نىڭ گۇرۇپپا كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان؛ شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى يەنە ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1953 ـ يىلى قىرىق يېشىدا ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىنىپ، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ياش دۆلەت باشلىقى بولۇپ قالغان؛
1956 ـ يىلى يەنە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛
1960 ـ يىلى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشماقچى بولغاندا، كېنىېدى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان؛
1962 ـ يىلى كالىفورنىيە شتاتىغا قايتىپ بېرىپ، داۋاملىق ئادۋو-كات بولغان ھەمدە «ئالتە قېتىملىق كرىزىس» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتاب پۈتكۈل ئامېرىكىدا بازار تاپقان؛
1969 ـ يىلى ئاقسارايغا كىرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى زۇڭتۇڭى بولغان؛ تۆت يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، 1972 ـ يىلى داۋاملىق زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلغان تۇنجى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن شەرق-تىكى بۇ چوڭ دۆلەتنىڭ دەرۋازىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچقان؛
1972 ـ يىلى «يورۇق بىنا ۋەقەسى» ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، 1973 ـ يىلى زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان؛
1974 ـ يىل 9 ـ ئايدا زۇڭتۇڭ فورت نېكسوننىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدىكى بارلىق گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا يۇرتىدا يېزىقچىلىق قىلىشقا كىرىشكەن ھەمدە نەچچە يىل ئىچىدە «نېكسون-نىڭ ئەسلىمىسى»، «ھەقىقىي ئۇرۇش» ۋە «رەھبەرلەر» قاتارلىق كىتاب-لارنى يازغان؛
1980 ـ يىلى كالىفورنىيە شتاتىدىن نيۇ يوركقا كۆچۈپ كەلگەن، كېيىن يەنە يېڭى جېرسېي شتاتىدىكى سادىل كۆلىنىڭ بويىغا كۆچۈپ بارغان، شۇ ئارىلىقتا جۇڭگونى بىرنەچچە قېتىم زىيارەت قىلغان؛

1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەكسەن بىر يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەزرائىل ئەتىيازنىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈنى كەچتە كېلىپ قالدى

1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

ئامېرىكىنىڭ يېڭى جېرسېي شتاتىنىڭ پارك رىج كەنتىدىكى ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان سېرىق رەڭلىك بىر داچىدا دېرىزىدىن ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان كەچ كۈزنىڭ بىر كېچىسى، ئەزرائىل بۇ يەردە پىنھان ياشاۋاتقان بىر ئۇلۇغ شەخس — رىچارد نىكسونغا، يەنى 70 - يىللاردا ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى زۇڭتۇڭىغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى!

ئەتىيازنىڭ بۇ كېچىسى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كالا گۆشى سالاتىنى ئەمدىلا يەپ بولۇپ، فرانسىيىنىڭ مارتېل XO سىدىن بىر رومكا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، چەبدەس بىر مۇھاپىزەتچىنىڭ يۆلىشى بىلەن قولىدىكى ھاسا تايىقىغا تايانغىنىچە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىققان نىكسون نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىزلا بېشى قايغاندەك ھېس قىلىپ، ياغاچ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە گۇڭگا چىراغ نۇرىدا شۇ كۈنى نەشردىن چىققان بىرقانچە گېزىتنى ئوقۇپ چىقاتتى. بۇگۈنمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇ كۆزەينىكىنى تاقاپ، كاتىپى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇپ قويغان ھۆججەت ۋە گېزىتلەرنى بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى، تۇيۇقسىزلا، ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» چىقىپ قالدى! نىكسوننىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆپكۆك كۆزلىرى ھەيرانلىق ۋە غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى، چۈنكى، ئۇ ئۆزى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بۇ گېزىتنى ھەرگىز كارىۋات بېشىدىكى

هۆججەت ۋە گېزىتلەرنىڭ ئارىسىدا بىللە قويۇپ قويماسلىقنى
كاتىپىغا نەچچە قېتىملاپ تاپىلىغانىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب،
1974 ـ يىلى «يورۇق بىنا ۋەقەسى» نى تۇنجى قېتىم ئاشكارى-
لاپ، ئەڭ ئاخىرىدا نىكسوننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىل-
غان، ئۇنى ئامېرىكا تارىخىدىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە
ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان تۇنجى زۇڭتۇڭ
قىلىپ قويغان دەل ئۇنىڭ قولىدىكى مۇشۇ قارغىش تەگكۈر
«ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» ئىدى! تارىخ بۇ ئۇلۇغ ئادەمگە
ئەتەي چاقچاق قىلىۋاتامدۇ، قانداق، بۇگۈنكى بۇ سالقىن باھار
كۈنىدە، كۆرمىگىنىگە ئۇزۇن يىل بولغان «ۋاشىنگتون پوچتا
گېزىتى» خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا
بولۇپ قالغانىدى! ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن گېزىتنى
ئىككى پارچە قىلىپ يىرتىۋەتتى ـ دە، چىراغ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ
تۇرغان پولغا پىرقىرىتىپ تاشلىدى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ كاللى-
سىدىكى جىددىيلىك ئالامەتلىرى مارتېل XO ھارىقىنىڭ تەسىرى
بىلەن بىراقلا مېڭىسىگە چىقتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە سوغۇق تەر
تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، چىرايى ئاقاردى ھەمدە بېشى پەي ياس-
تۇقتىن تۇيۇقسىزلا بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالدى، ئۇ ھوشىدىن
كەتكەنىدى...

يېڭى جېرسېي شتاتىنىڭ پارك رىج كەنتىدىكى بۇ داچىدا
نىكسوننىڭ بىرەرمۇ يېقىن ئادىمى يوق ئىدى. ئايالى پاترىئوئا
نىكسون خانىم بىرىيىل ئىلگىرىلا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ ئۇ ئالەمگە
كەتكەن بولۇپ، ئامراق قىزى تېرىسسىئا بىلەن جۇلى نيۇيوركتا
ئىدى. نىكسوننىڭ قېشىدا پەقەت ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق بىرقانچە
مۇھاپىزەتچىسى، كاتىپى، شوپۇرى ۋە ئاشپىزىلا بار ئىدى. ئۇلار
نىكسوننى دەرھال قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا سېلىپ، نيۇيوركتىكى
بىر دوختۇرخانىغا — كانېل داۋالاش مەركىزىگە ئېلىپ باردى.
دوختۇرلار نىكسوننىڭ كېسىلىدىن ناھايىتى تېزلا خۇلاسە چىقار-

دى — ئۇ ياشانغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ قورقۇنچلۇق ھېساب-
لىنىدىغان سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى!

نېكسون كاننېل داۋالاش مەركىزىدىكى ئالاھىدە داۋالاش
رايونىغا ئەكېلىنگەندىن كېيىن، كۆزىنى پەقەتلا ئېچىپ باقمى-
دى، باشتىن - ئاخىر بىھوش ھالەتتە ياتتى!

ئەتىسى ئەتىگىنى، ئامېرىكىدا تەسىرى بار «نيۇيورك ۋاقىت
گېزىتى» ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ باش بېتىدە «سابىق زۇڭتۇڭ
نېكسون سەكتە بولۇپ قالدى» ناملىق خەۋەرنى ئېلان قىلدى.
ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى چوڭ گېزىتلەر، ھەتتا نېكسون يىگىرمە
يىلدىن بۇيان ئەڭ نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتقان «ۋاشىنگتون پوچتا
گېزىتى» مۇ ئۇنىڭ كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلى-
قىنى كەينى - كەينىدىن خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلى-
كىدە پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى، سىياسىي ساھەدىن غايىب بولغى-
نىغا يىگىرمە يىل بولغان ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رىچارد
نېكسون يەنە بىر قېتىم پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلى-
نىپ قالدى!

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن نيۇيوركتىكى كاننېل داۋالاش مەر-
كىزى — يېشىل رەڭلىك رېشاتكىلار بىلەن قورشالغان ياپيېشىل
ئورمانلىق ئىچىدىكى بۇ ئاق بىنادا يېقىنقى زاماندىكى رىۋايەت
تۈسىگە ئىگە بۇ مەشھۇر شەخسنى يوقلىغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمىدى. ئۇلار نيۇيورك شەھىرىدىن، مانخاتتون رايونىدىن
ھەمدە يېقىن ئەتراپتىكى بازارلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئارىسىدا
ئەر - ئاياللارمۇ، قېرى - ياشلارمۇ بار ئىدى. سان - ساناقسىز
ئادەم ئادەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كەتمەيدىغان بۇ
ئاق بىنانىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، «بىز نېكسون بىلەن كۆرۈشى-
مىز!» دەپ توۋلاشتى. بىراق، زۇڭتۇڭ كلىنتوننىڭ بۇيرۇقى
بىلەن بۇ يەردە تەرتىپ ساقلاشقا كەلگەن ھەربىي ۋە ساقچىلار
تۆمۈر رېشاتكىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، دوختۇرخانىدا بىھوش ھالەت-

تە ياتقان نىكسوننى كۆرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئاممىنى قىلچە تۇزۇت قىلماستىن كەينىگە چېكىندۈرۈۋەتتى، نىكسوننى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ بىر كۆرۈۋېلىشقا ئىنتىزار بولۇۋاتقان كىشىلەرنى كاندىنېل داۋالاش مەركىزىدىكى سىرلىق ئاق بىناغا زىنھار يولاتمىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، كاننېل داۋالاش مەركىزىدە نىكسوننىڭ قېشىغا كىرەلمەي تىت-تىت بولغان كىشىلەر كالىفورنىيىدىكى نىكسون كۈتۈپخانىسىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى. چۈنكى، گېزىتلەردە «نىكسون جان ئۈزۈپ قالسا، ئۇنىڭ جەستى نىكسوننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كۈتۈپخانىغا دەپنە قىلىنىدىكەن» دېگەن خەۋەرلەر بېسىلغانىدى. شۇڭا، نىكسوننى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر نىكسون كۈتۈپخانىسىنىڭ ئەتراپىغا تەرەپ-تەرەپتىن توپلانغان بولۇپ، بەزىلىرى نىكسوننىڭ يوغان سۈرىتىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، بەزىلەر ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى، بەزىلەر كۈتۈپخانا خىزمەتچىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ نىكسونغا بولغان ھۆرمىتىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، يەنە بەزىلەر بولسا نىكسوننىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ قېلىشىنى تىلەپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يىراقتىن كەلگەن بىر ئايال ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلىغا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بالام، نىكسون ئۇلۇغ سىياسەتچى، سەن ئۇنىڭ جاسارىتى ۋە زېرەكلىكىنى ئۆگەن!

بالىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

ئامېرىكا خەلقى نىكسونغا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە ساپ تىلىكىنى ئىپادىلىدى. لېكىن، بۇ سابىق زۇڭتۇڭ قىرىق سەككىز سائەتكىچە يەنىلا ھوشىغا كەلمىدى! ئۇنىڭ كېسىلى ئەڭ ئېغىر باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى!

# سەھرادىكى داچىسىدا سەكسەن ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى

1993 - يىلىنىڭ بىر ئىللىق باھار كۈنى، نىكسون يېڭى جېرسېي شتاتىغا يېقىن جايدىكى پارك رىج كەنتىدىكى داچىسىدا ئۆزى سىياسىي ساھەدىن چېكىنگەندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق كاتتا ئائىلە زىياپىتىنى ئۇيۇشتۇردى. نىكسون سەكسەن يىل ئىلگىرى كالىفورنىيە شتاتىدىكى بىر ئاددىي خرىستىئان دىنى مۇرىتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بۇگۈن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەكسەن ياشقا تولغان خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەشتىكى يەنە بىر مەقسىتى كېسەلچان ئايالى پاترىئوئا نىكسون خانىمنىڭ كۆڭلىگە ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، ئۇ نيۇيوركتا تۇرۇۋاتقان ئىككى قىزى جۇلى ئېزىنخائۇئېر بىلەن تېرىسسىئا كوكسنى چاقىرىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق كاتىپلىقىنى قىلىۋاتقان سادىق ھەمراھى رى پرىدون قاتارلىق دوستلىرىنى ھەمدە بىرقىسىم مۇخبىرلارنىمۇ زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

سەھرادىكى بۇ داچىنىڭ ئالدىغا ھەرخىل رەڭدىكى ئېسىل پىكاپلار كېلىپ توختىدى. داچىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى چوڭ زالدا مېھمانلار تاماق شىرەسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئولتۇراتتى. ئېسىل غەربچە تاماقلار، تەملىك قورۇمىلار، ئۇزۇن يىل ساقلانغان براندى ھارىقى ۋە توق قىزىل رەڭلىك گۈلسامساق، ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى سورۇنغا تېخىمۇ ئۆزگىچە تۈس قوشقاندى. نىكسون ئەينى يىللىرى ئاقسارايدا ھوقۇق تۇتۇۋاتقان مەزگىلىدە ئېسىل ھاراقلار ۋە كاتتا مېھمانلار بىلەن تولغان بۇنداق سورۇنلارغا دائىم دېگۈدەك داخىل بولۇپ تۇراتتى. ئۇ يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى ئاشۇ كۈننى— 1974 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى. شۇ كۈنى، ئۇ ۋاشىنگتوننىڭ

پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى 1600 - نومۇرلۇق قورۇدا — ئاقسارايىنىڭ يېشىل زالىدا پەرىشان ھالەتتە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىپ بولۇشىغا، ئۇنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئالېكساندىر خايگېر كىرىپ كەلدى ھەمدە قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن، «يورۇق بىنا ۋەقەسى» تۈپەيلىدىن پارلامېنتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراش خەۋپى ئىچىدە تۇرغان بۇ زۇڭتۇڭنىڭ ئالدىغا بىر ۋاراق قەغەزنى قويۇپ قويدى، بۇ خايگېر ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىغان ئىستېپانامە بولۇپ ئۇنىڭدا:

*دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئەپەندى:*

*مەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەكچىمەن، دېگەن خەتلەرلا يېزىلغانىدى.*

نىكسون ئۇنىڭ ئۈستىگە «رىچارد نىكسون» دەپ ئىمزاسىنى قويدى. ئاندىن خايگېرغا بۇنى دەرھال دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھېنرى كىسسىنگېرغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاقساراي بىلەن ۋىدالىشىش خېتى ئىدى! نىكسوننىڭ بىلىشىچە، 1832 - يىلى ئەينى چاغدىكى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جون كالخوۋنمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئىستېپا بەرگەنىدى. تۇرۇۋاتقىنىغا تېخى بەش يىلمۇ بولمىغان ئاقسارايدىن مۇشۇنداقلا خوشلىشىش نىكسونغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ئاقسارايىنىڭ شەرقىي زالىدا ئانچە تەنتەنىلىك بولمىسىمۇ، قاتناشقۇچىلار خېلىلا كۆپ بولغان خوشلىشىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. ئۇ شۇ چاغدا غەمكىن كۆزلىرى بىلەن تورۇستىكى خرۇستالدىن ياسالغان نەپىس ئاسما چىراغلارغا ۋە ئۇدۇل تامغا ئېسىقلىق تۇرغان XVIII ئەسىردىكى داڭلىق رەسسام ستۇئارت زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون ئۈچۈن سىزىپ بەرگەن غايەت زور پورترېتقا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ كەتتى. 1969 - يىل 1 - ئايدا ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك سالاھىيىتى بىلەن رىقابەتچىسىنى يېڭىپ تۇنجى قېتىم ئاقسارايغا كىرگەندىن بۇيان، مەرمەردەك يالتىراپ تۇرغان

بۇ زالدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن سىيا-
سەتچىلەرنى كۇتۇۋالغان، نۇرغۇن قېتىم كاتتا زىياپەتلەرنى ئۆت-
كۈزگەن، لېكىن بۇگۈنكى كۈندە، ئىككىنچى قېتىم زۇڭتۇڭ-
لۇققا سايلىنىپ بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا قول ئاستىدىكى بىرنەچ-
چە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ «يورۇق بىنا» دا ئوينىغان
كۈلكىلىك ئويۇنى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە
قالىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. نىكسون زىياپەت
شىرەسىدىكى ئېسىل نازۇنېمەت ۋە ئىچىملىكلەرگە قاراپمۇ قوي-
مىدى، چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە رومكىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئىشلىگەن
كىسسىنگىر، خايگېر، لورد قاتارلىقلار بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇر-
دى، ئاندىن ئايالى سىلما كاتارىنا پاترىئوئانى قولتۇقلىغىنىچە
ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا:

— پات، قەدىرلىكىم، بىز قەددىمىزنى رۇسلاپ، بۇ كۆڭۈل-
سىز ئاقىۋەتتىن ئۆتۈپ كېتەيلى! — دېدى. ئېرىنىڭ شۇ تاپتىكى
كۆڭۈل ئازابىنى پات خانىم ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ
ئۆزىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتقان ھالىتىنى تېلېۋى-
زىيە مۇخبىرلىرىنىڭ سۈرەتكە تارتىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈ-
چۈن، دەرھال قارا كۆزەينەك تاقىۋالدى. ئارقىدىنلا، نىكسون
ئىككىسى ئاقسارايدىكى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى
ۋە نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشى ئاستىدا ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدى-
كى چىملىققا چىقتى. ئۇ يەردە بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان ساقلاپ
تۇراتتى، نىكسون ئەر - ئايال ئايروپىلان يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن
چاغدا دېرىزىدىن ئاقسارايىنىڭ يەنە بىر چىملىقىدا نۇرغۇن ئادەم-
لەرنىڭ توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار فوردنىڭ كېلىپ
ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىر تۈركۈم ئەمەلدار-
لار ئىدى! نىكسون كۆزلىرىنى ئازاب بىلەن يۇمۇۋالدى، پات
خانىم ئىككىسى ئاندىرو ھاۋا ئارمىيە ئايروپورتىغا بارغاندىن

كېيىن، ئۆزلىرى دائىم ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان «ھاۋا ئارمىيە — 1» ناملىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، نىكسوننىڭ يۇرتى كالىفورنىيە شتاتىغا قايتىپ كەلدى. ئەمدىلىكتە، بۇ يەردە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ سەكسەن ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتقان نىكسوننى ھەممىدىن بەك ئازابلاۋاتقىنى ھەرگىزمۇ 1974 - يىلىدىكى «يورۇق بىنا ۋەقەسى» بولماستىن، بەلكى ئايالى پات خانىمنىڭ ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى ئىدى. نىكسوننىڭ كۆزلىرى ئۇ ئەينى چاغدا ئاقسارايغا كىرگەن ۋاقىتتىكىدەكلا چاقناپ تۇراتتى، ئۇ زىياپەت سورۇنىدا ئولتۇرغان مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى:

— مەن ئۆزۈمنىڭ سەكسەن ياشقا كىرىپ قالغىنىمنى ئويلىغىنىمدا بىرئاز ئۈمىدسىزلىنىۋاتىمەن. مەن 1913 - يىلى تۇغۇلدۇم، شۇڭا، دۆلىتىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەن تۆت مەيدان ئۇرۇشنى — بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى، چاۋشيەن ئۇرۇشىنى ھەم ۋيېتنام ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ سىياسىي ھاياتىمدا XX ئەسىرنى تىنچلىق ئەسىرى بولۇشقا يېتەكلەيدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشنى ئەڭ ئاساسلىق نىشان قىلدىم!

قىزغىن چاۋاكلار نىكسوننىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئۈنچىلىرىنى پەيدا قىلدى، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— 1974 - يىلى تەختتىن چۈشكىنىمدىن بۇيان، مەن ئىزچىل تۈردە ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ئۇرۇش بىلەن ھەپىلىشىپ كەلدىم! يەنى ئاقسارايدىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىم ئارىسىدىن ئۆز نامىمنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردۈم. مەن بۇ كۈرەشنى ئۆز ئۇسلۇبۇم بويىچە ئېلىپ باردىم: ھېچكىمدىن ئەپۇ سوراپ يۈرمىدىم، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بوينۇمنى قىسىپ تۇرۇپ ئۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئىدى دېمىدىم! ئەلۋەتتە، مەن

ھازىرمۇ بىر مەغلۇبىيەتچى ھېسابلىنىشىم مۇمكىن، چۈنكى،
«يورۇق بىنا ۋەقەسى»نى، مېنىڭ ئىستېپا بەرگىنىمنى ھەمدە
فوردنىڭ مېنى كەچۈرۈم قىلىشۋەتكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قى-
لالمايدۇ! لېكىن، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە شۇنى جاكارلى-
ماقچىمەنكى، مەن ئۆز نامىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە
غەلىبە قىلدىم!...

قىزغىن چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرى ئۈزۈنغىچە ئۈزۈلمى-
دى. ماگنىي چىراغلارنىڭ لاپ - لاپ قىلىپ يېنىشى سورۇن
كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. نېكسونغا هاراق ئاز - تولا
تەسىر قىلغان بولۇپ، چىرايىغا قىزىللىق تېپىپ چىققانىدى...

كېچە ئاسمىنىدا ئاي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈمۈش-
تەك نۇرلىرى ئاپئاق قار توزۇندىلىرى بىلەن ئورالغان دەرەخ
شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، داچىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىنى
يورۇتۇپ تۇراتتى. نېكسون ئايالى پات خانىمنى قولتۇقلىغىنىچە
چىملىقتا ئاستا قەدەملەر بىلەن ئايلىنىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ
ئالدى تەرەپتىكى بىنانىڭ بىر دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان
چىراغ يورۇقىغا سەپسالغاچ، ئايالىغا پىچىرلىدى:

— پات، 1937 - يىلى ئىككىمىزنىڭ ۋىتىېر ئىنستىتۇتىدا
تونۇشقان ۋاقتىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ كۈنى سىلەر بىر تىياتىرنى
گىرىملىك رېپېتىتسىيە قىلغانىدىڭلار. شۇ كۈنىمۇ ئاي مۇشۇن-
داق يورۇپ تۇراتتى. مەن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، چاچلىرى
ئالتۇندەك سېرىق بىر چىرايلىق قىزنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا
كۆيۈپ قالدىم. ئۇ دەل سىز ئىدىڭىز. مەن بېرىپ سىزنى تانىسغا
تارتتىم. لېكىن، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ
مېنى رەت قىلىۋېتىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن. شۇ چاغدا
مەن بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم!

— توغرا، — دېدى پات خانىم هاسىسىغا تايانغىنىچە كۈلۈپ
تۇرۇپ. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ شالاڭ چاچلىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ

كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇمۇ ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى خىيال قىلغىنىچە پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى، — سىز ئۇ چاغدا يەنىلا باتۇرلۇق قىلدىڭىز، ماڭا «مېنى رەت قىلماڭ، چۈنكى هامان بىر كۈنى مەن سىزنى ئەمرىمگە ئالىمەن» دېدىڭىز. ها… ها…، كىم بىلسۇن، كېيىن مەن راستتىنلا نىكسون خانىم بولۇپ قالدىم!…

— هەي، سىز ئاقسارايغا كىرگەن زوڭتۇڭ خانىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ تەلەيسىز خانىم بولۇپ قالدىڭىز – دە.

نىكسون پات خانىمنى يۆلىگىنىچە خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇرغان بىر توپ لىمون دەرىخىنىڭ قېشىغا كەلدى ھەمدە كېسەلچان ئايالىنى نىكېل يالىتىلغان چاقلىق ئورۇندۇققا ئاستا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويدى.

— ياق! مەن ئۆزۈمنى تەلەيسىز دەپ ئويلاپ باقمىدىم، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان سىزدەك بىر ئادەمگە ھەمراھ بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ ھېسابلايمەن!

پات خانىم شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. نىكسون ئۇنىڭ قان تۈكۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاي يورۇقىدا ناھايىتى ئېنىق كۆردى ھەمدە ئايالىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئاجىز مۈرىسىنى ئاستا سىلىغىنىچە:

— پات، سىزنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىراي! — دېدى.

پات خانىم يەنە قان تۈكۈردى!

## مۇشكۇل شارائىت ئاستىدا يەتتە پارچە كىتاب يازدى

— پات، بۈگۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى نىكسون بىرنەچچە تال شامنى ئايالى پات خانىم

ياتقان كارىۋاتنىڭ بېشىغا قويۇپ يورۇتقاچ.

— بىلمەيمەن.

بىر مەزگىل كېسەل ئازابىنى تارتقان پات خانىم بەكلا ئورۇقلاپ، ئىسكىلىتتەكلا بولۇپ قالغان، ئىلگىرى، ئاقسارايدا توق قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەكنى كىيگىنىچە ئاممىۋى سورۇنلاردا پەيدا بولىدىغان سىلما كاتارىنا پاترىئوئا ئايالغا خاس جەزبىدار تۇرقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بولۇپ، چىرايى كېسەل دەردىدىن ساماندەك سارغىيىپ ئالتۇندەك سايپېرىق چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كارىۋاتتا ياتقىنىچە بەدىنى يەنىلا ناھايىتى مەزمۇت تۇرغان ئېرىگە سەپسالدى. ئۇچىسىغا ئادەتتىكى كەنت ئاھالىلىرىگە ئوخشاش قىسقا يەڭلىك مايكا كىيىۋالغان نىكسون ئايالىنىڭ تاماق يېيىشى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلاپ بېرىلگەن يۇمىلاق شىرەنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە تال شامنى ياندۇرغاندىن كېيىن، مۇلازىمىنىڭ قولىدىكى كالا گۆشى، چۈجۈق، تۇزلانغان كالا گۆشى ۋە ياغدا قورۇپ پىشۇرۇلغان ياڭيۇ، تۇخۇم قورۇمىسى، كۆكگېزەك قاتارلىقلارنى شىرەگە رەتلىك قىلىپ تىزدى، ئاندىن ۋالىلداپ تۇرغان ئىككى ئەينەك رومكىغا قىپقىزىل ۋىنونى تولدۇرۇپ قويدى - دە، ئايالىغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەللىك ئۈچ يىل ئىلگىرى، بىز جەنۇبىي كالىفورنىيە شتاتىدىكى ۋىتېر ئىنستىتۇتىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنىدۇق! ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ كۈنىمۇ ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى، بىز باشتا ۋىنو ھارىقى ئىچتۇق، ئاندىن ئۇزاق سۆيۈشتۇق! پات، بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ توي قىلغانلىقىمىزنىڭ خاتىرە كۈنى ئەمەسمۇ!

— ھە؟ — پات خانىمنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا شۇ ھامان تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. نىكسوننىڭ گېپى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى گۈزەل ئەسلىملەرنى ئويغاتقانىدى.

ئۇ نىكسوننىڭ خۇشاللىقتىن قىزىللىق يۇگۇرۇپ تۇرغان چىرايىغا ۋە ئاقارغان چاچلىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەتلىك ھېسسىيات بىلەن نەزەر سالدى. بۇ — نىكسون 1 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ سەكسەن ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سېرىنگۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى تارقىلىپ تۇرغان ياز ئاخشىمى شاملارنى يورۇتۇپ، ئايالى پات بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ ئەللىك ئۈچ يىللىق خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەتراپلىق پىلانلىغان يەنە بىر قېتىملىق كەچلىك زىياپىتى ئىدى. بۇگۈنكى بۇ زىياپەتكە ھېچقانداق مېھمان، ھەتتا نيۇيوركتا تۇرۇۋاتقان ئىككى قىزى ۋە كۈيئوغۇللىرىمۇ چاقىرىلمىغان بولۇپ، پەقەت ئىككىسىلا چىراغ يورۇقىدا، ئاستا قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قۇتلۇق خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەشتى.

— پات، مەن سىزگە ھەقىقەتەن ئۆۋال قىلدىم! 1974 ـ يىلى زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقان چېغىمدا، بەزىلەر سىزنى يىگىرمە بەش كىشىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىي مۇلازىمەتچىلەر مەسلىھەت كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە تەيىنلەش پىكرىنى بەرگەنىدى، — دېدى نىكسون پۇشايمان تەلەپپۇزىدا ئىمجان ياتقان ئايالىغا، — ئۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن بولسىڭىز، خېلىلا كۆپ ئىش ھەققى ئالالايتتىڭىز، ۋەزىپىڭىزمۇ ئېغىر ئەمەس ئىدى، سىزگە تولىمۇ باپ كېلەتتى. لېكىن، مەن ئۆزۈم ئىمزا قويۇۋەتسەملا پۈتىدىغان شۇ ئىشتا كەتكۈزۈپ قويدۇم. زۇڭتۇڭنىڭ ئايالىنى ھەرقانداق بىر ۋەزىپىگە قويماسلىق توغرىسىدا قانۇن خاراكتېرلىك بۇيرۇق چۈشۈردۇم. شۇڭا… ھەي!

— ئۇ ئىشلار ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى پات خانىم بىر يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن، — ھازىر مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىم، سىز يازغان ھېلىقى كىتابلار تېزرەك نەشر قىلىنسا بولاتتى. شۇ چاغدا، سىزنىڭ نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى كۈرىشىڭىز ئەمەلگە ئاشقان

بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇھىم ئەمەس! ...

نىكسون شامنىڭ يورۇقىدا كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۆزىنىڭ بۇ ۋاپادار ھەم ئاق كۆڭۈل ئايالىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. پات خانىمنىڭ چىرايىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلاردىن ئۇنىڭ ئاقسارايدىن كالىفورنىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تارتقان رىيازەتلىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. نىكسون ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان زۇڭتۇڭلۇقتىن تۇيۇقسىزلا ئاددىي بىر پۇقراغا ئايلانغان، ھەتتا «يورۇق بىنا ۋەقەسى» تۈپەيلىدىن گۇناھكار بولۇپ قالغانىدى. ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن بىرىنچى يىلى، ئۇ سەھرادىكى بۇ داچىسىدا كۈنلىرىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا پات خانىم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

«ئۆز كەچۈرمىشلىرىڭىزنى نېمىشقا كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقمايسىز؟ سىزنىڭ ئاجايىپ شانلىق كۈنلىرىڭىز بولغانغۇ؟ سىز 1946 ـ يىلى ھەم 1948 ـ يىلى ئىككى قېتىم پارلامېنت ئەزاسى بولغان، 1950 ـ يىلى كېڭەش پالاتاسىغا كىرگەن، 1952 ـ يىلى ھەم 1956 ـ يىلى ئىككى قېتىم ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان ئەمەسمىدىڭىز؟ سىز كالىفورنىيە شتاتىدىكى ئاددىي بىر پۇقرانىڭ ئوغلىدىن قەدەممۇقەدەم ئۆرلەپ، زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقتىڭىز. بۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشمۇ؟»

پات خانىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نىكسون قانداقتۇر بىر يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولدى! «توغرا، قولۇمدا قەلەم تۇرسا، ‹ئەسلىمە› يازسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ نامىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالامدىم؟» نىكسوننىڭ ئۆزىگە بۇنداق ئىشىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇشتىن ئىلگىرىلا، «ئالتە قېتىملىق كرىزىس» ناملىق بىر پارچە كىتاب

يازغان، ئۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئامېرىكىدا ناھايىتى بازار تاپقانىدى. ھازىر ئۇنىڭغا يېزىقچىلىق قىلىدىغان ۋاقىت ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، نېكسوننىڭ تۇرمۇشىغا باشقىچە جان كىردى، ئۇ پات خانىمنىڭ قوللىشى ئاستىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ، «نېكسوننىڭ ئەسلىمىسى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقتى، بۇ كىتاب نەشردىن چىقىشى بىلەنلا بازارلىق كىتابقا ئايلاندى! ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ يەنە «ھەقىقىي ئۇرۇش»، «ھەقىقىي تىنچلىق»، «رەھبەرلەر»، «ئۇرۇشماي غەلىبە قىلىش» ھەمدە تېخى پۈتمىگەن «تىنچلىق ئۈچۈن» ناملىق كىتابلارنى يازدى. رىچارد نېكسوننىڭ نامى بىلەن نەشر قىلىنغان بۇ كىتابلار ئامېرىكا خەلقىگە بۇ سابىق زۇڭتۇڭنى قايتىدىن تونۇتتى، ئامېرىكىلىقلار شۇ كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق بۇ سابىق زۇڭتۇڭنى قايتىدىن چۈشەندى ھەمدە ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى!

1975 - يىل كۈزدە، نېكسون ئېغىر كېسەلگە — ۋېنا ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. بالا كەلسە قوش كېلىپتۇ دېگەندەك، ئۇ ۋەزىپىسىدىن چۈشۈشكىلا پەيدا بولغان بۇ كېسەل ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالدى. شۇ چاغدا، ئۇ بەكلا يالغۇزسىراپ قالغان بولۇپ، بۇرۇن ئۆزى بىلەن ھەمكارلاشقان كىسسىنگېر، روگىس، خايگېر قاتارلىقلاردىن باشقا ياخشىچاق بۇرادەرلىرى ئۇنى ئېزدىمەس بولۇۋالغانىدى. نېكسون ئەسلىمە يېزىش بەدىلىگە ئېرىشكەن قەلەم ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامداۋاتقاندا، ئايالى پات خانىم ئۇنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن نۇرغۇن چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەك تەس، ناۋادا سىز نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دەيدىكەنسىز، ئالدى بىلەن ئامېرىكىنى نەزەردە تۇتۇشىڭىز، ئامېرىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كې-

لىدىغان يېڭىچە بىر يولنى تېپىپ چىقىپ، كىشىلەرگە ئۆزىڭىزنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىڭىزنى، «يوروۋق بىنا ۋەقەسى» تۈپەيلىدىن بىراقلا غايىب بولۇپ كەتمىگەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك!...

نىكسون ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. چۈنكى، ئۇ تەختتىن چۈشۈپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاقسارايىنىڭ يېڭى خوجايىنى فورد، ئەينى چاغدا نىكسون ئۆزى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا كۆرسەتكەن بۇ جۇمھۇرىيەتچى نىكسوننىڭ قولىدىن زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلەتكەن ئادەملىرىنى قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي قىرقىپ تاشلىدى. بولۇپمۇ نىكسونغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى شۇ بولدىكى، فوردنىڭ قول ئاستىدىكى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا نىكسوننىڭ يېقىنلىرىنى چۈشۈرىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ يۈردى. بۇلار ئەينى چاغدا نىكسونغا خۇشامەت قىلىپ ھالى قالمىغان كىشىلەر ئىدى. پاتنى غەزەپلەندۈرگەن يەنە بىر ئىش شۇكى، 1976 - يىلى ئامېرىكىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋاشىنگتوندا مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرغاندا، نىكسوننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى!

— بۇ تارىخنى بۇرمىلىغانلىق ئەمەسمۇ! كىم ئۇلار ئۇچۇن شان - شەرەپ قازانغان؟ كىم ئۇلارغا ۋەكىل بولۇپ، زۇڭتۇڭ سايلىمىدا تۇنجى قېتىم دېموكراتلار پارتىيىسىنى مەغلۇپ قىلالىغان؟ ئۇ دەل سىزغۇ! لېكىن ئۇلار ئەمدى سىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇ! — پات خانىم ئەلەمگە چىدىماي يىغلاپ تاشلىدى، — رىچارد، فورد ياخشىلىقىڭىزغا جاۋاب قايتۇرماقتا يوق، تېخى ئۇستىڭىزگە يۇندا چېچىۋاتىدۇ!

ئۇ نىكسونغا قانداق قىلغاندا ئۆز نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەزى چارە - تەدبىرلەرنى كۆر-

سەنتى. ئىلگىرى نىكسوندىن جىق ياخشىلىق كۆرگەن يېڭى زېۋى-
تۇڭ فورد جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇل-
تىيى چاقىرىلىش ھارپىسىدا، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى
زۇڭتۇڭى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە ئۆز قارا-
رىنى جاكارلاپ: «مەن نىكسوننىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى
سادىر قىلغان بارلىق گۇناھلىرىنى شەرتسىز ھالدا كەچۈرۈم
قىلىۋەتتىم!» دېگەن، پات خانىمنىڭ بۇنىڭغا تېخىمۇ غەزىپى
ئۆرلىگەنىدى.

— پات، بۇ مەن ئۈچۈن نومۇس! — نىكسون ئايالىغا مۇنداق
دەپ قەسەم بەردى، — مېنىڭ «ھىيلىگەر ئادەم» دېگەن لەقىمىم
تاھازىرغىچە يوقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ
ياخشى ئادەم دەپ ھېسابلايمەن! بۇركۈت بەزىدە توخۇدىنمۇ پەس
ئۇچۇپ قالىدۇ، لېكىن، توخۇ بۇركۈت ئۇچقان پەللىگە مەڭگۈ
يېتەلمەيدۇ! مەن ئۆزۈمگە خاس غەيرەت بىلەن بۇ ئار - نومۇسنى
يۇيۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىمەن!

— ياخشى، رىچارد، سىز ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم! —
نىكسون ئەينى چاغدا ئەنە شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، مانا
مۇشۇ ۋاپادار ھەمراھى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، — كىتابلا يازسى-
ڭىز بولمايدۇ، سىياسىي ساھەدىكى نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش ئۈچۈن، سىز ئۆيگە بېكىنىۋالماي، ئاممىۋى سورۇنلارغا
كۆپرەك قاتنىشىشىڭىز كېرەك!

— توغرا، بۇ ياخشى تەكلىپ بولدى! — نىكسوننىڭ كۆزلىد-
رى نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ پات خانىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىمدى-
غىنىچە، — مەن دۇنيانى ئايلىنىمەن، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي
پائالىيەتلەرگە قاتنىشىمەن... — دېدى. بىراق، نىكسون ئېسىل
قورۇملارنى تەييارلاپ، پات خانىم بىلەن ئوبدانراق مۇڭدىشىشقا
تەمشىلىۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىزلا قاتتىق يۆتىلىپ، ھوشىدىن كې-
تىپ قالدى، چىرايى تامدەك ئاقىرىپ، ئاغزىدىن شۆلگەي ئې-

قىشقا باشلىدى. چۈچۈپ كەتكەن نىكسون ئۇنى يۆلىدى:
— پات، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ...
لېكىن، پات خانىم ئويغانمىدى، ئۇ شۇ ياتقىنىچە ئەتىسى تىنىقتىن قالدى. بۇ ياشىنىپ قالغان نىكسون ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر زەربە بولدى.

## پات «بېيجىڭ، سىزنى قارشى ئالىدۇ!» دېدى

1994 ـ يىل 7 ـ ئايدا، نىكسون ئىككى قىزىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزى تۇغۇلغان جاي — كالىفورنىيە شتاتىدىكى بارىندا بازىرىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كونا ئۆيى يەنە بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. ئىككى قەۋەتلىك ئاددىيغىنە بۇ ئۆيىنىڭ قىزىل رېشاتكىلىرى ئاپتاپتا پارقىراپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدا بۇككىدە ئۆسكەن قىزىل ئارچىلار، كەينىدە بولسا سۇ كۆلچىكى بار ئىدى. «پات، مەن يەنە قايتىپ كەلدىم!» دېدى نىكسون ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئۇ 1974 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئايالى پات خانىم بىلەن ئۆزۈن مەزگىل پىنھان تۇرمۇش كەچۈرگەن بۇ كونا تۇرالغۇسىغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ كەتتى ھەمدە پات خانىمنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەللىك ئۈچ يىللىق ئىناق ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىدە باشتىن كەچۈرگەن ئىشلىرىنى ئېسىگە ئالدى...
— پات، مەن تەختتىن چۈشكەن بىر مەغلۇپ سىياسەتچى تۇرسام، دۇنيانى قانداقمۇ ئايلىنالايمەن؟ كىم مېنى قارشى ئالىدۇ؟
نىكسون ئون نەچچە يىل ئىلگىرى مۇشۇ دەرەخلىكتە ئايالى بىلەن كېچە سەيلىسى قىلىۋېتىپ شۇنداق دېگەنىدى.
— جۇڭگو! ئۇ يەر سىزنى چوقۇم قارشى ئالىدۇ! — دېگەنىدى پات خانىم چىرايلىق كىرپىكلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ،

نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان غەمكىن ئېرىگە، — چۈنكى، جۇ ئېنلەي، ماۋ زېدۇڭلار ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرى سىزنىڭ 1972 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئامېرىكىغا نەچچە ئون يىللىق تاقاق ھالەتتە تۇرغان جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى يۈرەكلىك ھالدا ئېچىپ بەرگەنلىكىڭىزنى، جۇ ئېنـ-لەي بىلەن «شاڭخەي ئاخباراتى»نى ئىمزالىغانلىقىڭىزنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالمىدى! جۇڭگولۇقلار دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ، شۇڭا ئۇلار سىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭىز بىلەن ھېسابلاشماي، يەنىلا سىزگە دوستانە تەكلىپنامە ئەۋەتىشى مۇمكىن.

— بۇ... مۇمكىنمۇ؟ — ئايالىنىڭ گېپى نېكسوننى روھلاندۇ-رۇۋەتتى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئايالىغا، — نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئەڭ ئاۋۋال ئاچقان ئادەم ھېنرى دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشى-لاش پىكرىنى ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان ئادەمنىڭ مەن ئىكەن-لىكىمنى ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا بىلىدۇ! 1965 ـ يىلى، مەن تەيبېيدىكى يۈەنشەن مېھمانخانىسىدا ئاقسارايىنىڭ يۇقىرى دەرىجە-لىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خېلىك ئەنشى بىلەن تاماقتا بىللە بولغان چېغىمدىلا، ئۇ مېنىڭ گېپىمدىن چۆچۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى، مەن ئۇ چاغدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ بىر كونا سىياسەتچىسى، تەيبېي بىلەن ئالاقىسى قويۇق ئادەم بولساممۇ، خېلىك ئەنشىگە: جياڭ جيېشىنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى چوڭ قۇرۇقلۇققا مەڭگۈ ھۇجۇم قىلالمايدۇ، شۇڭا مەن ئامېرىكا جۇڭ-خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى تېزرەك ياخشىلىشى كېرەك دەپ ئويلايمەن دېگەنىدىم...

— سىز نېمىدېگەن يۈرەكلىك! — دېدى پات خانىم كۈلۈمـ-سىرەپ تۇرۇپ، — خېلىك ئەنشى ئۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەندۇر ـ ھە!

نېكسون پاتنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى

كىچىك يولنى بويلاپ ماڭدى. سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە ئۇلارنىڭ شولىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. نېكسون ناھايىتى روھلۇق ھالدا مۇنداق دېدى:

— خېڭ ئەنشى چۆچۈپ كەتمىدى، بەلكى قورقۇپ كەتتى! ئۇ ماڭا ئۆيدە نۇرغۇن مەخپىي تىڭشىغۇچ بارلىقىنى، تەيۋەن ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئەسكەرتتى. لېكىن مەن قورقمىدىم، مەن ئۇ گەپنى دېگەن چاغ مەن ئاقسارايغا كىرىشتىن تۆت يىل بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى. ئالتە يىل كېيىن، مەن كېسىنگېرنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغانلىق خەۋىرىنى ئېلان قىلدىم! پات، ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش خىيالىمنى ھېنرىغا تۇنجى قېتىم دېگەن چېغىمدا، ئۇمۇ ئەينى چاغدىكى خېڭ ئەنشىدەك چۆچۈپ كەتكەنىدى...

نېكسون كۆلچەكنىڭ ئەگىمىسىدە تۇيۇقسىز توختاپ قالدى ھەمدە بايىقى خۇشاللىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— بىراق ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، جۇڭگو ئاللىبۇرۇن تەختتىن چۈشكەن مەندەك بىر سابىق زۇڭتۇڭغا تەكلىپنامە ئەۋەتەرمۇ؟

— چوقۇم ئەۋەتىدۇ، سىز ئەنسىرىمەڭ، بېيجىڭغا مەنمۇ بارغان. ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ئالماشقان بولسىمۇ، سىزنىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قوشقان تارىخىي تۆھپىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

شۇ تاپتا پات خانىمنى نېكسوننىڭ غەمكىن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، ئۇنى سىياسىي ساھەگە قايتا قەدەم تاشلاشقا ئۈندەۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئۈچىنچى بىر شەخس ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىزگە رەسمىي يوسۇن-

دا تەكلىپنامە ئەۋەتىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز جۇڭگونى قايتا زىيارەت قىلسىڭىز، خەلق سارىيىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشسىڭىز، ئۇ چاغدا، سىز بىر يېڭى يۇلتۇزدەك ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىسىز! بۇ سىزنىڭ سىياسىي ساھەدىكى نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىڭىزنىڭ تۇنجى مۇھىم قەدىمى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن…

پات خانىم كالىفورنىيە شتاتىنىڭ بارىندا بازىرىدىكى بۇ ئۆيدە بېيجىڭنىڭ جاۋابىنى ساقلاۋاتقاندا، نىكسون باش چۆكۈرۈپ «رەھبەرلەر» ناملىق كىتابىنى يېزىۋاتاتتى. بېيجىڭ كونا دوستى نىكسوننى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بېيجىڭنىڭ نىكسوننى قايتا زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن تەكلىپنامىسى يېتىپ كەلگەن چاغدا، نىكسون بىلەن پات خانىم ھاياجانلانغىنىدىن چىڭ قۇچاقلىشىپ: «بىز دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتۇق!» دەپ توۋلىشىپ كەتتى نىكسون بىلەن پات خانىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا، نىكسون بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا دېڭ شياۋپىڭ بىلەن يۈزتۇرانە ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە پات خانىمنىڭ قوللىشى ئاستىدا تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر جۇڭگونى تۆت قېتىم زىيارەت قىلدى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى موسكۋاغا ئون قېتىم باردى! ئۇ ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىدىكى شەخس بولۇپ قالدى! «يورۇق بىنا ۋەقەسى» دىكى سەتچىلىكلەرمۇ ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ دۇنياغا كەڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ئەجايىپ پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى!

— رىچارد، مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشقا: ئۆز نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىڭىزگە ھەمدەم بولۇۋاتىمەن! — سۈپسۈزۈك كۆلچەكنىڭ بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇر-

غان نىكسوننىڭ قۇلاق تۈۋىدە مەرھۇم ئايالى پات خانىمنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قايتا ياڭرىغاندەك بولدى، — سىز خەلقئارادا ئۆزىڭىزگە خاس يول ئاچتىڭىز، لېكىن، نامىمنى ھەقىقىي تۈردە ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دەيدىكەنسىز، ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئۆزىڭىزنىڭ قەيسەر ئوبرازىڭىزنى تىكلىشىڭىز كېرەك! ئاممىغا ئۆزىڭىزنى نامايان قىلسىڭىز، ئامما سىزنىڭ چىرايىڭىزنى كۆرسە، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىسا، سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى ھەم يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى چۈشەنسە ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز!

نىكسون شۇ چاغدا دولىسىنى چىقىرىپ:

— لېكىن، ئامېرىكىدا ماڭا نۇتۇق سۆزلىگۈدەك پۇرسەت بولمىسا! — دېۋىدى، پات خانىم مۇنداق دېدى:

— پۇرسەتنى ئۆزىمىز ياراتامدۇق! بىز تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلىشايلى، ئۇلار ئەڭ ياخشى مۇخبىرىنى تاللاپ ئەۋەتىپ، ئەڭ ياخشى ۋاقىتتا سىزنى ئۇدا بىرنەچچە كۈن زىيارەت قىلسۇن. شۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ سىياسىي ساھەدىكى نۇرغۇن كۆز قاراشلىرىڭىزنى ئامېرىكا خەلقىگە چۈشەندۈرەلەيسىز! بۇ ئىشنى مانا مەن ئۆزۈم توغرىلاي، سىز ئۆز قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەيدىغانغا تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويسىڭىزلا بولدى!

كېيىنكى كۈنلەردە، پات خانىم راستىنىلا ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى تونۇش - بىلىشلىرى ئارقىلىق ئامېرىكىدا ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ مەشھۇر ھېسابلىنىغان تېلېۋىزىيە مۇخبىرى داۋى فروستنى ئىزدەپ تاپتى. بىراق، پات خانىم ئۇنى نىكسوننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغاندا، فروست ئىنتايىن يۇقىرى باھانى تىلغا ئالدى، يەنى نىكسون نەچچە يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ھەق تۆلىسە، ئاندىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئۇنى ئەڭ ياخشى ۋاقىتتا تېلېۋىزورغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىنى

ئېيتتى. نىكسون بۇ باھانى ئاڭلاپ دەسلەپتە چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئۈچ كىتابىنىڭ قەلەم ھەققىگە تەڭ پۇل ئىدى!

— پۇل قانچىلىك نېمىتى؟ ئۇ دېگەن بىر قوشۇمچە بۇيۇم، خالاس، سىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ قەلبىدە ئۆز ئوبرازىڭىزنى قايتىدىن تىكلىيەلىسىڭىزلا، پۇل دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق!

پات خانىم نىكسوننىڭ بۇ ئىشتا ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، 1976 ـ يىل قىشتا نىكسوننىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە يوقىلىپ كەتكەن سىيماسى يەنە تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئامېرىكا خەلقىگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قوللىنىشقا تېگىشلىك يېڭىچە تاشقى سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بىز خەلقئارادا قانداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتىمىز؟... ئامېرىكا دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەرخىل مەسئۇلىيەتنى داۋاملىق ئادا قىلىشى كېرەك. ئامېرىكا ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرمىسا بولمايدىغان ئۈچ ساھە بار، ئۇ بولسىمۇ روسسىيە، جۇڭگو ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، — نىكسون ھەتتا تەنبىھ بېرىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا ئاقسارايغا قارىتىپ مۇنداق دېدى، — دۇنياغا ئامېرىكىدىن باشقا كىم ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى، ئەمدى بۇ ۋەزىپىنى باشقىلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دېيىشىۋاتقۇدەك...

ئامېرىكىنىڭ لوس ـ ئانژېلېس، سان فرانسىسكو، چىكاگو قاتارلىق ئون نەچچە شەھىرىدە نەچچە مىليونلىغان ئادەم نىكسوننىڭ تېلېۋىزىيە نۇتقىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىمۇ يېڭىۋاشتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى!

نىكسوننىڭ بىرجۈپ چېچەن كۆزى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قىزىل ئارچىلارغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇ 1978 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پات خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان

بىلەن كېنتوككى شتاتىغا بارغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇمۇ نىكسوننىڭ ئۆز نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، كېنتوككى كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىنىڭ ئالدىدا كىشىلەر قىستىلىشىپ تۇراتتى. نىكسون بىلەن پات خانىم ئەڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغان مېھمانلار قاتارىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ كۆڭۈل ئېچىش مەركىزىنىڭ لېنتىسىنى كەستى. ئۇلارنى نەچچە ئون مىڭلىغان ئاما ئورىۋېلىشتى، كىشىلەر ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان قىپقىزىل پلاكاتلارغا «نىكسون 80 ـ يىللاردىكى ئۇلۇغ ئادەم» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغانىدى! ئۇزاق ئۆتمەيلا، نىكسون يەنە ئايالى بىللە بىلەن سان فرانسىسكوغا بېرىپ، بىر قېتىملىق كاتتا نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلدى، رەئىس سەھنىسىنىڭ يېنىدىكى ئوركېستىر ئۇ سەھنىگە چىقىشى بىلەنلا «دۆلەت باشلىقىغا سالام» ناملىق مۇزىكىنى ئورۇندىدى! ئۇ «نىكسون مەركىزى» دە نەچچە ئون مىڭ ئاممىغا تۇنجى قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇنىڭ نۇتقىنى ئۈزۈلمەي ياڭرىغان ئالقىش ساداسى بىرنەچچە قېتىم ئۈزۈپ قويدى. نىكسون بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، ئۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق ئادەم ئوتتۇرىغا چىقمىدى. نۇتۇق سۆزلەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، نىكسون ئەر ـ ئايال ئىككىسىنى ئاما ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى، نۇرغۇن خاتىرە دەپتەرلەر ئۇنىڭغا سۇنۇلدى، نىكسون ناھايىتى ئىپتىخارلانغان ھالدا ئۆزىگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە «رىچارد نىكسون» دەپ ئۆز ئىسمىنى يېزىپ بەردى! ئامېرىكىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ژۇرنال — «ھەپتىلىك خەۋەرلەر» نىڭ مۇقاۋىسىغا نىكسوننىڭ يوغان رەڭلىك سۈرىتى بېسىلدى ھەمدە «نىكسون: قايتىپ كەلدىڭىزمۇ!» سەرلەۋھىلىك مەخسۇس ماقالىمۇ ئېلان قىلىندى!

«پات، ‹يورۇق بىنا ۋەقەسى› ھەم ئۆزۈمنىڭ ۋەزىپەمدىن

ئىستېپا بەرگىنىمنىڭ پەقەتلا بىر كېلىشمەسلىك ئىكەنلىكىنى، ھاياتىمدىكى بىر قېتىملىق چوڭ ئوڭۇشسىزلىق ئىكەنلىكىنى، بىراق، ئۇ ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ماڭا ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزەلمەگەنلىكىنى ئەمدىلەتىن چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى نىكسون كۆلچەك بويىدا ئولتۇرغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بىراق ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، مەن ئۆز نامىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن چېغىمدا، پات، سىز يېنىمدا يوق بولۇپ قالدىڭىز، غەلىبە شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولالمىدىڭىز…»

مەيىن شامال كۆلچەكتىكى سۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى، نىكسوننىڭ سۇدىكى شولىسى يېنىك بىر تەۋرەندى - دە، مەيىن دولقۇنغا ئايلىنىپ، ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كەتتى…

## نىكسوننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىيارەتكە چىقىشى

ئامېرىكىنىڭ شەرقىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى خودسون دەرياسى ئېغىزىغا جايلاشقان نيۇيورك شەھىرىگە گۈگۈم پەردىسى يېپىلغانىدى. لىبېرتى ئارىلىدىكى ئېگىزلىكى قىرىق ئالتە مېتىر كېلىدىغان ئايال ئىلاھىنىڭ ھەيكىلى قولىدىكى مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە كۆپكۆك دېڭىزغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى كانىيېل داۋالاش مەركىزىنىڭ بالنىتسا بىناسىدا تۆت كۈن ئاۋۋال تۇيۇقسىز سەكتە بولۇپ قالغان سابىق زۇڭتۇڭ رىچارد نىكسون ھېلىھەم بىھوش ياتاتتى. زۇڭتۇڭ كلىنتون بۇ داۋالاش مەركىزىگە ئۆزى تېلېفون بېرىپ، دوختۇرخانىدىن تېخنىكىسى يۇقىرى دوختۇر، سېستىرالارنى تەشكىللەپ، نىكسوننى ئامالىنىڭ بارىچە قۇتقۇزۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، نىكسوننىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەنلىكتىن، پەقەتلا ھوشىغا كېلەلمەيۋاتاتتى.

ئۆيىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گۇگۇم چۈشكەن چاغدا، نىكسوننىڭ كارىۋات بېشىغا ئالاھىدە ياسالغان بىر چىراغ ئورنىتىلدى. دوختۇرلار يەنە يېڭىدىن بىر قۇتقۇزۇش ئۇسكۇنىسى ھەم قابىل دوختۇرلارنى يۆتكەپ كەلگەن بولۇپ، نىكسوننىڭ قېشىغا باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى، ھەتتا تولا يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىككى قىزىنىمۇ كىرگۈزمىدى.

چىراغ نۇرى بىھوش ياتقان نىكسوننىڭ تاتىراڭغۇ ھەم ئورۇق چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرنى بۇرۇنقىدەكلا ئېگىز ئىدى، بىراق، ئەقىل - پاراسەت چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى چىڭ يۇمۇقلۇق ئىدى. قۇتقۇزۇش ئۇسكۇنىسىنىڭ ياردىمى بىلەنلا تىرىك يېتىۋاتقان نىكسون كېسەل دەردىدىن بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى يەنىلا ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە مەرھۇم ئايالى پات خانىمنىڭ يېقىملىق سىيماسى پەيدا بولغاندەك، گويا ئۇنىڭغا: «رىچارد، قايغۇرماڭ، چۈنكى، مېنىڭ ھەم بارلىق ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە، سىز ئۆز نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتىڭىز! سىزنىڭ سىياسىي ساھەدىكى ئىناۋىتىڭىز ئەسلىگە كەلدى، ئەمدى كۆزىڭىز مەڭگۈلۈك يۇمۇلسىمۇ ئۆكۈنگۈدەك يېرىڭىز قالمىدى!» دەپ خىتاب قىلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى.

بىھوش ھالەتتە ياتقان نىكسون ئۆزى بەش يىلغا يېقىن ۋاقىت تۇرغان ئاقسارايغا قايتىپ كەلگەندەك بولۇپ قالدى. باشقىلارغا تىلسىمات ئوردىسىدەك كۆرۈنىدىغان چوڭ ساراي، ئۇنىڭغا تونۇش ئېلىپس شەكىللىك ئىشخانا، قىزىل زال، يېشىل زال، كۆك زال، شەرقىي چوڭ زال ھەم دۆلەت زىياپىتى زالى… ئۇنىڭ مېڭىسىدە يەنە ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان داڭلىق شەخسلەرنىڭ چىرايى پەيدا بولدى: كېسىنگىر،

بۇش، كات، فورد، رېگان، كلىنتون... نىكسون ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە، كىتاب يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش ۋە دۇنيانى ئايلىنىشقا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ «يوروق بىنا ۋەقەسى» تۈپەيلىدىن بىر مەھەل بۇلغانغان ئوبرازىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئامېرىكا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا يېڭىۋاشتىن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمگە ئايلاندى، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى. رېگان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، ئۇ يەنە ئاقسارايىنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە سازاۋەر مويسىپىتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ھۆكۈمەتتە ھېچقانداق ۋەزىپە ئۆتىمىگەن بولسىمۇ، مىسىر زۇڭتۇڭى سادات قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ رونالد رېگاننىڭ ۋەكىللى سۈپىتىدە قاھىرەگە بېرىپ، ساداتنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ ئۇنىڭ 1974 - يىلى ئۇشتۇمتۇت ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن خەلقئارا سەھنىدە كۆرۈنۈشى ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ نامىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئاقسارايمۇ ئېتىراپ قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نىكسوننىڭ يېڭى جىيرىسى شتاتىدىكى داچىسىنىڭ ئالدىدا پات - پاتلا ئاقسارايدىن كەلگەن ئېسىل ماشىنىلار ۋە ئاقساراي ئەمەلدارلىرى پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. نىكسون جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سابىق داھىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى ۋە بىلىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ، رېگان، كات قاتارلىق بىرنەچچە زۇڭتۇڭغا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە مەسلىھەتچى بولۇشتەك پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئاقسارايدىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى!

1993 - يىلى بىل كلىنتون ئاقسارايغا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، نىكسوننىڭ سەھرادىكى داچىسى بىلەن قىزىق لىنىيىلىك تېلېفون ئالاقىسى ئورناتتى. كلىنتون بەزىدە مەخپىي ماتېرىياللارنى نىكسوننىڭ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇنىڭ

داچىسىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسىمۇ ئوچۇق-
ئاشكارا ھالدا: «ناۋادا زوڭتوڭ كلىنتون دۇنياۋى كىرىزىسقا دۇچ
كېلىپ قالسا، ئۇ ياردەم سورايدىغان ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى شەك-
شۈبھىسىزكى نىكسون» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن نىكسوننىڭ ئامېرى-
كا زوڭتوڭىنىڭ قەلبىدىكى يۇكسەك ئورنىنى كۆرۈۋالغىلى بو-
لاتتى. شۇنىسى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدىكى، ئۇ ئۇشتۇمتۇت سەكتە
بولۇپ قېلىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، ھاۋا خېلىلا سوغۇق مەز-
گىلدە، كلىنتوننىڭ ھاۋالىسى بىلەن موسكۋاغا ئۈنىنچى قېتىم،
يەنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىيارەتكە چىقىشقا تەييارلان-
غان، ئۇ مېڭىشتىن ئىلگىرى، كلىنتون دۆلەت بىخەتەرلىك
كومىتېتىدىكى بىر ئەمەلدارنى مەخسۇس يېڭى جېرسىي شتاتىدى-
كى نىكسوننىڭ داچىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا كلىنتون ھۆكۈمىتى-
نىڭ روسىيىگە قاراتقان سىياسىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ
قويغانىدى. نىكسوننىڭ سەكسەن بىر يېشىدا كلىنتونغا ۋاكالە-
تەن ئامېرىكا - روسىيە مۇناسىۋىتىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن موسكۋاغا سەپەر قىلىشىدىكى سەۋەب: ئۇنىڭ
ئېگىلمەي - سۇنماي كۆرەش قىلىپ، يىگىرمە يىل ئاۋۋال زەربى-
گە ئۇچرىغان نام - ئابرۇيىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىلا
ئەمەس، بەلكى يەنە كلىنتوننىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە سازاۋەر
بولغانلىقى ئىدى. نىكسوننى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگىنى
شۇكى، بىر يىل ئاۋۋال ئايالى پات خانىم كېسەل بىلەن ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، كلىنتون ئۇ بۇرۇن ئولتۇرغان «ھاۋا
ئارمىيە — 1» ناملىق ئايروپىلان بىلەن پات خانىمنىڭ مېيىتىنى
يېڭى جېرسىي شتاتىدىن كالىفورنىيە شتاتىغا يۆتكەپ بەرگەنىدى.
نىكسوننىڭ كلىنتون تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تاپشۇ-
رۇقى بويىچە روسىيىگە كەينى - كەينىدىن زىيارەتكە بېرىشى
ئۆزىنىڭ كلىنتوننى روسىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈل-
مە ئىسلاھاتىنى چۈشىنىشكە ھەم قوللاشقا ئۈندىگەنلىكى بىلەنمۇ

مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىراق. نىكسوننى ئۇمىدسىزلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ئۇ ئۇلتۇرغان ئايروپىلان قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان سوغۇق روسىيە ئايروپورتىغا قونغاندىن كېيىن، ئۇنى كۈتۈۋالغىنىمۇ سوغۇق مۇئامىلە بولدى. ئۇ موسكۋادا يېلتسىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، تەختتىن چۈشكىنىگە خېلى يىللار بولغان سابىق زۇڭتۇڭ گورباچيوف بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ بۇ ئىشى يېلتسىننى تېخىمۇ رەنجىتىپ قويغاچقا، ئۇ «نىكسون مېنىڭ سىياسىي رەقىبىم بىلەن كۆرۈشۈپتۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، نىكسوننىڭ قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان كرېمل سارىيىغا كىرىشىنى رەت قىلدى. بۇ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ماھىر نىكسوننى گاڭگىرىتىپ قويدى. كلىنتون ئاقسارايدا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كرېمل سارىيىغا دەرھال ئۆزى تېلېفون بېرىپ، يېلتسىنغا نىكسوننىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىسلاھاتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ گورباچيوف بىلەن كۆرۈشۈشىنىڭ ئۆكتىچى گۇرۇھلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشنىلا مەقسەت قىلغانلىقىنى، ھېچقانداق يامان نىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ چۈشەندۈردى. يېلتسىن ئاندىن ئاچچىقىدىن يېنىپ، نىكسوننىڭ كرېمل سارىيىغا كىرىپ، روسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىگە رۇخسەت قىلدى. شۇنداقتىمۇ، دەسلەپتىلا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان نىكسوننىڭ دىپلوماتىيە ھاياتىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى دىپلوماتىيە سەپىرىگە كۆڭۈلسىز بىر توچكا ئۇرۇلۇپ قالدى. نىكسون ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، كلىنتونغا تېلېفون ئارقىلىق ئۆزىنىڭ موسكۋا سەپىرىدىن دوكلات بەرگەن چېغىدا ئۇمىدسىزلىك بىلەن:

— مەن قېرىپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى دىپلوماتىيە پائالىيىتىم بولۇشى مۇمكىن…، — دېدى.

# ئۆلگەندىن كېيىنكى ئالاھىدە شەرەپ: يامغۇردا ئۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت دەپنىسى ئۆتكۈزۈلدى

1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

يېرىم كېچە. ۋاشىنگتوننىڭ پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىي چىملىقىدا چىراغلار يورۇپ تۇراتتى، بۇ يەرگە بىر توپ مۇخبىرلار توپلىشىۋالغان بولۇپ، مۇھىم بىر خەۋەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. نىكسوننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان بەش يۈزدىن ئارتۇق ھازىدارمۇ بۇ يەرگە توپلاشقانىدى. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇلى ئەترىتى رىچارد نىكسون كۈتۈپخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئامېرىكا بايرىقىنى يېرىم چۈشۈردى. زۇڭتۇڭ كلىنتون ئاقسارايدا نىكسون ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر كۈن تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن. نىكسوننىڭ يۇرتى كالىفورنىيە شتاتىدىكى نىكسون كۈتۈپخانىسىنىڭ ئالدى ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇر ھازىدارلارنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. «ھاۋا ئارمىيە 1 - نومۇر» ناملىق مەخسۇس ئايروپىلان يېقىن ئەتراپتىكى ھەربى ئايروپورتقا قونغاندىن كېيىن، نىكسوننىڭ تاۋۇتىنى ئۈچ ئارمىيىنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتى كۆتۈرگىنىچە ھازىدارلار قىستىلىشىپ تۇرغان تارغىنە يولدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتتى. نىكسوننىڭ ئىككى قىزى جۈلى بىلەن تېرىسسىئا تاۋۇتنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. باھار يامغۇرى بارغانسېرى ئەدەشكە باشلىدى، نىكسون كۈتۈپخانىسىغىچە بولغان ئىككى كىلومېتىرلىق يولدا بىردەمدىلا نەچچە مىڭلىغان ھەرخىل رەڭدىكى كۈنلۈكلەر پەيدا بولدى. كىشىلەرنىڭ ئاھۇ زارى دەپنە مۇراسىمىنى

تېخىمۇ قايغۇلۇق تۇسكە كىرگۈزۈۋەتتى.

نىكسون كۇتۇپخانىسىنىڭ كەينىدىكى ئەتىرگۇل باغچىسىدا نىكسونغا قارا رەڭلىك مەرمەر تاشتىن قەبرە ئابىدىسى تۇرغۇزۇل- دى. تاراسلاپ يېغىۋاتقان باھار يامغۇرىدا قۇم پۇركۇش ئۇستىسى گېل ئارنېت ئۇستۇۋىشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يېرىم سائەت ئىچىدىلا نىكسوننىڭ قەبرە تەزكىرىسىنى ئويۇپ بولدى، قەبرە تېشىغا:

«رىچارد نىكسون (1913 — 1994)»

دېگەن خەتلەر يېزىلغان، قەبرە تەزكىرىسى:

«تارىخ ئۇنىڭغا تىنچلىقنىڭ ياراتقۇچىسى دېگەن ئەڭ ئالىي شەرەپنى ئاتا قىلدى!» دەپ ئويۇلغانىدى.

گېل ئارنېت يەنە نىكسوننىڭ ئىسمىنىڭ ئەتراپىغا يىگىرمە تۆت كاراتلىق ئالتۇن بىلەن يوپۇرماقنىڭ سۈرىتىنى ئويۇپ قوي- دى. بۇنداق چوڭ ھەم ئېسىل قەبرىنى ياساشقا ئادەتتە ئىككى ئاي ۋاقىت كېتەتتى، لېكىن، ۋىتېر شىركىتى نىكسوننىڭ رو- ھىنى بالدۇرراق ئەمىن تاپقۇزۇش ئۇچۇن، بەش كۇن ئىچىدىلا بۇ سەلتەنەتلىك قەبرىنى ياساپ پۇتتۇرۇۋەتتى!

نىكسوننىڭ مېيىتى دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئە- تىرگۇل باغچىسىنىڭ ئىچى يىغا - زار بىلەن تولدى. «يورۇق بىنا ۋەقەسى» تۇپەيلىدىن ئەينى يىلى يەتكۈچە ئازاب چەككەن بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كەلگەنلەر ئى- چىدە، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىل كلىنتون ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا يەنە سابىق زۇڭتۇڭ بۇش ۋە ئۇنىڭ ئايالى، رېگان ۋە ئۇنىڭ ئايالى، كات ۋە ئۇنىڭ ئايالى، فورد ۋە ئۇنىڭ ئايالى، شۇنداقلا كېيىنكى قاتارلىق مۇھىم ئەربابلار بار ئىدى. زۇڭتۇڭ بىل كلىنتون تەزىيە نۇتقى سۆزلەۋاتقان چاغدا كېيىنكى ئۇنىڭ نېمى- لەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەقەت شارىلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئى-

شىلداپ يىغلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز هالدا يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى ئىشنى— 1974 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى. نېكسون ئاقسارايىنىڭ شەرقىي چوڭ زالىدا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئايالى پات خانىم بىلەن ئاقسارايدىن يېنىپ چىققان چاغدا، كىسىنگىر ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ خەيرلەشكەن ھەمدە ئۇنىڭغا:

— تارىخ سىزنى ئۇلۇغ زۇڭتۇڭلارنىڭ بىرى دەپ هۆكۈم چىقىرىدۇ! — دېگەنىدى. نېكسوننىڭ شۇ چاغدىكى جاۋابى ھازىرمۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇراتتى. نېكسون ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— گەپ تارىخنى كىمنىڭ يېزىشىدا...

图书在版编目(CIP)数据

36位美国总统的最后岁月/窦应泰著，阿里木江·阿扎提译. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.1
ISBN 7—5371—4320—X

Ⅰ.3… Ⅱ.①阿… Ⅲ.总统—生平事迹—美国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K837.127

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第079039号

责任编辑：麦苏提·哈力提
伊力哈尔江·沙迪克
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

36位美国总统的最后岁月(4)

（维吾尔文）

窦应泰 著

阿里木江·阿扎提 译

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行 乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168毫米 32开本 8.125印张
2003年1月第1版 2003年1月第1次印刷
印数：1—2000

ISBN7—5371—4320—X/I·2009 定价:9.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى



ISBN 7-5371-4320-X
9 787537 143202 >

ISBN7-5371-4320-X
(民文)　定价:9.50 元
(1 — 4 总价:38.00 元)